# BULAK

ISSN 1005-0876



# بۇلاق

2000.6

源泉（布拉克）



# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

21 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 75 - سان

2000

باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەزىز تۇردى

# بۇلاق

## 2000 - يىللىق 6 - سان

## مۇندەرىجە


ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدىي ............ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

كىتابى ئابدۇللاھ ............ ئابدۇللاھ ئىبنى خەتىب فوسكامى (17)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت، ئىلھام ئابدۇللا

تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ............ ھېرمان ۋامبېرى (34)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: باۋۇدۇن نىياز

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئىلاھنامە ............ پەرىدىددىن ئەتتار (48)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: بۇغدا ئابدۇللا

## ئەدەبىي مۇھاكىمە


ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتشۇناسلىق ۋە شەمسى قەيسى رازىنىڭ «ئەل ـ مۇئجەم» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا ......... زەمىر سەيدۇللازادە(88)

چاغاتاي ئەدەبىياتى ......................................... ك • م • فۇئاد(95)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

شەرق ئەدەبىياتىدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ............................................ مېھرىئاي مەمتىلى(104)

ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىكى مىللىي تۈس ھەققىدە............ ............................................ نۇرنىسا باقى(109)


*　　*


خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى

نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ


*　　*

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: سۇلتان ھۈسەيىن ھۇزۇرىدا بەزمە «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار»غا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم. تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىگە ئىشلەنگەن رەسىملەر» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: تۈگمەن (ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى)

مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: ① چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقى 2 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ئەر جەسەتنىڭ باش قىسمى. ② لوپ ناھىيە سامپۇلا ئادىمىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھەيكىلى. ③ تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقى 216 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ئۇيغۇر ھەيكىلى. ④ قاش دەرياسى كۆنەس ئېقىنى بويىدىن قېزىۋېلىنغان ساكلار ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مىس ھەيكەل.

مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: قومۇلدىكى شاھمەخسۇت ۋاڭ مەقبەرىسى.

مۇقاۋىنىڭ 3 ـ، 4 ـ بېتىدىكى رەسىملەر «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

# تارىخى رەشىدىي [1]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

مولla مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### ئۇۋەيس خاننىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋالىنىڭ بايانى

سۇلتان ئۇۋەيس خان شىرئەلى ئوغلاننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۇدەك ھالەتكە يەتتى - دە، تاغىسى شىر مۇھەممەدخاننىڭ دۆلىتى سايىسىدە يۇرۇشنى ئېغىر كۆردى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قاچاقلىق ئادىتى بويىچە ھايات كەچۇرۇشكە باشلىدى. موغۇل ئۇلۇسى ئىچىدىكى نامدار ياشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئورنىنى ھىمايە قىلىش ئۇچۇن، ئۇۋەيس خاننىڭ ئالدىغا باردى. شۇلاردىن بىرى ئەمىرسەيد ئەلى ئىدى. ئۇ پېقىرنىڭ ئۇلۇغ بوۋام بولىدۇ. پېقىر ئاتا تەرەپتىن ئۇنىڭغا پەي نەۋرە بولىمەن. ئەمىرسەيد ئەلى سەيد ئەھمەد مىرزىنىڭ ئوغلىدۇر. سەيد ئەھمەد مىرزا ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئوغلىدۇر. ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ ئەھۋالىنى بۇ يەردە بايان قىلىش لازىم كۆرۇندى.

### ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ بايانى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ھېكايەت

بىلمەك كېرەككى، ئەمىر خۇدايداد موغۇلىستان خانلىرىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، قەشقەر ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئەسلى يۇرتى بولۇپ، ئۇنىڭغا چىڭگىزخاننىڭ زامانىدىن باشلاپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ بايانى «تارىخى رەشىدىي» نىڭ ئىككىنچى تومىدا قەشقەر ئەھۋالاتى بايانىدا زىكىر قىلىنغۇسى.

ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ ئاتىسى ئەمىر سەيد ئەھمەدنىڭ تىلىدا كېكەچلىك بار ئىدى. شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن كۆپ سۆھبەتداش بولغان كىشى بولسا، ئاندىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭقىرالايتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىمۇ ئېغىر ئىدى. ئادەتتىكى ئاۋازدىن يۇقىرىراق ئېيتىلغان سۆزنى ئاڭلىيالايتتى. ئەمىر سەيد ئەلى ئاتىسى بىلەن قەشقەر ھۆكۈمىتىگە

---

① بېشى ئۆتكىن ساندا

ئەۋەتىلدى. ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت قەشقەردە ھۆكۈم سۈردى. ئاندىن قەشقەر ئۇلۇغلىرىدىن خوجا شەرىف ئاتلىق بىر كىشى قەشقەرنى قولىغا ئالدى. ھەممە خەلق ئۇنىڭغا يۈزلەندى. ئۇ كىشى دانا ۋە ئىنچىكە تەبىئەتلىك ئادەم ئىدى. شۇڭا سەيد ئەھمەد مىرزىدىن ئاغرىنىپ يۈرەتتى. ئاخىر مىرزا ئۇلۇغبېككە ئىلتىجا قىلىپ قەشقەرنى ئۇنىڭغا تەۋە قىلدى. ئەمىر سەيد ئەھمەد قەشقەردىن قېچىپ چىقتى ۋە ئاتىسى يېنىغا بېرىپ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ۋاپات بولدى. ئەمىر سەيد ئەھمەد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى ئەمىر سەيد ئەلى بوۋىسى ئەمىر خۇدايدادنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى ئىچىدە ئەمىر سەيد ئەلىگە شەپقەت ۋە مۇھەببىتى زىيادە ئىدى. چۈنكى ئەمىر سەيد ئەلى زور گەۋدىلىك، شىجائەت ۋە ئەقىل پاراسەتتە ئەقىلنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە تەڭداشسىز ئىدى. ئۇنى سەيد ئەلى ئالىپ (سەيد ئەلى پالۋان) دەپ ئاتىشاتتى. ئەمىر سەيد ئەلى ئىسان بۇغا خاننىڭ قىزىنى ئوغلى مۇھەممەد مىرزىغا ئېلىپ بەرگەن ئىكەن. بۇ ئەھۋال كېيىن بايان قىلىنغۇسى. شۇ تويدا كۈشەككە تارتىش ئۈچۈن، ئەمىر سەيد ئەلى تامغا مىخ قېقىپتۇ. پېقىر ئۇ مىخنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، بىر كىشى ئۆرە تۇرسا يەنە بىر كىشى ئۇ كىشىنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ ئۆرە تۇرۇپ، ئۇ مىخقا قولىنى ئۇزارتسا قولى يەتمەيتتى. بەلكى يەنە ماتا گېزىدە بىر گەز ئارىلىق قالاتتى.

دېمەك، ئەمىر خۇدايداد مىر سەيد ئەلىگە باشقا پەرزەنتلىرىدىن بەكرەك ئامراق ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئەمىر تېمۇر كۆرەگاننىڭ نەسلىدىن ئەھمەد مىرزا ئاتلىق بىر مىرزا شاھرۇخ مىرزىدىن قېچىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بىر سىڭلىسى بار ئىدى. ئەمىر سەيد ئەلى ئۇ قىزنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئەمىر خۇدايداد ۋە چوڭلار بىلەن بىرگە ئارىغا چۈشۈپ كۆپ قېتىم ئەلچىلىك قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ ئىشقا رازى بولمىدى. ئۇ ئېيتتىكى: «مەن موغۇلىستاندا تۇرالمايمەن. ئەگەر مېنىڭ بىلەن ۋىلايىتىمگە بارسا ئاندىن ئۇنىڭ بۇ مەقسىتى ھاسىل بولغۇسى». ئەھمەد مىرزا پات پۇرسەتتە ئۆز ۋىلايىتىگە يولغا چىقتى. ئەمىر سەيد ئەلى ئۇنىڭ بىلەن ۋىلايىتىگە بىللە باردى. ئەندىجانغا بېرىش بىلەنلا، مىرزا ئۇلۇغبېك كىشى ئەۋەتىپ ئەھمەد مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ سىڭلىسىنى نىكاھىغا ئالدى. ئەمىر سەيد ئەلىنى بولسا سەمەرقەندكە ئاپىرىپ قامىدى. ئەمىر سەيد ئەلى بىر يىل قاماقتا ياتقاندىن كېيىن، ئىسھال (ئىچى سۈرۈش) كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. كېسەل شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بىمار ئۆلۈمگە يېقىنلاشتى. ئاخىر مىرزا ئۇلۇغبەك ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن تېۋىپلارنى ئەۋەتتى. تېۋىپلار ھەرقانچە چارە - ئاماللارنى قىلغان بولسىمۇ، نەتىجىسى بولمىدى. شۇنداق ئەھۋالدا تۇرغان كۈنلەردە بىر كىشى قىمىز ئېلىپ كەلدى. ئەمىر سەيد ئەلى تېۋىپلارغا ئىلتىماس قىلىپ: «مېنىڭ كېسىلىم دورا كار قىلىدىغان دەرىجىدىن ئۆتۈپ كەتتى، قىمىز ئىچىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، ئەگەر تېۋىپلار رۇخسەت قىلسا بىر ئىچسەم، مەيلى پايدا قىلسۇن، مەيلى زىيان قىلسۇن ئارمانىم يوق» دېدى. تېۋىپلار: «بەلكىم تەبىئىتىگە قىمىز بىر ئاز قۇۋۋەت بېغىشلار» دەپ ئۇنىڭغا ئىچىشچە قىمىز بەردى. شۇ ھامانلا ياخشىلىنىش ئالامىتى كۆرۈلدى. ئەتىسى يەنە قىمىز بەرگەنىدى، پۈتۈنلەي ساقىيىپ قالدى.

ئاشۇ كۈنلەردە مىرزا ئۇلۇغبېك بۇزرۇكۋار ئاتىسى شاھرۇخ مىرزىنىڭ خىزمىتىگە بارماقچى ئىدى، ئەمىر سەيد ئەلى ساقايغاندىن كېيىن، ئۇلۇغبېك: «ئەمىر سەيد ئەلىگە ئات ۋە ياراغ بېرىڭلار، مېنىڭ بىلەن بىللە خۇراسانغا بارسۇن» دەپ پەرمان قىلدى. مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ ئۇنى بىللە ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتى موغۇلىستاندا مانا مۇشۇنداق زور ۋە باھادىر دۈشمەنلىرىمىز بار، دەپ خۇراسان ئەھلىگە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ سەپەر

جەريانىدا، بىر كېچىسى قارشىدا كېتىپ باراتتى، مىرزا ئۇلۇغبېك مەيدە ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەمىر سەيد ئەلى مەشئەل ۋە پانۇسلارنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. كېتىۋېتىپ مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ نەزىرى ئەمىر سەيد ئەلىگە چۈشتى. ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ ئوقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت مۇشت ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۇنىڭ زور قۇۋۋىتى ۋە قەددى قامىتىنى مۇشۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ. مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشۈپ: «ئەگەر مۇشۇ ھالەتتە مېنى ئوق بىلەن ئېتىپ، ئۆزى كېتىپ قالسا ئۇنىڭغا كىم تاقابىل تۇرالايدۇ» دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇ يالغۇز ئەمىر سەيد ئەلىنى قىچقىرىپ: «خۇراسانغا بېرىشتا سىز ھەرەج تارتىپ قالغۇدەكسىز. شۇڭا مۇشۇ جايدىن يانغايسىز، سەمەرقەندتە تۇرغايسىز، مەن خۇراساندىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، سىزگە رۇخسەت بېرىپ، موغۇلىستانغا ياندۇرىمەن، سىز بىز بىلەن شىر مۇھەممەدخاننىڭ ئارىسىدا ۋاستە بولۇپ، سۇلھـــى ۋە دوستلۇققا سەۋەب بولغايسىز» دېگەن سۆزلەرنى قىلىپ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. ئەمىر سەيد ئەلىگە بىر كىشىنى ھەمراھ قىلىپ، كۆرۈنۈشتە ئۇ كىشىگە: «سەمەرقەند ھاكىمىگە ئېيتقىن ئەمىر سەيد ئەلىنى ئىززەت - ئىكرام قىلىپ ئاسرىسۇن» دېدى. ئەمما مەخپىي ھالدا ئۇ كىشىگە بۇيرۇق قىلىپ: «ئەمىر سەيد ئەلى بارغان ھامان قاماققا سالسۇن» دېدى.

ئەمىر سەيد ئەلى ئۇ كىشى بىلەن بىللە سەمەرقەندكە راۋان بولدى. يولدا كېتىۋېتىپ ئۇ كىشىنىڭ ئەلپازىدىن پاراسەت بىلەن ئەھۋالنى سېزىۋالدى: «بۇ كىشىنىڭ مەن بىلەن بېرىشىدا بىر سىر بار دەپ» گۇمان قىلدى. ئۇلار سەمەرقەندكە يەتتى. ئۇ كىشى ئەمىر سەيد ئەلىنى بىر مەنزىلگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى ھاكىمنىڭ ئالدىغا كەتتى. ئۇ كىشى كەتكەن ھامان ئەمىر سەيد ئەلى پىيادە ھالدا ئۇ مەنزىلدىن چىقتى - دە، تاشكەنت تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. ئۇ كىشى بېرىپ ۋەقەنى بايان قىلىپ، ھاكىم بىلەن بىللە ئەمىر سەيد ئەلىنى چۈشۈرگەن مەنزىلگە كەلدى. قارىسا ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ ئات ۋە ياراغلىرى تۇرۇپتۇ، ئۆزى غايىپ بولۇپتۇ. ئۇ مەنزىلدىكى خەلقتىن ئەمىر سەيد ئەلىنى سورىدى. ئۇلار: «بىر پۇرسەت ئۆتتى، پىيادە ھالەتتە تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەنىدى» دېيىشتى. بۇلار ھەر قانچە ئىزدەشكەن بولسىمۇ تاپالمىدى.

ئەمىر سەيد ئەلى شۇ ماڭغىنىچە بىر توپ قەلەندەرلەرگە ھەمراھ بولدى. ئۆزىمۇ قەلەندەر سىياقىدا بولۇپ تاشكەنتكە كەلدى. قەلەندەرلەر ئەمىر سەيد ئەلىگە ئۇشتۇر ئابدال (ھابدال تۆگە) دەپ ئات قويدى. قەلەندەرلەرنىڭ ھەممىسى بارلىق ئوزۇق - تۈلۈك، سەكە - سەرەمجان ۋە قەلەندەرلىك ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمىر سەيد ئەلىگە كۆتۈرگۈزگەن ئىدى. ئۇلار تاكى تىراز دېگەن جايغا كەلدى. ئۇ يەرنىڭ يەنە بىر ئىسمى «يېڭى» دۇر. ئۇ يەردە ئەسھابىكەھفنىڭ مازارلىرى بولۇپ، ئۇنى موغۇلىستاندا «ئىسەن مەملىكەت ئاتا» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ مازارنىڭ شەيخى ئەمىر سەيد ئەلىنى توندى ۋە ئۆزىنىڭ شادىكە ئاتلىق ئوغلىنى ئەمىر سەيد ئەلىگە قوشۇپ، موغۇلىستانغا، ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئالدىغا يەتكۈزدى. بۇ شادىكە ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولدى ۋە ئۇنىڭغا «شادىكە ۋاپادار» دەپ لەقەم قويدى. ھازىرمۇ شادىكەنىڭ نەسلىدىن بولغانلار بار. ئەمما مۆتىۋەرلىرى قالماپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئەمىر سەيد ئەلى بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئەمىر خۇدايدادنىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدى. ئۇ چاغلاردا سۇلتان ئۇۋەيسخان تاغىسى شىرمۇھەممەد بىلەن ئايرىلىپ بىر چەتكە چىققانىدى. ئەمىر خۇدايداد ئەمىر سەيد ئەلىگە: «مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر مەسلەھەت كېلىۋاتىدۇكى، سەن ئۇۋەيس خاننىڭ خىزمىتىگە بارغىن. بۇ يەردە تۇرساڭ زايا بولىسەن» دېدى. ئاندىن ئەمىر خۇدايداد ئۆز مۇلازىملىرىدىن بىرقانچە ياشنى قوشۇپ ئەمىر

سەيد ئەلىنى ئۇۋەيس خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئەمىر سەيد ئەلى ئۇۋەيس خاننىڭ ئالدىدا ئۆز لايىقىدا خىزمەتلەرنى بەجا كەلتۇردى. ئۇۋەيس خان سىڭلىسى ئۇزۇن سۇلتان خانىمنى ئەمىر سەيد ئەلىگە نىكاھلاپ بەردى. ئۇۋەيس خان بارگاھىدا ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ تەرىپ - تۆسۇپلىرى ناھايىتى تولا، ئۇنى تەپسىلىي بايان قىلساق، سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى ئۇۋەيس خاننىڭ بايانىدا زىكىر قىلىنغۇسى.

## شىر مۇھەممەد خان بىلەن ئۇۋەيس خاننىڭ ئارىسىدا بولغان ۋەقەلەرنىڭ قىسقىچە بايانى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇۋەيس خان تاغىسى شىر مۇھەممەد خاندىن ئايرىلىپ، بىر چەتكە چىقتى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر مۇنچە جامائەت ئەگەشتى. قاچاق ھالەتتە موغۇلىستاننىڭ چەت ئەتراپلىرىدا يۇردى. بىرمۇنچە ۋاقىت كېتىك ۋە سىبىرىق ئۇيغۇر تەرەپلىرىدە كۆن كەچۇردى. شۇ كۇنلەردە سىڭلىسى ئۇزۇن سۇلتان خانىمنى ئەمىر سەيد ئەلىگە نىكاھلاپ بەردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خانىمنى ئەمىر سەيد ئەلىگە بېرىدىغان چاغدا ئەمىر سەيد ئەلى توي جابدۇقى ئۇچۇن ئوۋغا چىقتى، ئوۋدا ئىككى بۇغىنى ئوۋلاپ ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ گۆشى بىلەن توي قىلدى. بۇ توينىڭ ئەھۋالىنى مۇشۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن، موغۇلىستان چېگرىسىنىڭ ئىچىدە ئۇلار ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى. شۇڭا ئۇ يەردىن تۇركىستان تەرەپلىرىگە باردى. شۇ كۇنلەردە تۇركىستاندا ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئىبنى ساربۇغە قىپچاقى ھاكىم ئىدى. ئۇ كىشى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئۇلۇغ ئەمىرلىرىدىن ئىدى. ئۇۋەيس خان ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئەمىر شەيخ نۇرددىن بىلەن شىر مۇھەممەد خاننىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئىدى. شۇ تۇپەيلىدىن، ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئۆز قىزى دۆلەت سۇلتان بېگىمنى ئۇۋەيس خانغا نىكاھلاپ بەردى ۋە شىر مۇھەممەد خانغا تاقابىل تۇرۇپ، قانلىق جەڭلەرنى قىلىش ئۇچۇن ئۇنىڭغا مەدەت بەردى. نەچچە مۇددەتتىن بېرى ئۇۋەيس خان بىلەن شىر مۇھەممەد خان ئارىسىدا قاتتىق جەڭ بولۇۋاتاتتى. بۇ جەڭلەردە كۆپ ۋاقىتلاردا شىر مۇھەممەد خان غەلىبە قىلاتتى. شۇ جەڭلەر جۇملىسىدىن بېرى مۇنداق يۈز بەرگەن ئىدى: شۇ چاغدا شىر مۇھەممەد خان موغۇلىستاننىڭ قاراڭقاياغلىغ دېگەن يېرىدە ئىدى. ئۇۋەيس خان يىراقتىن ئىلغار قوشۇن تەشكىللەپ تەڭ كېچىدە تۆت يۈز كىشى بىلەن شىر مۇھەممەد خاننىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. ۋاڭ - چۇڭ پەيدا بولۇش بىلەنلا شىر مۇھەممەد خان ئۆزىنى بىر تۇرغۇن سۇغا تاشلىدى. ئۇۋەيس خان شىر مۇھەممەد خاننىڭ ئوردىسىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ تاكى سۇبھى ۋاقتىغىچە ئۇچرانقانلا ئادەمنى ئۆلتۇردى. نۇرغۇنلىرىنى قامىدى ۋە ئوردا ئەھلىگە قاتتىق سىياسەت قىلدى. شىر مۇھەممەد خان سۇدىن چىقىپ لەشكىرىنى توپلاپ يېتىپ كەلگەندە ئۇۋەيس خان نۇرغۇن مېھنەت - مۇشەققەتلەر بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى.

دېمەك، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇنداق جەڭ ۋە ماجىرالار دائىم بولۇپ تۇراتتى. شىر مۇھەممەد خان ئۆز ئەجىلى بىلەن ئاغرىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاندىن خانلىق ئۇۋەيس خانغا قارار تاپتى.

# ئۇۋەيس خاننىڭ خانلىق قىلغانلىقىنىڭ بايانى

خانلىق نۆۋىتى ئۇۋەيس خانغا يەتتى. ئۇ شۇنداق خان ئىدىكى، تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. پاك ۋە كارامەتلىك ئىدى. جىمى خانلار ئارىسىدا ھىممەت ۋە شىجائەتتە يېگانە ئىدى. ئۇۋەيس خان موغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇلارنى بۇلان - تالان قىلىشىنى توسۇپ توختاتتى. قالماقلار بۇلارغا يېقىن ئىدى. ئۇۋەيس خان دائىم ئۇلار بىلەن جەڭ قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇۋەيس خان مەغلۇپ بولاتتى. لېكىن جەڭدىن قول يىغمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئىككى نۆۋەت قالماقلارنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى. دەسلەپكى قېتىم ئەسىرگە چۈشۈش ئەھۋالى مۇنداق بولغان ئىدى: مىڭلاق دېگەن جايدا قالماقلاردىن ئېسان تايشى بىلەن جەڭ قىلدى. جەڭ پەيتىدە قالماقلارغا تۇتۇلۇپ قالدى. خاننى ئېسان تايشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئېسان تايشى كۆڭلىدە: «ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن چىڭگىزخاننىڭ نەسلىدىن بولسا، ئەلۋەتتە ماڭا ئىززەت قىلمايدۇ ۋە مېنى ئۆز نۆۋكىرى قاتارىدا كۆرىدۇ» دەپ ئويلىدى. شۇنداق پىكىر قىلىپ تۇراتتى، ئۇۋەيس خاننى ئېلىپ كەلدى. ئېسان تايشى ئات ئۈستىدە ئىدى، خاننى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى. تولۇق تەزىم قىلىپ بېشىنى يەرگە ئۇرا - ئۇرا خاننىڭ ئالدىغا كەلدى. لېكىن خان ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى. قولىنىمۇ ئۇزارتمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئېسان تايشىنىڭ ئۇۋەيس خانغا بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ كۈچەيدى ۋە كۆپتىن - كۆپ ئىززەت ۋە ئىكراملار قىلىپ، ھۆرمەت ۋە ئىھتىرام بىلەن ياندۇردى.

كىشىلەر خاندىن: «نېمە ئۈچۈن قورقمىدىڭىز، ئېسان تايشىغا تەزىم قىلمىدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇۋەيس خان جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر ئېسان تايشى ماڭا غەزەپ بىلەن يۈزلەنگەن بولسا، ئەلۋەتتە جان ۋەھىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا تەزىم قىلار ئىدىم. ئەمما ئۇ قەدىمىي كۆپارلار رەسمى - قائىدىسى بىلەن ماڭا باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىپ كەلدى. شۇ چاغدا كۆڭلۈمدە: ‹ھازىر شېھىت بولىدىغان چاغدۇر، ئۇنىڭ كۆپارلارچە قىلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىش ۋە چىراي ئېچىش مۇسۇلمانلىق جۈملىسىدىن ئەمەستۇر› دەپ ئويلىدىم. شۇ سەۋەبتىن تەزىم قىلمىدىم» دېگەنىكەن. چۈنكى خان دىن ئىشىدا سادىق ئىدى. ئۇنىڭ بەركىتى تۈپەيلىدىن بۇنداق ھالاكەتلىك قىسمەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

يەنە بىر نۆۋەتتە موغۇلىستاننىڭ چېتىدىكى پىشقابا دېگەن جايدا ئېسان تايشى بىلەن جەڭ قىلىشتى. بۇ نۆۋەتتىمۇ خانغا شىكەستە يەتتى. خاننىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ خان پىيادە قالدى. قالماقلار خاننى تۇتقىلى كېلىشكەندى، ئەمىر سەيد ئەلى ئېتىدىن چۈشۈپ خاننى مىندۇردى ۋە ئۆزى يۈزىنى يەرگە قىلىپ يېقىلىپ ياتتى. قالماقلار ئۇنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلىپ، خاننىڭ ئەتراپىغا يېقىنلاشقانىدى، ئەمىر سەيد ئەلى سەكرەپ قوپۇپ، قالماقلاردىن بىرىنى تۇتۇۋالدى. تۇتۇۋالغىنى قالماقلار ئىچىدىكى بىر مۆتىۋەر سەردار ئىدى. ئەمىر سەيد ئەلى ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىگە قالقان قىلىۋالدى. ئوق كەلسە ئۇنى تۇتۇپ بېرەتتى. ئەمىر سەيد ئەلى خاننىڭ ئېتىنى يېتىلەپ پىيادە كېتىپ باراتتى. شۇڭا قالماقلار ئەمىرگە ئوق ئاتالمايتتى. شۇ تەرىقىدە جەڭ قىلا - قىلا ئۇ دوبۇلغا - قۇياقلىق قالماقنى ئۆزىگە قالقان قىلغان ھالدا بىر پەرسەڭ يەرگىچە كەلدى. ئىلى دەرياسىنىڭ لېۋىگە كەلگەندە قالماقنى سۇغا تاشلىدى. ئۆزى خاننىڭ ئېتىنى مەھكەم تۇتۇپ سۇغا كىردى. دەريا سۇ بىلەن لىق تولغان مەزگىل ئىدى. باشقا خەلق چۆكۈپ كەتتى، ئەمما خاننىڭ ئېتى سۇ ئۈزەتتى. ئەمىر ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى چۆككىلى قويمىدى. ئاتنىڭ بېشىنى ئۈستۈن كۆتۈرۈپ ئۆزى دوبۇلغا

قۇياقلىق ھالدا خاننى دەريادىن سالامەت ئۆتكۈزدى. قالغان خالايىقنىڭ كۆپ قىسمى بۇ دەريادا چۆكۈپ كەتتى. شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، خاننىڭ تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىككىلەن بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى ھەسەن سۇلتان، يەنە بىرىنىڭ ئېتى لوقمان سۇلتان ئىدى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ كىيگەن ساۋۇتى قىزىل، يەنە بىرىنىڭ يېشىل ئىدى. ئۇلارمۇ دەرياغا كىرىپ چۆكۈپ كەتتى. ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ بىر قولى خاننىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىدە ئىدى. يەنە بىر قولىنى ئۇ ئىككى سۇلتاننىڭ بىرىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئىككى نۆۋەت قول ئۇزارتتى، ئەمما قولىغا كىرمىدى. ئۇۋەيس خان بۇ ھەقتە: «خېلى يەرگە بارغۇچە ئۇ ئىككىسىنىڭ ساۋۇتلىرىنىڭ ئېتەكلىرى قىزىل – يېشىل بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى» دېگەنىكەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئۇۋەيس خان ئەمىر سەيد ئەلىنىڭ بۇ بەش تۇرلۇك ئىشىغا بەش مۇكاپات بېرىپتۇ. بۇ بەش ئىشنىڭ بىرى شۇكى، خاننىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ پىيادە قالغاندا، ئەمىر سەيد ئەلى ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىندۇردى، ئىككىنچىسى قالماقنىڭ بىر سەردارىنى تىرىك تۇتتى، ئۈچىنچىسى شۇكى تاكى بىر پەرسەڭ يەرگىچە ئۇنى تىرىك قالقان قىلىپ ئېلىپ باردى، تۆتىنچىسى خاننى ئات ۋە دوبۇلغا قۇياقلىرى بىلەن دەريادىن سالامەت ئۆتكۈزدى، بەشىنچىسى خاننى ئېلىپ ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتقان تۇرۇقلۇق يەنە ئۇ ئىككى سۇلتاننى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئىككى قېتىم قول ئۇزارتتى. خان بۇ ھەقتە: «شۇنداق خىيال قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇ ئىككى بۇرادىرىمنىڭ بىرى ئۇنىڭ قولىغا كىرىپ قالغان بولسا، جەزمەن ئۇنىمۇ دەريادىن كۆتۈرۈپ سالامەت ئېلىپ چىققان بولاتتى. ئەمىر سەيد ئەلىدە شۇنچىلىك كۈچ – قۇدرەت بار ئىدى» دېگەنىكەن. خان بۇ بەش ئىشنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن بەش ئايماقنى ئەمىر سەيد ئەلىگە بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى تۇركات، ئىككىنچىسى تۆۋەن شىرانۇت، ئۈچىنچىسى ئۆزبېك ئايمىقى بولۇپ خوتەندىدۇر. تۆتىنچىسى دورغا ئايمىقى بولۇپ ئۇمۇ خوتەندە. بەشىنچىسى كۆكۈنۇت ئايمىقى بولۇپ ئۇمۇ خوتەندىدۇر.

سۇلتان ئۇۋەيس خان يەنە بىر نۆۋەت تۇرپان دىيارىدا ئىسان تايشى بىلەن جەڭ قىلدى. بۇ نۆۋەتمۇ خان مەغلۇپ، ئىسان تايشى غالىب بولۇپ، خان يەنە ئەسىرگە چۈشتى. ئىسان تايشى ئېيتتىكى: «ئەمدى بۇ نۆۋەت سىزنى بىكارغا قويۇپ بەرمەيمەن. ئۆزىڭىزنىڭ ئورنىغا سىڭلىڭىز مەختۇم خانىمنى بەرگەيسىز» دېدى. ئۇۋەيس خان جان ۋەھىمىسى تۈپەيلىدىن، ئىلاجىسىز مەختۇم خانىمنى بېرىپ ئۆزى خالاس بولدى. بۇ مەختۇم خانىمنىڭ مەشھۇر نامى مەختۇم سۇلۇ ئىدى.

دېمەك، خالايىقنىڭ ئاغزىدا شۇنىسى مەشھۇركى، خان قالماق بىلەن 61 نۆۋەت جەڭ قىلىپتۇ، پەقەت بىر نۆۋەتلا غەلىبە قىلىپتۇ. باشقا جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە شىكەستە يەپتۇ. تەڭرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

پېقىر خوجا ئەھمەددىن نەچچە نۆۋەت ئاڭلىغانىدىم، ئۇ زات مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇۋەيس خان ناھايىتى تەقۋادار ئىكەن. ھاياتىنى پاكلىق بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. خان ھەر يىلى ياۋا تۆگە ئوۋلاش ئۈچۈن تارىم، لوپ ۋە كېتىك تەرەپلىرىگە باراتتى. ئوۋلىغان تۆگىلەرنىڭ يۇڭىنى ئېلىپ كېلىپ ئانىسى سۇلتان خاتۇنغا بېرەتتى. ئانىسى ئۆز قولى بىلەن ئېگىرىپ كۆينەك، پايپاق تەييار قىلاتتى. خان ئۇنى كىيىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە نەپىس ئېگىنلەرنى كىيەتتى. تۇرپاندا سۇ كەمچىلدۇر. خان ئۆزى زىرائەت قىلاتتى. زىرائەتكە ئېرىقتىن سۇ سورىمايتتى. ئۆزى قۇدۇق قېزىپ، ئۇ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ زىرائىتىنى سۇغىراتتى». مەۋلانا خوجا ئەھمەد ئۆز تاغىلىرىدىن رىۋايەت كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «تاغىلىرىم: ‹كۆپ ۋاقىتلاردا خاننى ئىسسىق ھاۋادا ئۆزىنىڭ زىرائەتلىرىگە ئۆزى سۇ تارتىپ

سۇغىرىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتۇق. ئۇ يەردىن ئالىدىغان مەھسۇلاتى ھەرگىز ئۇن ئۇلاغقا يەتمەس ئىدى. خاننىڭ يىللىق ئوزۇق - تۈلۈكى شۇ ئىدى»، دېگەنىدى. خان ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد كاسانىينىڭ مۇردلىرىدىن ئىدى. مەۋلانا مۇھەممەد خوجا ھەسەن ئەتتار ئەتتەرەللاھنىڭ مۇرىدلىرى ئىدى. خوجا ھەسەن ئەتتار مۇرشىدلار سەردارى ھەزرىتى خوجا باھاۋۇددىن نەقشىبەندى (تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئۇلۇغ قىلغاي) نىڭ مۇردلىرى ئىدى. سۇلتان ئۇۋەيس خان ئۆزى پادىشاھ بولغان تۇرۇقلۇق ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ئۆمرىنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزگەن ئىدى» . ئەمىر خۇدايداد بۇ دۆلەتمەن خاننىڭ زامانىدا ئۇلۇغ مەككىنى زىيارەت قىلىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك سەپەرگە راۋان بولدى. موغۇللار ئارىسىدا مەشھۇردۇركى، ئەمىر خۇدايداد ئالتە خاننى ئۆز قولى بىلەن خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى خىزىر خوجىخان ئىدى. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا بايان قىلىندى. قالغانلىرى شەمئى جاھانخان، نەقشى جاھانخان، مۇھەممەد خان ۋە ئاخىرقىسى ئۇۋەيس خان ئىدى.

## ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئەھۋالى، ئۇلۇغ مەككە زىيارىتىگە راۋان بولغانلىقى ۋە كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ بايانى

ئەمىر خۇدايدادنىڭ ھال ئەھۋالى ۋە مۇبارەك نەسەبلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغانىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ قالغان ئەھۋاللىرى ۋە كېيىنكى كۈنلىرى ھەققىدە زىكىر قىلىنىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەممە موغۇل خەلقى ئەمىر خۇدايدادنى ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە يەتكەن كىشى دەپ قارايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئورتاق پىكىردە. ئەمىر خۇدايدادنىڭ شەرەپلىك تارىخى، ھۆكۈمەت ئىشىدىكى مۇئامىلىلىرى ئۇنىڭ ۋەلىيلىك دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىگە، موغۇللارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئەقىدىسىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. موغۇل ئۇلۇغلىرىدىن ئاتام (تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلۇق قىلسۇن) رەھمەتلىك ئۆزىنىڭ ئاتىلىرىدىن ھېكايەت قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ھېچ ۋاقىتتا ئەمىر خۇدايدادنىڭ خىزمىتىدىن 24 مىڭ ئۆيلۈك كىشى كەم بولماس ئىدى. ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئەمىرلىككە تەيىنلەنگەن ۋاقتى تارىخنىڭ 760 - يىلىدىن ئىلگىرى ئىدى. تاكى 90 يىل مۇددەت ئىچىدە پۈتكۈل قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، باي ۋە كۇس قاتارلىق جايلارنىڭ ئەمىرلىكى مۇستەقىل ئەمىر خۇدايدادقا تەئەللۇق ئىدى. شۇنچە زور ھاكىمىيەت قولىدا تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ يىلقىلىرى يوق ئىكەن. كۆپ ۋاقىتلاردا بەلكى مىنگىلى ئاتلىرىمۇ يوق ئىكەن. ھەرقانداق جايغا كۆچۈدىغان بولسا، مۇلازىملىرى ئات - ئۇلاغ ئېلىپ كېلىپ كۆچۈرىدىكەن. لەشكىرى ئىشلاردىمۇ رەسىم - قائىدىلىرى شۇنداق ئىكەن. ھۆكۈمەتتىن ھاسىل بولغان مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇش ئىشىغا سەرپ قىلىدىكەن. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا موغۇللار ھەمىشە تۈركىستان، تاشكەنت ۋە ئەندىجاننى بۇلاپ - تالاپ، مۇسۇلمانلارنى ئەسىر قىلىپ كېتىدىكەن. ئەمىر خۇدايداد ئۇ ئەسىرلەرنى موغۇللاردىن سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىدىكەن. ئۇلارغا ئېگىن - ئاياغ ۋە يول ئوزۇقى بېرىپ ئۆز ۋەتىنىگە ياندۇرىدىكەن. ئەمىرنىڭ بىساتىدا بار بولغان مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭغا سەرپ قىلىنىدىكەن. ھەر دائىم ئەسىرلەرنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇش ئۈچۈن نەچچىلىگەن چېدىرلارنى تىكتۇرۇپ قويىدىكەن. سېتىۋالغان ئەسىرلەرنى ئاشۇ چېدىر ئىچىدە مۇھاپىزەت قىلىدىكەن. ئۆزى ئەسىرلەر ئولتۇرغان چېدىرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرغۇدەك ۋە سەجدە قىلغۇدەك بىر جايغا پەردە تارتىپ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىدىكەن. ئەمىر

خۇدايدادنىڭ پۈتۈن ئۆمرى مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ. ئەمىر خۇدايدادتىن كارامەت ئىشلار كۆپ يۈز بېرىپتۇ. شۇنداق كارامەتلەردىن بىرى شۇكى، پېقىر مەۋلانا خوجا ئەھمەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم: خوجا زاھىد ئاتلىق بىر پاكىزە زات بار ئىدى. ئەمىر خۇدايداد خوجا زاھىدنىڭ ئائىلىسىگە موھتاجلىق ئىزھار قىلىپ كىشى ئەۋەتىپ، خوجا زاھىدنىڭ تەۋەررۇك لۆڭگىلىرىنى بېرىشنى ئىلتىجا قىلىپتۇ. خوجا زاھىدنىڭ ئايالى ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر لۆڭگىنى خوجىنىڭ لۆڭگىسى دەپ ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. بارغان كىشى ئۇ لۆڭگىنى ئەمىر خۇدايدادقا بېرىپتۇ. ئەمىر خۇدايداد ئۇ لۆڭگىنى تەۋەررۇك بىلىپ يۈزىگە بىر سۈرتۈپ يەنە ئۇ كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە: «ئەگەر بۇ لۆڭگە ھەقىقەتەن خوجا زاھىدنىڭ لۆڭگىسى بولىدىغان بولسا، مۇنداق لۆڭگىگە ئېھتىياجىم يوق، ياندۇرۇپ بەر» دەپتۇ. ئۇ كىشى لۆڭگىنى ئېلىپ زاھىدنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپتۇ ۋە ئەمىر خۇدايدادنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى بايان قىلىپتۇ. خوجا زاھىدنىڭ ئايالى بۇ ئىشقا ھەيران قاپتۇ ۋە بۇ ۋەقەنى خوجا زاھىدقا ئېيتىپتۇ. خوجا زاھىد ئۆز ئايالىغا ئاچچىقلىنىپ: «ئەمىر خۇدايداد خۇداگۇيلار جۈملىسىدىندۇر. ناھايىتى بولمىغۇر ئىش قىلىپسەن» دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ لۆڭگىلىرىنى ئەمىر خۇدايدادقا ئەۋەتىپتۇ. بارغان كىشى لۆڭگىنى ئەمىر خۇدايدادقا ئەكىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئەمىر لۆڭگىنى يۈزلىرىگە سۈرتۈپ: «مانا بۇ خوجا زاھىدنىڭ لۆڭگىسى» دەپتۇ.

دېمەك، ئەمىر خۇدايدادتىن مۇنداق كارامەتلىك ئەھۋاللار كۆپ سادىر بولغان ئىكەن.

ئەمىر خۇدايدادنىڭ شەرەپلىك ئۆمرى 97 گە يېتىپتۇ. ئۇنىڭدا قېرىلىقنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەرەم شەرىپىنى زىيارەت قىلىش ئارزۇسى بارغانسېرى زىيادە بولۇپتۇ. ئۇۋەيس خاندىن نەچچە نۆۋەت رۇخسەت سوراپتۇ. ئەمما ئىجازەت بېرىلمەپتۇ. شۇڭا ئەمىر مەخپىي ھالدا مىرزا ئۇلۇغبېككە كىشى ئەۋەتىپ: «مىرزا كەلسۇن مەن موغۇلنى بۇزۇپ، مىرزىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈپ بېرىمەن» دەپ ئۇچۇر يەتكۈزۈپتۇ. چۈنكى، ئۇۋەيس خاندىن مىرزا ئۇلۇغبېككە كۆپ زىيانلار يېتەتتى. مىرزا ھەمىشە موغۇلنى خارۇ زار ۋە نابۇت قىلىش پىكرىدە ئىدى. بۇ ئۇچۇرنى ئاڭلىغان ھامان يۈرۈش قىلدى. ئەمىر خۇدايدادمۇ قېچىپ موغۇلىستاننىڭ مەشھۇر جايى بولغان چۇ ساھىلىغا يېتىپ كەلدى. ئەمىر خۇدايدادمۇ قېچىپ شۇ يەرگە كېلىپ، مىرزا ئۇلۇغبېك بىلەن كۆرۈشتى ۋە مۇنداق دېدى: «مېنىڭ مەقسىتىم ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىش ئىدى. ئەمما ئۇۋەيس خان بۇنىڭغا ئىجازەت بەرمەيتتى. شۇڭا مۇشۇ باھانە بىلەن قېچىپ چىقتىم. ئەمدى مۇندىن نېرىسىغا ئۆتسىڭىز ياخشى ئەمەس». مىرزا ئۇلۇغبېك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شۇ يەردىن ياندى. ئەمىر خۇدايدادقا كۆپتىن كۆپ ئىززەت - ئىكراملار قىلىپ سەمەرقەندكە يېتىپ كەلدى. مىرزا ئۇلۇغبېك ئەمىرگە ئىلتىماس قىلىپ: «چىڭگىزنىڭ تۆرە قائىدىسىنى ھېچكىم سىزدەك ياخشى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھەممە قائىدىسىنى بىزگە ئۆگەتسىڭىز، چۈنكى ئۇ بىزگە ھەممە ئىشتا لازىم بولىدۇ» دېدى. ئەمىر خۇدايداد ئۇنىڭغا: «مەن چىڭگىزنىڭ تۆرە قائىدىسىنى يامان كۆرۈپ رەسۇلۇللانىڭ شەرىئىتىگە كىرگەندىم. ئەگەر مىرزا چىڭگىز قائىدىسىنى ياخشى كۆرۈپ مۇنچە ئالىملىق ۋە دانىشمەنلىكىڭىز بىلەن شەرىئەتنى قويۇپ، چىڭگىز قائىدىسى بىلەن بولىدىغان بولسىڭىز، چىڭگىز قائىدىسىنى مىرزىغا ئۆگىتىپ قويۇپ، ھەجگە بارماي يېنىپ كېتىمەن» دېدى. مىرزا ئۇلۇغبېك ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خىجىل بولدى ۋە چىڭگىزنىڭ تۆرە قائىدىسىنى ئۆگەنمىدى. تۆرە قائىدىسى دېگىنى چىڭگىزخان ئۆزى ئورناتقان قانۇن - قائىدىلەردۇر.

ئەلقىسسە، ئەمىر خۇدايداد مەككىگە باردى. شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى. ئاتام (تەڭرى

ئۇنىڭ دەلىللىرىنى نۇرلاندۇرسۇن) خۇراسانغا بارغاندى، بۇ ھەقتىكى قىسسە بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى تومىدا بايان قىلىنغۇسى. خۇراساندا سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ئەمىرلىرى ئىچىدە سۇلتان ئەلى بارلاس دېگەن بىر كىشى بولۇپ، يۈز ياشقا يېقىنلاشقانىدى. ئۇ كىشى سۇلتان ھۇسەين مىرزىنىڭ ھۇزۇرىدا ناھايىتى مۆتىۋەر ئىدى. ئاتام سۇلتان ئەلى بارلاسنىڭ نام - نەسەبى ھەۋا ئەجدادىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇ كىشى: «ئاتامنىڭ ئېتى شاھ ھۇسەين بولۇپ، موغۇللارنىڭ بارلاس قەبىلىسىدىن ئىدى. ئەمىر خۇدايداد ئاتلىق كىشى بىلەن موغۇلىستاندىن كەلگەنىدى» دېدى. ئاتام بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەمىرنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن سورىدى. سۇلتان ئەلى بارلاس ئېيتتىكى: «مېنىڭ ياش چاغلىرىم ئىدى. ئەمىر خۇدايداد مەككىگە سەپەر قىلدى. ئاتام شاھ ھۇسەينمۇ ئەمىر بىلەن ھەمراھ ئىدى. چۈنكى ئاتام ئەمىرنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ئىدى. موغۇلىستاندىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن كۆپ شەھەر ۋە مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر ئۇلۇغ مەككە زىيارىتىگە مۇشەررەپ بولدۇق. ھەجنى تۈگىتىپ ياندۇق. نەچچە كۈنلۈك يەرگە بارغاندىن كېيىن ئەمىر: ‹مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قاچان يېتىپ بارىمىز›، دەپ سورىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا: «مەدىنە باشقا تەرەپتە قالدى» دېدى. ئەمىر خۇدايداد ناھايىتى خاپا بولدى: «مەن شۇنچە يىراق يەردىن نۇرغۇن مېھنەت - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ كېلىپ، رەسۇلۇللانىڭ پاك زىيارەت گاھىنى تاۋاپ قىلماي يېنىشىم ماڭا مۇناسىپ ئەمەس، ئىنتايىـــــن خاتا» دېدى ۋە پۈتۈن نەرسە كېرەك ۋە مۇلازىملىرىنى كارۋانلارغا قوشۇپ رۇخسەت بېرىپ ياندۇردى. پەرزەنتلىرىگە ۋە موغۇل ئەھلىگە مەكتۇپ ۋە يادنامىلەرنى ئەۋەتتى» . شۇ ئەۋەتكەن يادنامىلەردىن بىرى بىر كاالامۇللاھ (قۇرئان) ھازىرمۇ پېقىر مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ قولىدا بار. بۇ ئاتا - بوۋامدىن پېقىرغا مىراس بولۇپ قالدى. بىزنىڭ خانىدانىمىز ئۇنى تەۋەررۈك بىلىپ ساقلىغان ئىكەن.

سۇلتان ئەلى بارلاس مۇنداق دەيدۇ:

بىز ئارقىمىزغا يېنىپ يولغا راۋان بولدۇق. نەچچە كۈندە مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە يەتتۇق. ئەمىر خۇدايداد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقەددەس زىيارەتگاھىنى تاۋاپ قىلىــــشقا مۇشەررەپ بولدى. كېچىسى ئادەتتىكى بىر مەنزىلگە چۈشتۇق. كېچىدىن بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندى. ئەمىرنىڭ ئەھۋالىدا چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئەمىر ئاتام بارلاسنى سۈرە ياسىننى ئوقۇپ تامام قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاتام سۈرە ياسىننى قىرائەت قىلىپ: «مىسلەھۇم بەلا ... » دېگەن كەرىملىك ئايەتكە كەلگەندە ئەمىر خۇدايدادنىڭ نەپىسى تامام بولدى. بۇ ۋەقەدىن بىزگە ئاجايىب ھالەت يۈزلەندى، ھەيران قالدۇق. كېچە تاڭ ئاتتى. ئەتىسى مەدىنە ئۇلۇغلىرى پۈتۈن جامائەت بىلەن پەيدا بولۇپ كېلىپ: «بۈگۈن كېچە بىرەر كىشى ۋاپات بولدىمۇ؟» دەپ سورىدى. بىز ئەھۋالنى بايان قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ تەزىيە بىلدۈردى. ئاندىن مۇنداق دېيىشتى: «بىز ھەممىمىز چۈشىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇر - گۆھەرلەرنى تۆككۈچى مۇبارەك تىللىرى بىلەن: بۈگۈن كېچە بىزنى زىيارەت قىلماق ئۈچۈن يىراقتىن بىر مېھمىنىمىز كەلدى. ئۇ نۇرغۇن مېھنەت - مۇشەققەتلەر بىلەن يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ كېچە ۋاپات بولدى. سىزلەر بېرىپ ئەمىرىل مۇئمىنىن ئۇسماننىڭ قەبرىسىنىڭ ئايىقىدا دەپنە قىلىڭلار، دەپ دەپنە قىلىدىغان يەرنى ھاسىلىرى بىلەن سىزىپ كۆرسەتتى. ئويغانغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرسەك، ھاسا بىلەن سىزىق سىزىپ كۆرسەتكەن جاي چۈشىمىزدە كۆرگەندەكلا تۇرۇپتۇ. بۇ ئاجايىپ سائادەتمەن بەندە ئىكەن. بۇنچىۋالا مەرھەمەت ۋە شەپقەتكە مۇشەررەپ بولۇپتۇ» . مەدىنە ئۇلۇغلىرى شۇ سۆزلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئەمىرنىڭ جەسىتىنى ئەزىز ۋە مۇكەررەم

تۇتۇپ ھەزرىتى ئۇسمان (تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) نىڭ قەبرىلىرىنىڭ ئايىغىدا دەپنە قىلدى. ئىككىنچى كېچىسى ئەمىرنىڭ ئايالمۇ ۋاپات بولدى. ئۇنى ئەمىرنىڭ يېنىدا دەپنە قىلدى.

سۇلتان ئەلى بارلاس سۆزىنى تامام قىلغىنىدا، ئاتامغا ناھايىتى چوڭ ھاياجان ۋە شادلىق پەيدا بولدى. سۇلتان ئەلى بارلاس بۇ ھاياجانلىنىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ئاتام: «ئەمىر خۇدايداد مېنىڭ ئۇلۇغ بوۋام بولىدۇ» دېگەن ھامان، سۇلتان ئەلى بارلاس يۈگۈرۈپ قوپۇپ ئاتامغا تەزىم بەجا كەلتۈردى ۋە ئېيتتىكى: «سىزگە بۇنى ئېيتىپ ناھايىتى ياخشى قىلىپتىمەن. چۈنكى ئەمىرنىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى ئەھۋاللاردىن موغۇلىستاندا ھېچ كىشى خەۋەرسىز. بىز مەدىنە مۇنەۋۋەردىن يېنىپ نەچچە مۇددەتكىچە ئىراقتا تۇرۇپ قالدۇق. ئاندىن خۇراساندا تۇرۇپ قالدۇق. بۇ خەۋەرنى ھېچ كىشى ئېلىپ بارمىدى. خۇداغا شۈكرى، تەڭرى تائالانىڭ ئەمىر خۇدايدادنى مۇشۇنداق ئەلا دەرىجىگە يەتكۈزگەنلىكىنى سىزگە خەۋەر قىلدىم».

ئەمىر خۇدايدادنىڭ مەنسىپى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مىر مۇھەممەد شاھقا بېرىلدى.

ئەمىر خۇدايدادنىڭ خۇدانىڭ سائادەتمەن بەندىسى بولغانلىقى يەنى ئۇنىڭ ھەج شەرىپى ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرە زىيارىتىگە مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ جەننەت نىشان ماكاندا دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى بۇ تەسىرلىك ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ كىتابنىڭ تەرجىمانى مۇھەممەد نىياز ئىنتايىن تەسىرلىنىپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئارزۇ تەلەپلىرىنى نەزم تەرىقىسىدە ئىزھار قىلدى. چۈنكى، پېقىرمۇ بۇ مۇبارەك ھەج ئارزۇسى بىلەن دائىم بىقارار ئىدىم ۋە بۇ ئارمان تۈپەيلىدىن كۆزلىرىمدىن قان - ياش تۆكەتتىم. نەزم:

زىھى ساھىب سەئادەتكىم، ئاڭا بۇ رۇتبەئى ۋالا،
مۇيەسسەر ئەيلەمىش تەئىيدى فەزلى مەفزەلى يەكتا.
نەسىب ئولماس جەھاندە كىمسەگە مۇنداغ شەرەف ھەرگىز،
تاپىلماس كىمسەگە ئالەمدە مۇنداغ دەۋلەتى ئۇزما.
تىلىمدا بۇ شەرەف ھىرمانىدىن، ۋا ھەسرەتا، ھەردەم،
بۇ دەۋلەتنىڭ تەمەنناسىدا جانىم زىكرى، ۋا شەۋقا.
قاچان بولغايكى ئول رەۋزە سارى مەن، ئاسىئى جافىي،
ئېتەرمەن ئەزم باشىمنى قەدەم ئەيلەپ قويۇن ئالسا.
تەئەللۇق تەرك ئېتىبان بار ئەلايىقدىن بولۇپ فارىغ،
دىلىمدىن مەھۋ ئېتىپ ھەببى جەمالى زىينەتى دۇنيا.
كېچىپ مۈلكۇ ۋەتەندىن، ئايرىلىپ يارۇ دىيارىمدىن،
رەۋان بولغايمەن ئول يولغە كۆزۈم گىريان، دىلىم شەيدا.
بولۇپ ئازادە قەيدى بەندى ئەسبابى تەئەللۇقدىن،
جۇنۇن ئەھلى مەسەللىك پويە ئۇرسام مەستۇ بىپەرۋا.
دىلىمدا قالمادى ئول كوي ئارزۇسىدىن بۆلەك فىكرى،
دىماغىمدىن كېتىپ ئول رەۋزە تەۋفىدىن بۆلەك سەۋدا.
تۈنۈ كۈن تىنمايىن يول قەتئ ئېتەردىن شەۋق ئولۇپ غالىپ،
كۆزۈمدىن ئەلگەرى ياشىم يۈگۈرسە رەشكىدىن غەمدە.
قاچانكىم بولسام ئول مۈلكى بىھىشت ئايىن ئارا داخىل،
مەقامىم بولسە گەھ شۇربى، مەكانىم بولسا گەھ بەتھا.

ئەدايى ھەججى شۇكر ئايتىپ، مەدىنە سارى يۈزلەنسەم،
كۆرۈنۈپ كۆزۈمە فىردەۋسدەك ئول يولداكى سەھرا.
يىراقدىن رەۋزە كۆزۈمگە كۆرۈنگەچ يەتسە بىر جىزبى،
كېتىپ ئۆزدىن يۈگۈرسەم بەرقدەك گەھ پەستۇ گەھ بالا.
يېتىشكەچ كەلسەم ئۆزگە توختاباں ئول دەم ئەدەب بىرلە،
سەلام ئەتسەم دەبانكىم: ئەسسەلام، ئەي خاجەئى تاھا.
سەن ئول تەختى رىسالەت شاھىسەن ئىقلىمى قۇرب ئىچرە،
تەمامى ئەنبىيالار ئېردى خەيلى تابىئىڭ گويا.
ئەگەر زاتى شەرىفىڭ بولماسا، بولماس ئىدى مەۋجۇد،
نە توققۇز گۇنبەزى گەردۇن، نە يەتتە ئەرزەئى غەبرا.
مۇقەددەم رۇتبەلىكدىن ئەنبىيالار ئاخىرى بولدۇڭ،
مەقامىڭ غايەتى ئەئلالىقىدىن كەلدى ئەۋ ئەدنا.
چىراغى دەئۋەتىڭ ئىسلام ئۆيىنى ئەيلەدى رەۋشەن،
بولۇپ شەرئىڭ قۇياشى نۇرى بىرلە دىن يولى پەيدا.
ئېرۇر زاتىڭ ھەمە ئالەمگە ھەق دەرگاھىدىن رەھمەت،
ئەگەر سالىھ، ۋەگەر فاسىق، ۋەگەر مۇئمىن، ۋەگەر تەرسا.
پەناھىڭغە ساغىنغانلارغەدۇرسەن دائىما ھامىي،
ئەلىلۇ مەئسىيەتكە دەرگەھىڭ دارۇش - شىفا گويا.
يۈدۈپ ئىسيان يۈكىن كەلدى گەدايى ئاستانىڭغە،
نىيازى ئاسىئى گۇمرەھ، سىيەھ رو، بىئەمەل رەسۋا.
ھەمە ئۆمرىنى جۇرمۇ پىسقۇ فىئلى بەدكە سەرف ئەتكەن،
ئۇقۇدى گەنجىئى ئىسلامنى نەفسى ئەيلەگەن يەغما.
ھەۋاغە تابىئ ئولغان، شەرئىڭ ئىچرە بولماغان سابىت،
تەرىقى سۇننەتىڭ تەبئىيەتىنى قىلماغان قەتئا.
نەكىم بىدئەت ئىدى، مىڭدىن بىرىنىڭ تۇتماغان تەركىن،
نەكىم ئەمرىڭ ئىدى، مىڭدىن بىرىن كەلتۇرمەگەن بەرجا.
قارا يۈز بىرلە دەرگاھىڭغە كەلدىم لۇتف ئېتىپ ئۇممىد،
كى كەلمەي نەيلەيىن يوقتۇر جەنابىڭدىن بۆلەك مۇلجا.
زەلالەت دەشتىدە سەرگەشتە بولغان ئۇممەتىڭدۇر مەن،
ھىدايەت قىل مېنى بۇ ۋادى ئىچرە قويماغىل تەنھا.
ھەۋاۋۇ نەفسى شەيتان زورى كۆپ قىلدى مېنى ئاجىز،
ھىمايەت قىلكى مەن مەغلۇب، كۆپ غالىب ئېرۇر ئەئدا.
كېلىپ دەرگاھىڭە مۇھتاج ھەرگىز يانمامىش نەۋمىد،
ئەگەر ئاسىي، ۋەگەر زاھىد، ۋەگەر جاھىل، ۋەگەر دانا.
ئەگەرچە جۇرمۇ ئىسيانىمغە يوقتۇر ھەددۇ غايەتلىك،
ئېرۇر لۇتفۇڭغە نىسبەت قىلسە ئول بىر قەترە، بۇ دەريا.
ئېرۇرمەن بىكەسۇ بىخانىمانۇ بىنەۋا، دىلرىش،
كۆزۈم پۇر، نەم دىلىم پۇر غەم، غەرىبۇ بىسەرۇ بىپا.
قىلىپ ئاجىزلىقىمغە رەھم، رەد قىلمە سەلامنى،
ئەگەر رەد ئەيلەسەڭ، مىڭ ۋايۇ يۈز مىڭ ئاھۇ ۋاۋەيلا.
سەلام ئەيلەپ ئەدا، بۇ ئەرزى دادىمنى تەمام ئەتسەم،
سۇڭ ئاندىن ئەيلەسەم قەسدى تەۋافى رەۋزەئى ئەئلا.

قايۇ رەۋزەكى، يەئنى فەخرى ئالەم مەرقەدى پاكى،
كى تۇفراغىغە بىر ھىندۇئى قۇلدۇر ئەنبەرى سارا.
كۆرۈپ ئول رەۋزەئى ئالىينى جەننەت ئەينى خىجلەتدىن،
قالىبدۇر تا قىيامەت ئىنزىۋا كۇنجىدە چۇن ئەنقا.
ئىبارەت تەڭدۇر ئول رەۋزە سىفاتىن قىلغالى تەئبىر،
ئۇلۇۋۋىي مەرتەبەتدە كەلدى بىمانەندۇ بىھەمتا.
چۇ بولسام رەۋزە تەۋفىدە قۇيۇندەك چەرخ ئۇرۇپ دايىر،
تەرىقى دەۋرنى ئۆرگەنسە مەندىن گۇنبەزى خۇزرا.
جىگەر قانىن ئىكى كۆز جۇيىدىن ئانداغ ئاقىزسامكىم،
ئانىڭدا غەرق ئولۇردىن ۋەھم ئېتىپ ئۆبرۇلسە ناپەيدا.
نەچە مىلىڭ دەۋر قىلسام بۇ سىفەت تا باردۇر ئىمكانىم،
ئەدەب تەركىگە مۇخبىر بولسا ئول دەم توختاسام ئەمما.
يەنە قىلسام زەبانى ھال ئىلە بۇ ھالەتىمنى ئەرز،
دەبانكىم: ئەل غىياس، ئەي سەرۋەرى دۇنياۋۇ ھەم ئۇقبا.
بىھىشت ئايىن دىيارىڭ ئىچرە بىر ناپاك ئىتىڭ كەلدىم،
يوق ئات بەلكىم، ئىتىڭنىڭ ئىتلارىدىن كەمتەرىن رەسۋا.
نېتەي ئالى جەنابىڭدىن بۆلەك پۇشتۇ پەناھىم يوق،
ئەگەر سەن قوغلاساڭ، مەن ئەمدى قايدا بارغامەن، ئايا.
تەرەھھۇم ئەيلەگىلكى، رەھمەتەن لىل ئالەمىندۇرسەن،
ماڭا بەرگىل مەدىنەڭ گەردى ئەترافىدا بىر مەئۋا.
ئۇشۇل مەئۋا ئارا ساكىن بولاي تاكىم ھەياتىم بار،
كى بىر كۇن بولمايىن مەھجۇر رەۋزەڭ تەۋفىدىن ئەسلا.
ئەجەل يەتتى قاچانكىم يەتسە ئول دەرگەھتە جان بەرسەم،
كى بولسە دەفنەگاھىم ئول زەمىنى پاكۇ فەيز ئەفزا.
بۇ ئەرز ئىزھارىدا يوق ئىختىيارىم، يا رەسۇلىللاھ،
ۋەگەر نە مەندە يوق گوستاخلىقغە نې ھەدۇ يارا.
تەمام ئەتسەم بۇ ھالىمنى قەبۇل ئەتسە كېلىپ رەھمى،
نە دەۋلەتدۇر مۇيەسسەر بولسا مۇنداغ مەقسەدى ئەسنا.
مېنىڭ بۇ ھاجەتىمنى قىل رەۋا، ئەي قازىيۇل ھاجات،
بەھەققى زاتى پاكىڭكىم ئېرۇر بىمىسلۇ ھەم يەكتا.
بەئىززى كۇرسىيۇ لەۋھۇ قەلەم ئەرشى ئەزىمۇل قەدر،
بەنۇرى كەئبەئى ئەئزەم، بەفەيزى مەسجىدى ئەقسا.
رۇسۇللار ھۇرمەتىدىن ھەم خۇسۇسەن ئول ھەبىبىڭكىم،
ئېرۇر رەئنا گۇلى خۇش رەڭگى بۇيى گۇلشەنى ئەسرا.
تەمامى دەردى ھالىمدۇر سېنىڭ دەرگاھىڭە مەئلۇم،
ئېرۇرسەن، كىردىگارا، ئالىمۇس ـ سىر، ئالىمۇل، ئىخفا.
نىيازى، بولماغان نەۋمىد، ئەمما بول ئەدەب بىرلە،
نە ھەد سەن رو سىيەھ ھەددىڭدىن ئارتۇق قىلغالى دەئۋا.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# كىتابى ئابدۇللاھ①

## ئابدۇللاھ ئىبنى خەتىب مۇھەممەد سادىق ئاخۇند فوسكامى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت، ئىلھام ئابدۇللا

### كاغەز بىلەن بولغان سەرەمجانلارنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: قۇرئان، كىتاب، سەھھاف (شىرازىچى، كىتاب مۇقاۋىلىرىنى تۇپلىگۇچى)، ۋەتەۋارەك، ئەندەزە (ئەندىزە)، يەلفۇگۇچ، گۇل، تۇگمە ساندۇقى، دەرپەردە، گۇگۇت قافى، تۇمار.

مەن خۇداغە ھەمد ئايتماقغە تىلىمدا بار غەرەز،
يەنە ھەم تىلدىن ئۆتۈپ بەلكى دىلىمدا بار غەرەز.
جانۇ دىلنى ھەق ياراتىپ بەندەگە بىلمەك ئۈچۈن،
قىلغالى كاغەزدە ھەر نەرسە، شىلىمدا بار غەرەز.
ئۇشبۇ كاغەز - نەرسەلەرنى ئەمدى مەن قىلغۇم بەيان،
گەر قىلالماي يۈتەلىپ يۇرسەم گېلىمدا بار غەرەز.
كۆپ نېمەرسە بولدى كاغەزدىن، ئانىڭ ئىسمى بۇدۇر،
ئەۋۋەلى قۇرئان - كىتاب فۇتكەن يىلىمدا بار غەرەز.
بار كىتابلارنىڭ سەھافى ۋەتەۋارەك ئەندەزە،
يەلفۇگۇچ، گۇل، تۇگمە ساندۇق بار مىلىمدا بار غەرەز.
قالماسۇن دەرفەردە، گۇگۇتنىڭ قافى بەلكى تۇمار،
بۇ تۇماردىن مەندە ھەربىر تال قىلىمدا بار غەرەز.
كاغەز ئەسباب يەنە ھەم بولغايۇ بولماي قالماغاي،
بارچەسىنى فۇتكەلى ئاغرىپ بىلىمدە بار غەرەز.
بارمۇ، ئابدۇللاھ، سېنىڭ ھېچبىر غەرەز قىلماس يېرىڭ،
سەندىن ئۆزگە بەڭگىلەرگە بىر چىلىمدا بار غەرەز.

### ئىگىنگە تەئەللۇق نەرسەلەرنىڭ بەيانى

ھەمدى ھەقغە ئۆزى بىر، ئاندىن ئوشۇق بولماس فەقەت،

① بىشى ئۈتكەن ساندا

كىم ئۇشۇق دەر يۈزدە قاندىن بىر قوشۇق بولماس فەقەت.
قىلدى بىزنى جىسمى جان خورەك ئۈچۈن ھەر قىسمى نان،
كىمكى مۆئمىن كۆڭلى ئىماندىن قۇچۇق بولماس فەقەت.
قويدى ئىماننى مۇسۇلماننىڭ كۆڭۈل ساندۇقىدا،
ئىگنى يۆرگەپ تەننى زىيجاندىن ئۈچۈق بولماس فەقەت.
مەن بەيان قىلسام ئىگىننىڭ ئىسمى نەچچە قىسمىدۇر:
سەللە، تەلفەك، بۆكنى ئايغاندىن سولۇق بولماس فەقەت.
بار كۇلاھ، جەندە، چاقان، كۆڭلەكۇ يەكتەك ھەم لىچەك،
جۇببە، چەچمەك بىرلە ئىشتاندىن سۇۋۇق بولماس فەقەت.
يەنە ھەم فەشمەك، جۇيازە، ئاق فەرەنجى، رويمال،
قۇركەمەر، بەلباق، بۇ مەرداندىنمۇ يوق بولماس فەقەت.
قالماسۇن قالفاق، قۇلاقچە، قولغە فەيلەي، ئويماق ھەم،
قىش كۈنى توڭاپ يىقىلغاندىنمۇ يوق بولماس فەقەت.
دەفكۇ، فايفاق يا كەفىش، مەيسە، ئۆتەك، چورۇق، جوراپ،
ئىچىگە قۇتى سافىلغاندىن يورۇق بولماس فەقەت.
ئۆز دىيارىم ئەھلىنىڭ كىيگەن ئىگىنلەرىن دېدىم،
سۆزكى يوق ئىگىن قاتىلغاندىن بۇزۇق بولماس فەقەت.
مەن سوراپ ئايتسام ئىگىننىڭ قىسمىنى مىڭدىن ئاشار،
كىم دېگەي: ئىگىن تافىلغاندىن يۇتۇق بولماس فەقەت.
كىيدى ئابدۇللاھ يۇتۇقنى، كىم دېدى: سەن كىيمە دەپ،
كىيمەسە جىسمى ئاچىلغاندىن يوفۇق بولماس فەقەت.

بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم

## بابى ئەۋۋەل بەيانى دادا - ئانا

## ئەۋۋەلقى باب ئاتا - ئانا، خىيشاۋەندىلەرنىڭ بەيانى

[ئاچقۇچ سۆزلەر]: بۇ باب - ئاتا، ئانا، بوبا، موما، ئاكا، ئۇكا، ئاپچا، سىڭىل، قارىنداش، فەرزەند، نەبىرە، ئوغۇل، قىز، كۈيەۋ، خوتۇن، قېيناتا، قېينانا، كۈيئوغۇل، كېلىن.

### ئاتا

ئەي يارانلار، لۇتفى ھەقدىن يەر - جەھان قىلغان ئاتا،
ۋاي بالام دەپ يەرگە ھاۋلى، ئۆي - مەكان قىلغان ئاتا.
ئاناسىدىن بىر قىزىل گوشتدەك تۇغۇلسە سۆيۈنۈپ،
ئۆزىنى مىھمان قىچىرماقغە رەۋان قىلغان ئاتا.

كەلسەلەر مېھمان ئۆلارگە ياخشى دەستۇرخان سالىپ،
خىزمەتىدە ئۆزلەرىنى ھەرقايان قىلغان ئاتا.
بارچەلەرگە چاي قويۇپ، فەرزەندىگە ئات قويدۇرۇپ،
ئاڭا ئاش ـ نان ئۈستىگە كۆڭلەك ـ چافان قىلغان ئاتا.
ئاشنى فات ـ فات يېگەلى، ئىگىننى قات ـ قات كىيگەلى،
سۆزنى ۋات ـ ۋات دېگەلى گويا زەبان قىلغان ئاتا.
بولسە بۇ فەرزەند بالىغ فۇل بىلەن ئۆيلۇك قىلىپ،
تەربىيەتنى يىلۇ ئاي، كۈن ھەرزەمان قىلغان ئاتا.
كۆڭلى فەرزەندىغە مۇشفىق ھەم ئانىڭ فەرزەندىغە،
شەفقەتىنى بالاسىغە ھەر قاچان قىلغان ئاتا.
ئۆلسە فەرزەندى مۇبادا، ۋاي بالام دەپ ئاھ ئۇرۇپ،
ئۆزى بىريان، كۆزى گىريان فۇل تالان قىلغان ئاتا.
نەمازىنى ئوقۇتۇپ بولسە لەھەدكە كۆمدۇرۇپ،
كۆڭلىدە فەرزەند داغىنى نىھان قىلغان ئاتا.
بەئزىنى ئەرگە بېرىپ ھەم بەئزى قىزىنى تاڭىپ،
نەفسى شەھۋەتنىڭ بەلاسىدىن ئەمان قىلغان ئاتا.
ئۆزنى تابىئىسگە ھاكىم، بالالارنى بەگ قىلىپ،
كۆپ تېرىپ كەفىز، قوناق، بۇغداي ـ سامان قىلغان ئاتا.
شال، كۆمەك، فۇرچاق، زىغىر، زاغۇن، بېدە، ئارفە، تېرىق،
ماش، لوبىيا تېرىغانلارنى بەيان قىلغان ئاتا.
يا ئانىڭ فەرمانى بىرلە سودەگەرلىك قىلسەلەر،
بىر سۆزى ئەسلا خەتا كەتمەي ھەيان قىلغان ئاتا.
تاپقان ئاش ـ ناننى خوتۇن، فەرزەند، كېلىنگە يېدۇرۇپ،
ھەم كۈيەۋ ئوغلىنى چىرلاپ داشقازان قىلغان ئاتا.
كەلسەلەركىم خىيشلارىنىڭ خىيشى ھەم دوستىغە دوست،
مېۋەنى تارتىق قىلىپ باغنى خەزان قىلغان ئاتا.
يىل باشى كۈنلەردە كەلسە ئەبرە ـ نەبرە ياسانىپ،
چالدۇرۇپ تەنبۇر ـ دۇتار ئۆيىنى چاغان قىلغان ئاتا.
بەئزى كۈنلەردە قارىنداش كەلسە كۆپ خۇرسەند بولۇپ،
بۇ جەھەنسازلىقدا ئۆتكەننى ئەيان قىلغان ئاتا.
بەئزى كۈندە ئاندا ـ مۇندا بارماقى كەلسە زەرۇر،
بالالارنى يورغاسىدىن يەلتافان قىلغان ئاتا.
سەن قاچان بىلگەيسەن، ئابدۇللاھ، ئاتاڭىنىڭ قەدرىنى،
ئايتماغىل بىرنى باقىپ شۇنداغ يەمان قىلغان ئاتا.

## ئانا

تەگرىغە بەندە تۇغۇپ دائىم چېكىپ زەخمەت ئانا،
رەنجى زەخمەت بىرلە تۇغقانىغە كۆپ رەھمەت ئانا.

كۆتەرىپ ئۇن ئاي قوساقدا تۇغسە يەرگە بىر كۈنى،
قىلغۇسى مۇنداغ جەفادا جانىدىن ۋەھشەت ئانا.
ئانى يۇپ پاكىزە ئەيلەپ كۆرفەدە يۆرگەپ باقىپ،
ئىچۈرۈر ئاغزىغە دەرھال سۈت بىلەن شەربەت ئانا.
چايناغان نانغە بۇ فەرزەند بولغۇسى دائىم شىرىك،
قايسى تاتلىق نەرسەنى يەپ تاققۇسى لەززەت ئانا.
تۇغۇلۇپ فۇتى توكار، قولى چولاق، ئاغزى گاچا،
تافسە سالغاي بۇ كوماكنىڭ ئاغزىغە نىئمەت ئانا.
ئۆيدە يوتقان، كۆرفە بەلكى جاينەماز، ئەسكى كىگىز،
ھەم چافان، كۆڭلەكنى فاتلاپ فوق بىلەن مىھنەت ئانا.
بەئزى ئاشفەز، بەئزى نانباي، بەئزى سەيفۇڭلۇق قىلىپ،
قاچانى يۇپ، فوق ئىبرىغلاپ، سۇفۇرۇپ ئەخلەت ئانا.
ھاجىلار ئىككى ھەرەمدە تەڭرىنى تافتى دىسەم،
ھەقنى تاپماقلىق رىزايى ئۆيدەكى دەئۇەت ئانا.
خاتۇن ئال دەيدۇر ھەمە راستدۇر ئاڭا ئال تۇشكەنى،
ئوغلىنى ئالداپ بۇ دۇنيادىن قىلۇر رىھلەت ئانا.
يىغلاغان بىرلە تىرىلمەي كەتكۇسى يەر قەئرىگە،
تاپماغاي بىر كۈن ئەجەلنىڭ دەستىدىن مۇھلەت ئانا.
بالانى دەپ روزگارنىڭ راھەتىدىن ئايرىلىپ،
مۇز بۆشۈك بىرلە كۆرەلمەي لەززەتى شەھۋەت ئانا.
بىلسەڭ، ئابدۇللاھ، سىنى ھەم شۇنچە باققاندۇر ئاناڭ،
ئايتماغىل شول خىزمەتىنىڭ ئورنىغە لەئنەت ئانا.

## چوڭ دادا

ئاتاسىنىڭ ئاتاسىنى بارچە دەپدۇر چوڭ دادا،
ئۆزى بىرلە ئاتاسىغە بىر سەبەبدۇر چوڭ دادا.
شۇبۇ بۇزۇرگۋار ھەياتلىقدا ئەجەب ياخشى مەزار،
ھەركۈنى فەرزەندىغە مەقسەد ـ تەلەبدۇر چوڭ دادا.
ھەرقاچان بىر مىۋە تاپسە نەبرەسىنى ياد قىلۇر،
ھېچ شىرىن نەرسەنى يالغۇز يىمەپدۇر چوڭ دادا.
ئوقۇتۇپ ئالىم قىلۇرغە سەئيىسى كۆپدىنمۇ كۆپ،
بىلىشى گويا ئەجەم بىرلە ئەرەبدۇر چوڭ دادا.
ئەھلى فەرزەندىنى ياخشى يولغە سالماقدۇر غەرەز،
نەبرەنى ئادەم قىلىپ بائىس ئەدەبدۇر چوڭ دادا.
بۇباسىنىڭ ياخشىلىق فەرمانىغە قىلسە خىلاف،
شول زەمان ئول نەبرەغە كۆڭلى غەزەبدۇر چوڭ دادا.
بالا خىرمەن كالاسىدۇر، بۇباسى ئاندا مومۇن،
ئاراسىدا يوگۇرۇپ يۈرسە ئەجەبدۇر چوڭ دادا.
بالا بەچچە ئۆزى بىر ئەۋلادلارىغە پىر ئىرۇر،

كۆپ ئۇلۇغلۇقدىن بوبا بىرلە لەقەبدۇر چوڭ دادا.
بوباسىز بىچارە ئابدۇللاھ ئەجەب كۆڭلۈك سۇنۇق،
كۆپ سەنەددۇر ساڭا دائىم خوب نەسەبدۇر چوڭ دادا.

## چوڭ ئانا

ئەي يارانلار، تەربىيەت ئەيلەپ بېقىشلىق چوڭ ئانا،
ياشىغە يەتكەندىن مىزاجى خوش يېقىشلىق چوڭ ئانا.
ھەرقاچان كەلسە كۆرۈپ بۇ نەبرە - فەرزەند دەپ سۆيۈپ،
نارەسىدە بولسەلەر قولغە ئېلىشلىق چوڭ ئانا.
بەئزىلەردە بالا - بارقە، نەبرەلەرنى قىچقىرىپ،
تاپقاننى قازانغە يۇپ سېلىشلىق چوڭ ئانا.
ئانى پىشقاندا ئالىپ فەرزەندىنى قول چايقاتىپ،
ۋاي بالام دەپ ئالدىدا خىزمەت قىلىشلىق چوڭ ئانا.
مېۋە، نان، قايماق، قېتىق، دوغ، شورپە، شىرچاينى قويۇپ،
يەنە لەگمەن، ياغلىق ئاشلارنى ئېتىشلىق چوڭ ئانا.
بالا - بارقە، ئەبرە - نەبرە يانسەلەر ئۆز جايىغە،
باغ ئىچىدە ھەرنە بار - يوقنى قېقىشلىق چوڭ ئانا.
خوبلاشىپ بۇ چوڭ ئاناسى بىرلە شول كەلگەن يىغىن،
ھەممەسىدىن ئايرىلىپ ئۆيدە يېتىشلىق چوڭ ئانا.
يەنە نەچچەند كۈن ئۆتۈپ فەرزەندلەرنى سېغىنىپ،
نەبرەسىنىڭ ئۆيىگە زەللە ئېلىشلىق چوڭ ئانا.
بارسە ئاندا نەبرەلەر گۈل غۇنچەسىدەك كۆرۈنۈپ،
بىر چىرايلىق ئەسسەلام بىرلە كىرىشلىق چوڭ ئانا.
ئەھلى فەرزەند، نەبرەلەردىن ھال سوراپ بىردىن سۆيۈپ،
ھەممەگە كۆپ تۇھفە كەلتۈرگەچ بېرىشلىق چوڭ ئانا.
بالالارنىڭ باشىغە گۈل، قاشىغە ئوسمە تېرىپ،
قويدۇرۇپ بۇ ئوسمەلەرنى بىر غېرىشلىق، چوڭ ئانا.
قاتلاما، سامسۇ، توقاچلارنى قويۇپ ئالدىدا كۆپ،
بارچەلەرنىڭ ئاغزىنى قىلغاي يېمىشلىق چوڭ ئانا.
قىزلارى بىرلە كۈيەۋ ئوغلى مۇۋافىق بولماسە،
ياخشىلاشتۇرماقغە غەيرىدىن كېلىشلىك چوڭ ئانا.
نەبرەلەردىن قىز - ئوغۇل بولسە ئۆزى خوب سۆزلەشىپ،
مەسلىھەت بىرلە ئانىڭ يولىن بىلىشلىق چوڭ ئانا.
ئەھلى فەرزەند ئاراسىدا جەڭ - جەدەل بولسە سوراپ،
بىر ئېغىز سۆز بىرلە ئاغزىنى يىغىشلىق چوڭ ئانا.
يا ئۆلارگە بىر مۇسىيبەت يەتسە ھەم دەرھال كېلىپ،
تەئزىيەت ئەيلەپ يانىپ ئۆيگە كېتىشلىق چوڭ ئانا.
ئەھلى ئەترافىدا توي بولسە ئاڭا شامىل بولۇپ،
سۆزلەرى ئالەم ئاراسىدا سىغىشلىق چوڭ ئانا.
ھەرقاچان بىر مەنفەئەتلىك سۆزنى تاپسە ئاڭلاشىپ،

قۇلاقىنىڭ تۇفاسى بولسە قىقىشلىق چوڭ ئانا.
باشى ئەتمە، قاشى ئۇسمە، ئۇفە - ئەڭلىك يۈز بىلەن،
ئۆيدىن چاققان جۇۋان قالتاق چىقىشلىق چوڭ ئانا.
ئاھ، ئابدۇللاھ، سىنىڭ ھىچ چوڭ ئاناڭ بارمۇ ھەيات،
بولسە ئەلبەتتە سىنى ئەستەپ تىپىشلىق چوڭ ئانا.

## ئاكا

شۇكر، ھەق بەردى قارىنداش بەئزىگە ئول يار - ئاكا،
ئۇكاسىنىڭ غەممنى يەپ كۆرگەلى شول زار ئاكا.
كەلسە تەڭلىك ئۇكاغە دەرھال كىلىپ ھەمدەم بولۇپ،
ئەنبىيالار رۇھىدەك ئول كۆن ئانى قولدار ئاكا.
يا خەلايىقدىن مەلۇل بارسە قاشىغە ناگەھان،
كۆڭلىگە تەسكىن بىرىپ سەبرى بىلەن يوللار ئاكا.
بەئز كۆنلەردە سەرەمجان ياكى قەرز سورسە بىرىپ،
بولغۇسى ئاندا ھەمە بىگانەدىن شول يار - ئاكا.
بىر چىنى چايدا مۇبادا يادلانىپ قىچقىرسەلەر،
ۋاي ئۇكام دەپ بويىنىنى ئاندىن قاچان تولغار ئاكا.
جانىغە ئەھلى جەھانلاردىن جەزا يەتسە ئەگەر،
دوستلارى بىرلە ئاڭا ھامى بولۇپ غولدار ئاكا.
بەئزى دۇشمەن كافشۇغاندا دەرمەھەل پەيدا بولۇپ،
ئانداغ ئادەملەرنى ھەم رەسۋا قىلىپ بۇلغار ئاكا.
ئاش - ئوزۇقسىز كۆنلەرى بارسە مۇبادا قاشىغە،
خورجۇنىغە ئۇن قۇيۇپ قىلغاي ئانى كۇلبار ئاكا.
سورسە ناگاھ بەئزى نەرسەم يوق، ئۆيۈڭدە بارمۇ دەپ،
ئايتقۇسى ئۆيدىن سوراپ جانىم ئۇكام ئول بار، ئاكا.
ھەر كىشىگە ئۇكا لازىم ئاكا ھەم ئاندىن زۆرۈر،
سەن كىچىك دەپ گەردەنىنى قىلماغاي بولجار ئاكا.
كۆپ خەلايىقلار قارىنداشدەك يۈرەر بەش - ئالتە كۆن،
ئايتماغاي يانچۇقدا فۇل بولسە ماڭا غول بار ئاكا.
ئاھ، ئابدۇللاھ، سىنىڭمۇ بىر ئاكاڭ بولسە ئىدى،
نىش ئۇرۇپ سىنى چاقارمۇ زەرىق ئاخۇند مار، ئاكا.

## ئۇكا

ھەق بىرىپدۇر ئاكالارغە ئەھلى ئۇلفەتلىك ئۇكا،
ئۇلفەتى بىرلە ئانىڭ ئالدىدا خۇلقەتلىك ئۇكا.
كىچە - كۈندۈز مۇنسى ھەم مۇڭداشى ھەم مۇخلىسى،
ھەم قاياشى ھەم ئاداشىدۇركى سۇلكەتلىك ئۇكا.
بولسە ھەر يەردە قارىنداش بىر - بىرىگە كۆپ ياراش،
يوق ئۇرۇش بىرلە تالاش بولۇرمۇ كۇلفەتلىك ئۇكا.

ئولتۇرۇردا ھەمدەمىدۇر، يول يۈرەردە ھەمرەھى،
ئۆزگەلەردىن مەھرەمىدۇر ئۆيگە رۇخسەتلىك ئۇكا.
كۆرسەتىپ كۆپ مەسلەھەت ھەم مەنفەئەت ھەم مەرتەبەت،
ھەق تەرەفكە مەئرىفەتنى دىندا قۇربەتلىك ئۇكا.
غەيرىدىن كۆپ ئاشنا، قىلغان ئىشىدۇر جابەجا،
سۆزلەرىدە نارەۋا يوق ھىچ سۇرەتلىك ئۇكا.
كۆڭلىدە سىر بولسە مەخفى لايىقىدۇر ئايتقالى،
بەئزى دەردىگە خەرىدار بولغۇسى چۇقۇقەتلىك ئۇكا.
كۆرگۈسىدۇر ئۆزنى مەئقۇل، سۆزنى مەقبۇل ھەرزەمان،
تېرىغاندىن قىلدى مەھسۇل تافسە فۇرسەتلىك ئۇكا.
ئاكاغە ئىززەت قىلۇر، ئىش بۇيرۇسە خىزمەت قىلۇر،
كۆڭلى خوب ھىممەت قىلۇر، كۈچ بىرلە قۇۋۋەتلىك ئۇكا.
بولسەلەر تەبئى بىسىق بولغاي ئاكاسىغە رەفىق،
كۆرگەلى ئوتدەك قىزىق كەلمەككە جۇرئەتلىك ئۇكا.
ئۆلسە ناگاھ، ۋاي قارىنداشىم دىمەسمۇ يىغلاشىپ،
ئەھلى ماتەم ئاراسىدا ئىسمى شۇھرەتلىك ئۇكا.
بۈگۈن - ئەرتە ئۆلسە ئابدۇللاھ، كېلۇرمۇ ئۇكاسى،
قايدا كەتتىلىك تاز ئاكام دەپ خۇشمۇ غەيرەتلىك ئۇكا.

## ئايچا

بېرىپ ھەق بەندەگە دىلدار ئايچا،
ئۇكام دەپ يىدىنى يىلدار ئايچا.
ئاناسىدەك قىلىپ كۆپ مېھرىبانلىق،
ئانى بىگانەدىن ئىلغار ئايچا.
قاياندا ئاڭلاسە بىر فايدالىقنى،
قولىنى شول تەرەف شىلتار ئايچا.
ۋە بەئزەن نەرسەلەرنى سورسە ئاندىن،
دىگەي ئاندىن نەچە خىل بار، ئايچا.
يەمانلىق قىلسە ھەر دۇشمەن ئانىڭغە،
ئانى يوق - بارىدا تىللار ئايچا.
كىشىكىم بولسە مەزلۇملار بىلەن يار،
ئۆلارنىڭ ھەممەدىن خىل يار ئايچا.
ۋەفاسىز بولسە چوڭ ھەمشىرە ناگاھ،
ئانى كۆڭلۈڭدە سەن بىل خار ئايچا.
ھەر ئادەم بەرسە دەشنام ئۇكاسىغە،
ئانىڭ ئاغزىدا ھەم تىل بار ئايچا.
ئەگەر ئول ئۆلسە ئىلگىر ئايچاسىدىن،
قاياشىم دەپ بۇ يىغلار زار ئايچا.
مەدەدسىز قويماسۇن رۇھۇڭغە دەپ قوي،
ھەياتلىقدا ئانى بىل، بار ئايچا.
يوق، ئابدۇللاھ، سېنىڭ ئايچاڭمۇ ئەسلا،
ساڭا ئۆزنى سۆۋار گىلكار ئايچا.

## سىڭىل

بولسە ھەمشىرەڭ كىچىك ئايتقىل ئانى، ئەي يار، سىڭىل،
ئايتماغىل ھەرگىز ئانى لازىم ئەمەس بىكار سىڭىل.
ھەركىشىنىڭ سىڭلىسى باردۇر قارىنداشى ئېرۇر،
سەن ئانى سىڭلىم دىسەڭ سەندىن ئەمەس بىزار سىڭىل.
ئول ئاتاڭ بىرلە ئاناڭنىڭ كۆزلەرىنىڭ نۇرىدۇر،

سۆزى بۇلبۇل، يۈزى گۈل ھەم يىدلارى ئىفار سىڭىل.
ئاكا - ئۇكا ئايچاغە مۇھتاج ئۇشۇل بىچارەلەر،
بولسە قاشىدىن يىراق ئەلبەتتە كەمدىيدار سىڭىل.
كىم ئانى بىۋەجھ ئاغرىتسە ئانىڭدىن ھەق مەلۇل،
ئانى كىم ئاغرىتماسە كۆڭلى ئېمەس بىمار سىڭىل.
ھەق ئۇشۇل ھەمشىرەلەرنىڭ بەختىنى بەرسۇن دەۋام،
بەختى بولسە ھەرقاچان ئاتلىق كېلىپ يايرار سىڭىل.
بولسە ھەمشىرە مۇبادا تۇلۇ بەدتالىئ زەبۇن،
ئولتۇرۇپ مىھنەت بىلەن كۆڭلەك ياماپ شەيدار سىڭىل.
كىيسە بۇ شىداق ئىگىنلەرنى قاياشىنىڭ ئالدىدا،
ھەممەسىنىڭ كۆڭلىگە ئار كەلتۇرۇپ قىينار سىڭىل.
ئاندىن ئۆتسە دۇشمەنىنىڭ ئىشىكىدە خارۇ زار،
ئاغزىنى قاتتىق كۆيۈك نانلار بىلەن غىدار سىڭىل.
ئۆلمەگۇنچە كىم بىلۇر ھەمشىرەلەرنىڭ قەدرىنى،
بىلسە بىر تۇغقان قارىنداش، بىلمەسە نې نار سىڭىل.
ھەرقاچان ھەمشىرە بۇلبۇل بار، چەمەن گۈل باغ ئېرۇر،
گۈلدىن ئايرىلسە چالۇر دىۋانەدەك سىپار سىڭىل.
شۈكر قىلمايسەنمۇ، ئابدۇللاھ، ئىكى سىڭلىڭمۇ بار،
سىنى ياد ئەيلەپ تۆنەكدە ئۇخلاماي بىدار سىڭىل.

## قارىنداش

ئىشتكىل جانۇ جانانىم، قارىنداش،
ماڭا سەن گۈلۈ رەيھانىم، قارىنداش.
كۆزۈم رەۋشەنلىكى دىدارىڭ ئۇچۇن،
قىزىل گۈل ھەم گۈلىستانىم، قارىنداش.
جەمالىڭنى كۆرەرگە زار بولدۇم،
ئىچىمدە كۆپدۇر ئارمانىم، قارىنداش.
ماڭا سەندەك كۆرۈشلىك قايدا بولغاي،
كۆڭۈل شەھرىدە سۇلتانىم، قارىنداش.
خەزان يافراغىدەك سارغاردى يۈزۈم،
بارۇرغە يوقدۇر ئىمكانىم، قارىنداش.
يولۇڭغە تەلمۇرۇپ يىغلارمە ھەر كۈن،
كېلۇر دەپ ئۆيگە مىھمانىم، قارىنداش.
كىچە - كۈندۈز ساڭا ھالىمنى ئايتسام،
بۇ دەردىمدىن فەرىشانىم، قارىنداش.
ئەجەب ئۆلمەي ئىكۆۋلەن ئايرىلىپمىز،
يۈرەكلەر بولدى بىريانىم، قارىنداش.
سىنى مەن كۆپ سېغىنغاچ زار ئەيلەپ،
يېتىشمەس زارۇ گىريانىم، قارىنداش.
تىرىكلىكدە ماڭا سەن بىر دۇئاگوي،
ئەگەر ئۆلسەڭ شەھىدانىم، قارىنداش.
دۇئايىڭ مۇستەجابىدىن يۈرۈپمەن،
نە ئارماندۇر قارىغانىم، قارىنداش.
سىنىڭ ئالدىڭدا بارچە فايدا بىكار،
نەدۇركەسىبىم تىرىغانىم - قارىنداش.
كۆرەي دەپ مەن قاشىڭغە بارغانىمدا،
دېگەيسەن: كەل، غەرىبانىم، قارىنداش.
خۇدادىن ئۆزگە سەندەك نە كىشىم بار،
ئېرۇرسەن پىرۇ ئىشانىم، قارىنداش.
ماڭا سەنسىز بۇ كەڭرۇ شۇنچە دۇنيا -
قاراڭغۇ، تار زىندانىم، قارىنداش.
بۇ كۆڭلۈم بىر نەزەر چەشمىڭغە مۇشتاق،
نەزەر يوق بولسە سىنغانىم، قارىنداش.
تۇتۇپدۇر سىرنى ئابدۇللاھ كۆڭۈلدە،
گۇۋاھدۇر ئاڭا ئىمانىم، قارىنداش.

× × ×

فەرشاندۇر كۆڭۈل يادىڭدا، ئەي جانىم قارىنداشىم،
جىگەر پارەم، كۆزۈمنىڭ نۇرى ئىمانىم قارىنداشىم.
ئەجەب بۇ جاننى تەرك ئەتمەي تىرىكدۇرمەن بۇ ئالەمدە،
ھەياتىمغە سەبەب سەن پىرۇ ئىشانىم قارىنداشىم.
ئۇشۇل كۈن سەندىن ئايرىلدىم قاراڭغۇ بولدى بۇ ئالەم،
كىشى بىلمەس ئۆزۈمدىن ئۆزگە زىيجانىم قارىنداشىم.
كۆزۈمگە بىر كۆرۈنمەيسەن، كۆڭۈلدىن ياكى چىقمايسەن،
فىراق دەردى فۇتولگەندۇركى فىشانىم، قارىنداشىم.
جۇدالىق دەردى بىرلەكىم، كۆڭۈلنىڭ تاقەتى يوقدۇر،
يېتىشمەيدۇر ساڭا بۇ نەۋھۇ ئەفغانىم، قارىنداشىم.
فەلەك كەجرەۋلىقىدىن دەردۇغەمگە مۇبتەلادۇرمەن،
دېگىلىكىم سېنى سورماق خەيرۇ ئېھسانىم، قارىنداشىم.
ئىبەرمەككە تۇزۇك - لايىق نېمەرسە تافمادىم تۇھفە،
ساڭا تۇھفەم ياشىمدۇر، ئەي ئەزىزانىم قارىنداشىم.
ئىرادەدۇر ئەجەب ئۆلمەي تۇرۇپ بىز ئايرىلىپ كەتتۇك،
كۆڭۈلدىن ئايرىماسمەن بولسە ئىمكانىم، قارىنداشىم.
بۇ كۆڭلۈم ئىچى پۇر غەمدۇر غەمىڭدىن ئۆزگە غەم يوقدۇر،
سېنى كۆرگەندە قالماس غەم، ئەزىزانىم قارىنداشىم.
ھەياتىم ئەترى خۇشبۇيۇم، مەماتىمدا دۇئاگويۇم،
ۋە خۇشروي، ياخشى خۇشخۇي گۈلى رەھھانىم، قارىنداشىم.
قۇرۇق تىل بىرلە يازدىڭ بىر قارىنداش نامە ئابدۇللاھ،
دېمەسمۇ تۇھفەگە ئىچى ئېچىشتانىم قارىنداشىم.

× × ×

كېلىپ دەردىم سوراپ ئايتساڭچۇ ھالىمغە، قارىنداشىم،
قالۇرسەن سورماساڭ ئاخىر ۋەبالىمغە، قارىنداشىم.
ئەزەل كۈندە يازىلمىش بىز تىرىكلىكدە جۇدا بولماق،
سەبەب نېدۇر فەلەك بەدكار زالىمغە، قارىنداشىم.
سېنىڭسىز ھېچ يارۇغلۇق يوق كۆزۈمگە ھەرقايان باقسام،
خۇدادىن ئۆزگە كىم يەتكەي بۇ نالىمغە، قارىنداشىم.
ئۆزۈڭدىن ئۆزگەسىنى بىر نەزەرگە ئالماغۇم سەنچە،
مەگەر بەرمەس سېنى كۆڭلۈم بۇ ئالەمغە، قارىنداشىم.
ئەگەر بولسە ماڭا سەندەك قەدىم غەمخار بىر مۇنىس،
ئالاي ھەربىر سۆزىنى قانچە مالىمغە، قارىنداشىم.
ئەجەب ياخشى مۇھەببەتلىك كۆرەشلىك بىر رەفىق ئېردىڭ،
ئەسىز سەندىن قالىپ ئۆتكەن بۇساتىمغە، قارىنداشىم.
سوراپ باقسام خەلايىقدىن قارىنداش تافىلۇرمۇ دەپ،
جەۋاب بەرمەس كىشى ھەرگىز سوئالىمغە، قارىنداشىم.
كېچە - كۈندۈز تەلەبكارىڭ ئېرۇرمەن كۆرگەلى مۇشتاق،

كېلىپ فاتراق مېنى يەتكۈز ۋىسالىمغە، قارىنداشىم.
مۇيەسسەر بولماسە ۋەسلىڭ مېنىڭ ھەم ئۆلگەنىم شولدۇر،
سەبەبدۇرسەن ئەگەر ئۆلسەم زەۋالىمغە، قارىنداشىم.
مۇبادا سەن ئاتام بىرلە ئانامنىڭ نەسلى دەپ كۆرسەڭ،
يېتەرمەن ئىلتىفاتىڭدىن كەمالىمغە، قارىنداشىم.
قارىنداشىنىڭ جەمالىدەك جەھان باغىدا گۈل بارمۇ،
نە باقمايسەن تىكەن گۈل دەپ جەمالىمغە، قارىنداشىم.
كىشى ھېچكىمنى بىر تۇغقان قارىنداشدەك سېغىنغايمۇ،
سېنى كۆرگەندە كەلگەيمەن مەجالىمغە، قارىنداشىم.
بىراۋنىڭ مىڭ قارىنداشى ئۆزىنىڭ بىرگە يەتكەيمۇ،
نە سۆزنىڭ تەھتىگە يەتكەي، نە ھالىمغە، قارىنداشىم.
كىشىنىڭ مىڭ قارىنداشىنى مەن بىرگە تېگىشمەسمەن،
ئۇلار تەڭدۇر فۇچۇق سىنغان سەفالىمغە، قارىنداشىم.
سېنىڭ غەيرىڭ يۇزى، قاش، كىرپىكىيۇ باشىدا ساچى،
قاچان تەڭ بولغۇسى بىرتال ساقالىمغە، قارىنداشىم.
قارىنداشىم تەرەفدىن كەلسە بىر قارغە قاياشىمدۇر،
تەڭ ئېرمەسمۇ ئىتىڭ ئەھلى ئەيالىمغە، قارىنداشىم.
ئەگەر كۆرمەي سېنى ئاخىر جانىمنى ئالسە ئول قادىر،
مۇبادا قالماغايسەن بۇ كەشالىمغە، قارىنداشىم.
دېگەيسەن: ۋاي قارىنداشىم، بۇ شىرىن جاننى بەرگەندە،
نەخىيش ئوخشار، نە بىگانە مىسالىمغە، قارىنداشىم.
مۇنى مەخفى تۇتاي دەرمەن كۆڭۈلگە ئەسلا سىغمايدۇر،
فۇتەي دەپ كەلدىلەر كۆپ سۆز خىيالىمغە، قارىنداشىم.
ئەگەر كەلسەڭ مەن ئۆلگەندە جىنازەم ئىچرە ئايتۇرمەن،
كۆرۈپ: «ھارماڭ قارىنداشىم، قارىنداشىم، قارىنداشىم!»
تىرىكلىكدىن نىشانە بەردىڭ، ئابدۇللاھ، قېنى تۇھفەڭ،
تەرەھھۇم بارمۇدۇر قەددى نىھالىمغە، قارىنداشىم.

## فەرزەند

خۇدايىم بەندەلەرگە بەردى ئەمرىنى تۇتار فەرزەند،
بۇيۇرغاننى قىلىپ ئاش - ناننى تاپسە يۇتار فەرزەند.
ئانىڭ مېھرىنى سالمىش ھەق ئاتاسى ھەم ئاناسىغە،
تىلى يوق تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانىدا سۆز ئۇقار فەرزەند.
فۇتى يولغە، قولى ئىشقە، تىلى كىم كەلسە ئىمانغە،
كۇلۇپ شەھ تۇتىدەك سۆزلەپ بېرىپ، ئويناپ تۇرار فەرزەند.
ئېرۇر ھەقىنىڭ قولى، ساتسە فولى، جەننەت گۈلى ھەم بۇلبۇلى دائىم،
ئۆزى مەتلۇب، يۇزى مەھبۇب، سۆزى مەرغۇبمۇ بار فەرزەند.
ئاتاسىنىڭ قاناتىدۇر، ئاناسىنىڭ نەباتىدۇر،
ئىكەۋلەنىڭ ھەياتىدۇر مۇدام ھەمراھ بولار فەرزەند.
ئانىڭ ئولتۇرغانى خىزمەت، ئەيالى بارغە كۆپ خىسلەت،

ئاتاسىدىن ئالۇر قىسمەت، ئانى گۆردە قويار فەرزەند.
بالاسى بار كىشى قىلغان دۇئانىڭ مۇستەجابى بار،
يەنە ھەر مۇددەئاسى بار ئاڭا بولغاي دۇچار فەرزەند.
ئېرۇر فەرزەندلەر زىينەت، خۇدا قىلغان ئانى قىيمەت،
ئوقۇتسە ئىلمى گەۋھەردىن دۇكانلارنى قۇرار فەرزەند.
ئوقۇپ فەرزەندى ئالىم بولسە ئەجرى بىنىھايەتدۇر،
قىيامەت كۈندە ئەۋۋەلقى سەفدىنراق قوفار فەرزەند.
بۇ سۆزنىڭ راستىلىقىغە كۆپ ھەدىسلەر بار كىتابلاردىن،
ھەمە تابىئلارنى ئاندا دەۋزەخدىن تۇتار فەرزەند.
ئاياغى ئىلمنى دەپ بولسە تۇفراق بىرلە ئالۇدە،
ھەرامدۇر جىسمىغە دەۋزەخ، بۇ سۆزلەرگە ئۇنار فەرزەند.
مۇبادا قارى يا غازى ۋەيا ھاجى بولۇپ ئۆلسە،
بۇ قىلغان ئەجرىنى تاڭلا قىيامەتدە ئۇيار فەرزەند.
ئەگەر كەززاب، ھەرامخور ياكى فاسىق بولسە ئەۋلادى،
ئوشۇل مەھشەر كۈندە ئىت ـ ئىشەكلەردىنمۇ خار فەرزەند.
بولۇپ ئول يەردە دەرماندە، قىلۇر بارچەنى شەرمەندە،
ھەمىشە بولغاي ئەرماندە، ئەزىز جاندىن تويار فەرزەند.
ئاتاسىنىڭ سەناجويى، ئۆلۈپ كەتسە دۇئاگويى،
ئەجەب يىدىلىقغىنا بۇيى، خەلايىقدىنمۇ يار فەرزەند.
بۇلار بىرلە ئۆيى ئاباد، كۆڭۈل غەمدىن بولۇپ ئازاد،
ئۇلار يوق بولسەلەر ناشاد ئەقلى بەر قۇتار فەرزەند.
خۇدانىڭ لۇتف ـ ئېھسانى بىلەن ياخشى ئەتاسىدۇر،
دۇئانىڭ بەرەكاتى بىرلە ئورنىدىن قوفار فەرزەند.
ئاتا بىرلە ئاناسىغە كىشىكىم زەخم يەتكۈرسە،
ئوشۇنداغ دۇشمەنىنى كاف تۇتۇپ گالدىن بوغار فەرزەند.
بەھار بولسە ئاتاسىنىڭ زىرائەت ئىشىدا ھەمدەم،
زەرەر ئۇرغان كىشىلەرنى تۇتۇپ مۇشلاپ ئۇرار فەرزەند.
زىغىر، زاغۇن، قوناق، بۇغداي، تېرىق، شال، ئارفە، فۇرچاق، ماش،
تېرىپ قوغۇن بىلەن تاربۇزنى تۇبىدىن ئۇلار فەرزەند.
زىرائەتكە ئۇلاغ كىرسە ئانى دەرھال ئۇرۇپ ھايداپ،
قاشىغە ئىگەسى كەلگۈنچە ھاۋلىغە سولار فەرزەند.
ئۇنۇپ چوڭ بولسە ئول يەرگە تېرىغان ئاشلىقى بىر كۈن،
يۇلۇپ غەيرى گىياھلار بولسە كۆپ ياخشى ئوتار فەرزەند.
ھەمە ئەھلى ئەيالى ئول زىرائەتنى ئوتاپ قويسە،
يەنە ئايتۇر: «زىغىر بىرلە قوناقلارنى سۇغار، فەرزەند.
قاچان كۈز فەسلى بولغاندا زىرائەت بارچە پىشقاندا،
كېلىپ ئويغاق[1] بىلەن ئاندا تېرىغاننى ئويار[2] فەرزەند.
قوناقلارنى ئۈزۈپ يا ئۇزدۇرۇپ ئەتسە ئاڭا خىرمان،
ئۇلۇغ ـ ئۇششاق كېلىپ زوڭ ئولتۇرۇپ بىردىن سويار فەرزەند.

---

① ئويغاق ـ ئورغاق.
② ئويار ـ ئورار.

قۇرۇپ قالسە قوناقلار يەنە نەچچە كۈنمۇ ئۆتكەندە،
ئاتا دۇمبال بىرىپ شالنى چاناق بىرلە سوقار فەرزەند.
كەفەزلەر ئاچىلىپ ئۆيدە خوتۇن ـ قىزلار بىلەن تەرگەچ،
قولىنى توڭدۇرۇپ ھەركۈن ئىتىزلىقغە قونار فەرزەند.
ئاتاسى ھەم ئاناسى بويرۇغان فەرمانىچە ھەركۈن،
ھەمە ئىشنى قىلىپ كەچ بولسە ئۇخلاپ كۆز يۇمار فەرزەند.
ۋە نەچچە كاسىب ئوغلانلار ھۈنەر قىلغاچ ئاتاسىغە،
ئانى بازاردە ساتسە خۇب ھەياندىن فۇل قوشار فەرزەند.
ۋە بەئزىلەرنىڭ ئوغلى سوداگەرلىك قىلدىلار دائىم،
ھەيان يېدى قاياندا شول تەرەفلەرنى بودار فەرزەند.
ۋە بەئزى بالالار مەنسەب تۇتۇپ كۆپ ئابرو ئالغاچ،
خەلايىقلارنىڭ ئەرزى بولسەلەر ئاڭلاپ سورار فەرزەند.
فەقىرلىق كوچەسىدە قانچەسى باقتى ئاتاسىنى،
يېمەككە فارچە نان، كىيمەككە يۇرتۇق خام چوتار فەرزەند.
گەدالىق كويىدا بەئزەن يىگىتلەر ماڭدى خىزمەتتە،
خەلايىقغە چالىپ بەرگەچ رەباب، تەنبۇر، دۇتار فەرزەند.
ئاتا بىرلە ئانانىڭ خىزمەتىدەك ياخشى ئىش بارمۇ،
بۇ خىزمەت بىرلە دەۋلەت تاپسە خۇب ئىگىز مۇنار فەرزەند.
كىشى فەرزەند قەدرىنى بىلىپ ئۆتمەس ھەياتلىقدا،
ۋە بەئزەن ئاتانىڭ بەرگەن ئاشنى يەپ قۇسار فەرزەند.
ئاتاسى يا ئاناسى قىلسە ناگاھ بىر زەرەر ئىشنى،
قاشىدا ئوغلى ئاقىل بولسە ئول ئىشنى بۇزار فەرزەند.
قاياندا ئاڭلاسە بىر فايدالىقنىكىم ئاتاسىغە،
ئوشۇل يەرگە باراي دەپ ئاندا لاچىندەك ئۇچار فەرزەند.
بارىپ كەلگەندە سورسە: بىزگە قانچە فايدا باردۇر دەپ،
بۇ يەردىن سۆز ئۇزالتىپ قىسسەنى لەڭمەن سوزار فەرزەند.
مۇبادا سودەلىقلاردىن زەرەر يەتسە بەيان ئەيلەپ،
دېگەيكىم ئاتاسىغە فايدالىق يوقدۇر بۇ بار فەرزەند.
خۇسۇمەت قىلسە دۇشمەنلەر جەدەل ئەيلەپ ئۇلار بىرلە،
ئاتا بىرلە ئاناسىغە قىلۇر ئانى چوقار فەرزەند.
كۆڭۈلنىڭ دەردىغە تەسكىن بىرىپ قويسە ئانى ئاڭلاپ،
بۇ قاتتىق ئاچچىغى بۇ سۆزدىن ئەلبەتتە بوشار فەرزەند.
ئىبەرسە ئانى تويغە ياكى نەزرۇللاھغە بارغىل دەپ،
لېگەنگە ئۆزگە مېھمانلاردىن ئىلگىر قول سۇنار فەرزەند.
ئانىڭ ھەمراھلارى ھەربىر كەفام يەپ بولغۇچە ئاشنى،
ئالىپ گوشتىنى ئىلغاپ ئاشنى قارماللاپ بولار فەرزەند.
بۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا چىنى ـ چاي، دۇغ ـ قېتىق قويسە،
بۇ سىنچاينى ئىچىپ ھەم ئول قېتىقلارنى شويار[1] فەرزەند.
قاچان فارۇغ بولۇپ ياناقغە ئۆيدىن چىقسەلەر ناگاھ،
رۇكۇئ قىلغان مەسەللىك خوبلاشىپ ئاندىن ئۇزار فەرزەند.

① شويار ـ شورار.

يەنە ئۇششاق ئەيياللار مىۋە، ئاش - نان دەپ قىلىپ دەئۋاي،
يىمىش يەپ ئەركەلەپ ئويناپ ئاتاسىنى يونار فەرزەند.
ۋە ھەركىمنىڭ يۇسۇفى بىرلە زىلەيخادەك بالاسىدىن،
ئۆزىنىڭ ياخشىراقدۇر بىر چولاق بىرلە توكار فەرزەند.
ئانى ھەقدىن ئەتا، قولغە ئەسا، نەغمە - نەۋا دەرمەن،
باقىپ گەردەنگە مىندۇرگەندە بويىنغە تۇمار فەرزەند.
خۇداغە شۇكرى، ئابدۇللاھ، سىنىڭمۇ بىر ئەيالىڭ بار،
ھەيات بولساڭ ئۆيۈڭدە ئاغاچاڭ قانچە تۇغار فەرزەند.

## نەبرە

خۇدانىڭ لۇتفىدىن چوڭ بولسە فەرزەندى تۇغۇپ نەبرە،
ئاتاسىنىڭ ئاتاسىنى بوبامدۇر دەپ ئوقۇپ نەبرە.
ئىرۇر فەرزەندىنىڭ جانى، كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقى كانى،
يىگەن ئاشى غەنىيمەت ئالدىنى يىغلاپ توسۇپ نەبرە.
تومۇچۇق سايراغاندەك سۆزلەرى ھەم بۇلبۇلى گويا،
قىزىل ئالمە - ئانار دەك چىقىپ ئالدىدا تۇرۇپ نەبرە.
بوبام دەپ يۈگۈرۈپ ئالدىغە كەلگەننى دىگەيلىكمۇ،
كىلىپ ئولتۇرماقى دەرھال قۇچاقىغە قونۇپ نەبرە.
ئۆزىنىڭ ئەھلى ئەۋلادى ئىرۇر ئۆي - خانە ئابادى،
ھەمىشە كۆڭلىنىڭ شادى يىمىشلارنى چوقۇپ نەبرە.
كۆڭۈللەرنى قىلۇر رەۋشەن، ئۇلاردىن ھەم بولۇپ خۇرسەند،
ئاشى ھەلۋا ۋەيا گۈلقەند بولۇر يىسە تونۇپ نەبرە.
ئۇرۇغ - ئەۋلادلارى كۆپ بولغۇچىنىڭ ئاتى ئۆچمەسلەر،
بۇ باسىغە خۇسۇمەت قىلغۇچىلارنى سوقۇپ نەبرە.
بۇلار ئابادىغە يەتسە فۇتۇن بىر يۇرت ئۇلارنىڭدۇر،
جەھاندىن ئۆتكۈسى ئاش - نان تاپىپ چايناپ يۇتۇپ نەبرە.
خۇدا بەختىنى بەرسە بىر شەھەرنىڭ ئۇلۇغى بولغاي،
جەزاسىنى بىرۇر ھەربىر يەمانلارنى تۇتۇپ نەبرە.
مۇبادا تالىئىنىڭ يوقىدىن يۇرسە گەدالىقدا،
يىگەننى ئاتاغاي بىركۈن ئەگەرچە ھەم جۇنۇب نەبرە.
ئەگەر ھەق رەھمەتى بىرلە ئۇلار بولسە سەئادەتمەند،
ئوقۇپ ئالىم بولۇر كۆپ ئىلم كۆڭلىگە يۇقۇپ نەبرە.
مەھالدۇر نەبرە كۆرمەك ئەمدى سەن بىچارە، ئابدۇللاھ،
دۇئا قىلغاي ئىدى بولسە سىنى گۆردە قويۇپ نەبرە.

## ئوغۇل

بەردى تەڭرىم بەندەگە ياخشى دىيانەتلىك ئوغۇل،
ئاتا - ئانا ھەققىغە قىلماس خىيانەتلىك ئوغۇل.
بولماسە فەرزەندى فاسىق، ئوغرى، يالغانچى، ھەرىف،

ئاقىبەت شول بولغۇسى تەۋفىق ـ ھىدايەتلىك ئوغۇل.
نارەسىدە ئوغلى كۆڭلى ئارامىدە بولسە ساق،
تەڭرىنىڭ بۇ ئالەمىدە شول ئىقامەتلىك ئوغۇل.
يەتسە فەرزەندى بەلاغەتكە ھەمە مەقسۇد بۇدۇر،
ئاتاسىغە ھەقتەئالادىن ئىنايەتلىك ئوغۇل.
بارچە ئوغلانلار ۋەزىردۇر ئۆزگەلەردىن بىنەزىر،
كۆپ غەنىدۇر يا فەقىر مۇھمى كىفايەتلىك ئوغۇل.
ئۆيدە غەمخاھ، يولدا ھەمراھ، ئاتاسى شاھ بۇ سىپاھ،
ياخشى ئىشنى تاپسە قىلماقغە ئىرادەتلىك ئوغۇل.
ئاتاسىغە ئىتتىفاق گاھ ئىختىلاف يوللار بىلەن،
ھەر نىچۇك بولسە ھەر ئىشدا خۇب تىجارەتلىك ئوغۇل.
خەلق ئاراسىدا ئاتاسىنى ئاتاندۇرغان سۆزى،
فايداسى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ھەم بەغايەتلىك ئوغۇل.
ئىلمىنى دەپ بەئزى فەرزەندى ئوقۇپ ئالىم بولۇر،
موللا بولغانلار بۇ دۇنيا ھەم قىيامەتلىك ئوغۇل.
ياكى قۇرئان ياد قىلىپ بولغاي بۇ قارى ئاخۇنۇم،
ھەمىە مەجلىس ھەم نەمازدا خۇش قىرائەتلىك ئوغۇل.
بەئزىلەرىنىڭ ئوغلىنى كۆرسەك دىگەيمىز ھەزرەتىم،
ئىستىقامەتدىن دۇئاسى كۆپ ئىجابەتلىك ئوغۇل.
مەقسەدى شۇھرەت ئۇچۇن يۇرگەن ئوغۇل ئىشان بولۇر،
خانەقادا چىھرە «ھۇ» بىرلە ئىبادەتلىك ئوغۇل.
شۇبۇ ئىشانىمنى كۆرگەن بالالار بولغاي مۇرىد،
بولغۇسى خەلفەم بۇ ئىشانغە ئىنابەتلىك ئوغۇل.
بار بۇ خەلفەمنىڭ يانىدا يۇزدىن ئارتۇقراق سۇفۇم،
ھىچ شەرىئەتسىز تەرىقەتكە ئىتائەتلىك ئوغۇل.
ھەر كىشىنىڭ بولسە فەرزەندى ئاڭا ئىككى قانات،
بۇ قاناتلاردا ئۇچۇرماقغە بىشارەتلىك ئوغۇل.
تىرىسە بۇغداي، قوناق، شال، ماش، كەفەز، ئارفە، تىرىق،
لوبىيا، فۇرچاق، زىغىر، زاغۇن ــ زىرائەتلىك ئوغۇل.
بەئزى ئوغلان خەلقنى قوغلاپ يۇرۇر بازارغەچە،
خەلق مالنى مەندىن ئالغاي دەپ خىيانەتلىك ئوغۇل.
بەئزىنىڭ فەرزەندى كاسىبلىقنى قىلدى ئىختىيار،
ئاتاسىغە يارى بەرگەچ بۇ ھىمايەتلىك ئوغۇل.
ھەركىشىنىڭ نەچچە ئوغلى بولسە جانى شۇنچەدۇر،
گاچا ھەم بولسە ئەگەر قولغە ئىشارەتلىك ئوغۇل.
ئاتا بىرلە ئاناسى ئۆلسە نەمازىنى ئوقۇپ،
گۆردە قويغاچ قەبرىنى ھەركۇن زىيارەتلىك ئوغۇل.
نەزرەسىنى بىرىپ ئاندىن قاراسىنى ئۇشاتىپ،
كەڭرۇ ئاش ـ گوشت بىرلە مىھماننى زىيافەتلىك ئوغۇل.
نەچچە يىللار ئاتا بىرلە ئاناسىنى سىغىنىپ،
ئىككىسىنىڭ سۆزىنى ئايتىپ ھىكايەتلىك ئوغۇل.
كىم ئۇلار بىرلە ئەداۋەتلىك ئانى دۇشمەن تۇتۇپ،

قايدا بارسە ئانداغ ئادەمنى شىكايەتلىك ئوغۇل.
بۈگۈن - ئەرتە ئۆلسەڭ، ئابدۇللاھ، سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ يوق،
گۆردە بولغايسەن دۇئاسىز كۆپ بىتاقەتلىك ئوغۇل.

## قىز

خۇدانىڭ سۈنئىنى دەفتەر قىلىپ بۇ قۇل فۇتەرلەر قىز،
نىچۈككىم بارچە مەزلۇملار ئاراسىدا بۇ سەرۋەر قىز.
كىشىگە قىز ئەيال فەرزەندلەرىنىڭ چىلگەسى بولمىش،
ئاتا بىرلە ئاناغە ئۆيدە بىر ساھىب سۇخەنۋەر قىز.
جەھاننىڭ ئۆيلەرىنى كۆرسە قىز بىرلە ئېرۇر ئاباد،
چەراغىنى ياندۇرۇپ ئاخشام قىلۇر ئۆينى مۇنەۋۋەر قىز.
ياراشۇر ئوسمە قاشىغە ۋەيا گۈل قىسسە باشىغە،
جەۋاھىر ئاسسە ساچىغە بولۇر يىدلىق گۈلئەنبەر قىز.
باشىدا سەكىلەك بىر جۇفت كۆرەر كۆزلەر ئانى مەھبۇب،
كۆڭۈلدە ھەممەگە مەتلۇب ئوغۇلدىنمۇ ئۆتەرلەر قىز.
كۆزى سۈنبۇل، سۆزى بۇلبۇل، يۈزى گۈل، ئاغزى فۇل، ھەيھات!
سەدەفدەك تىشلارىنى كۆرسەتىپ بەئزەن كۈلەرلەر قىز.
تۇغۇلسە قىز - ئەيال تەڭرى تەئالانىڭ ئەتاسىدىن،
خۇدا بەختىنى بەرسە خەجلەگەي فۇلنى تۆمەن سەر قىز.
كىشىكىم قىز - ئەيالنى باقىپ كۆپ تەربىيەت قىلسە،
بۇ قىلغاننى ئۇنۇتماي ئانداغ ئادەمگە كۆيەرلەر قىز.
كىشىنىڭ قىزىغە ھەركىم يەمانلىق قىلسە بىۋەجھى،
ئانى بىر ئاڭلاسە قىرغال كەبى ئاندىن ھۈكەرلەر قىز.
ئاڭا كىم ياخشىلىق قىلسە ئۆزىگە قىلغانى شۇلدۇر،
ئۇشۇنداغ كىشىدىن كۆپ خۇش بولۇپ يىلداپ سۆيەرلەر قىز.
ئاتا بىرلە ئاناسىدىن تىرىك ئايرىلماسۇن ھەرگىز،
ئەگەر ئايرىلسە يىغلاپ كۆزلەرىدىن ياش تۆكەرلەر قىز.
بۇ قىز بىچارەلەر ناگاھ ئۆگەيىنىڭ قولىدا قالسە،
چىرايى سارغارىپ ئۆمرى مۇشەققەتتە ئۆتەرلەر قىز.
ئەگەر بولسە كۆرەشلىكراق قارىنداشىنىڭ ئالدىدا،
ئانىڭ كۆڭلى چەكىلمەي ھەر كۈنى تەبئى ئۆسەرلەر قىز.
باقىپ ھەركىم ئانىكىم پەردەئى ئىسمەتدە چوڭ قىلسە،
خۇدايىم بەرسە ياخشى ئادەمىيلەرگە تۇشەرلەر قىز.
جەھاننىڭ قىزلارىغە سەن كۆدۈڭنى قويمە، ئابدۇللاھ،
سېنى كۆرسە فۇخاق ساھىب كېلىپدۇر دەپ بۈكەرلەر قىز.

## كۈيەۋ

مىھر شەفقەتدىن خوتۇنلارنى بېقىشلىقدۇر كۈيەۋ،
قايسى خاتۇن ئەرگە تەگسە خۇش يېقىشلىقدۇر كۈيەۋ.

هەق تائالانىڭ ئەتاسىدۇر خوتۇنلارغە ئېرى،
قىشۇ ياز خاتۇنغە ئىشلەپ فۇل تېپىشلىقدۇر كۈيەۋ.
ئاغاچام توڭدى ساۋۇقغە دەپ ئىگىنىنىڭ غەمىدە،
ئانىڭ ئۇستىگە مەتائلارنى يېپىشلىقدۇر كۈيەۋ.
نازۇ نېئمەت ئۆي سەرەنجامى بىلەن هازىر قىلىپ،
قىشتۇرۇپ بەرگەنني يەپ تۇزنى تېتىشلىقدۇر كۈيەۋ.
يەپ - ئىچىپ فارۇغ بولۇپ ئىش بولسە دەرهال قىلدۇرۇپ،
هەر تەرەفكە بارغالى ئاتدەك چېپىشلىقدۇر كۈيەۋ.
ئۆزگەلەر بىرلە جەهانسازلىق قىلىپ ئاندىن يانىپ،
شول يەرىدىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېتىشلىقدۇر كۈيەۋ.
كەتسە ئاندىن بارغانىچە ئەندەكى ئارام ئالىپ،
خوتۇنىنىڭ يانىدا بىللە يېتىشلىقدۇر كۈيەۋ.
كېچە هەم خىزمەتكە سالسە ئالمەلىقدا ئالمەخان،
باغ ئىچىدە كۆڭلىنى كۆپ خۇش ئېتىشلىقدۇر كۈيەۋ.
يېگەلى ئۇن، گوشت، ياغ، سەي، چاي، گۇرۇچ، تۇز، گۇگۇت،
سۇ، ئوتۇننى تاپقالى ياخشى رەۋىشلىقدۇر كۈيەۋ.
يەنە هەم بىر نەرسە بار يۇمشاق، مۇلايىم رەڭگى ئاق،
ئانى سورسە ئىسمىنى فاختە دېمىشلىقدۇر كۈيەۋ.
يەنە هەم بارمۇ ياۋاش - يۇمشاق مۇنىڭدەك ئەۋلىيا،
ئاڭا كۆپ ئىخلاس قىلىپ كەفەز تېرىشلىقدۇر كۈيەۋ.
ئەر كىشىنىڭ تەئرىفى ئايتىپ تۆگەنمەس هېچقانچان،
هەممە قىلغان ئىشلارى ياخشى رەۋىشلىقدۇر كۈيەۋ.
تاپسە مەزلۇملار كۈيەۋنى ئاڭا ئول بولدى خوتۇن،
ئۆيدە يوقلارنى تافالغانچە بېرىشلىقدۇر كۈيەۋ.
بىلمەدى تا ئۆلمەگۇنچە هېچ خوتۇن ئەر قەدرىنى،
ئاغاچام دەپ يۇز كۆرۇپ كۆڭلى ئېرىشلىقدۇر كۈيەۋ.
چافلادى بىزنى ئەزەل كۇندە ئوشۇل بايتالغە هەق،
مېهرىبانلىقدىن يۇرەكلەرنى يېرىشلىقدۇر كۈيەۋ.
ئېرىنىڭ قەدرىنى هېچ بىلمەس خوتۇنلارنى ئالىپ،
سەبر بىرلە كېچە يوتقانغە كىرىشلىقدۇر كۈيەۋ.
هەق ئىگەمنى هەم مەلائىكلارنى بەرهەق بىلدۇرۇپ،
خوتۇننى مەئسىيەتلەردىن يىغىشلىقدۇر كۈيەۋ.
ئۆلسەلەر گۆردە تىرىلمەك بىرە مىزان پىلسىرات،
سۆزلەرى جەننەت بىلەن دەۋزەخ ئېمىشلىقدۇر كۈيەۋ.
قايدا فۇل تاپسە ئانى بازارغە بىر كۇن ئافارىپ،
خوتۇنغە كۆڭلەك - ئىشتانلىق ئېلىشلىقدۇر كۈيەۋ.
بۆكچى - تەلفەك، راست قىرىم مەيسە ئانىڭغە كىيدۇرۇپ،
بەقەسەم بىرلە ئانى چاققان قىلىشلىقدۇر كۈيەۋ.
هەر قايانغە بارغانىدا خوتۇننى سېغىنىپ،

بەلباقى بىرلە ئانىڭ قوينى يېمىشلىقدۇر كۈيەۋ.
قايسى باغدا مېۋە كۆرسە ئاغاچام بار دەپ ئالىپ،
باغلىقى ئالمە – ئانار، ئۈزۈم، چېمىشلىقدۇر كۈيەۋ.
يېگەلى گوشت – ياغ تۈگەپ قالسە ئۆيدە ھەرقاچان،
ئانى تافماقغە قوفۇپ ئۆيدىن چىقىشلىقدۇر كۈيەۋ.
بىلدى ئابدۇللاھنى ئەھلى ناشەكەر ھەم ئاق نەبات،
چۈنكى خاتۇنلارغە ئانداغ بىر بېقىشلىقدۇر كۈيەۋ.

## خوتۇن

تەڭرىنىڭ فەرماندىن ئەرگە تېگەر ئاقىل خوتۇن،
ئەرگە تەگمەي ئېرىنى ئالماغلىقى باتىل خوتۇن.
بەندەلەرگە ھەقتەئالانىڭ ئەتاسىدۇر ئۇلار،
ئەركىشىنىڭ خىزمەتىدە بارچەدىن قابىل خوتۇن.
بۇ خوتۇن بىچارەلەرنىڭ تەئرىفى بولماس تەمام،
ئەجر قىلسە تاڭلا ھەقغە بولغۇسى ۋاسىل خوتۇن.
ھېچ كىشى ئەسلا قىلالماس ئىشلارىنى شول قىلىپ،
ئۆزىنىڭ مەزلۇملىكىگە بولدىكىم قايىل خوتۇن.
كۈندۈزى سەيفۇڭۇ نانباي بەلكى ھەم ئاشفەز ئېرۇر،
كېچەلەردە سامسۇ ياقماقغە ئەجەپ كامىل خوتۇن.
ئۆيگە خىزمەتكارۇ ھەمراھ تۇغسە ئەرزان ئىنەكى،
بەئزى خىلۋەتدە مۇرادى بولغۇسى ھاسىل خوتۇن.
فاھ، ئانىڭ ئوتلۇق كۆزى، ۋاي ئاھ، ئانىڭ شىرىن سۆزى،
كېچەلەپ گوشتگىردە ياقماقدا ئەمەس جاھىل خوتۇن.
ئاندا ئىككى نەرسە بار: يۇمشاقغىنە، توم – ئاقغىنە،
يۇمۇلاق – فومراقغىنە، تۇتقۇزغالى كاھىل خوتۇن.
ۋادەرىغ، ئول ئىككى نەرسە باغ ئىچىگە بەند ئىكەن،
ئاشكارا باغ ئىچىگە قىلماغاي داخىل خوتۇن.
باغنى ھەركىم كۆرسە ھەيھات ياكى ھەي – ھەي! دەپ قالۇر،
ئالمەسى ئاق يا قىزىلدۇركىم، ئەمەس تاغىل خوتۇن.
باغباغىدۇر شۇبۇ باغبەندنىڭ بېھىشتتەك باغلارى،
باغقە بىزنى قىلدۇرۇر شاشلىق بىلەن شامىل خوتۇن.
بارچە باغقە ئوڭچە، ئابدۇللاھ، ئۆزۈڭ شامىل ئەمەس،
ئوڭچەلىقنى قوي بۇ باغبەند سەندىن ھەم فازىل خوتۇن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى①

## ھېرمان ۋامبېرى

### نەشرگە تەييارلىغۇچى:   باۋۇدۇن نىياز

شايبانىي بۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چوڭ بوۋىسى ئوردىسىنىڭ تۇرلۇك تەرەپلەرگە تارقىلىپ كەتكەن كىشىلىرىنى مۇقەددەس قان قىساسىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئۆز ئەتراپىغا توپلىدى ۋە خېلى كۆپ تەييارلىقتىن كېيىن، سۇلالىنىڭ يوقالغان شانۇ - شەۋكىتىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا بەل باغلىدى. بولۇپمۇ ئەبۇلخەيىرخانغا يۈزسىزلەرچە خىيانەت قىلغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا سىر دەريانىڭ يوقىرى ئېقىمى تەرىپىدىكى بىر ئورمانىنىڭ ئېتىكىدە ياشاۋاتقان بۇرگە سۇلتاندىن قىساس ئېلىش قەستىگە چۈشتى.

شايبانىي كۈچ توپلاپ، تەييارلىق كۆرۈپ بۇرگە سۇلتان بىلەن رىياكارانە تەرىزدە دوست بولۇشتى. تەييارلىق تولۇق پۈتكەندىن كېيىن، سەھراغا ئىنسانىدىنمۇ قىساسكارراق ھەقىقىي بىر دەھشەت سالغۇچى ئۆزۈن قىش كېچىلىرىنىڭ بىرىدە، سەممىمىي ئۈچ باتۇرى بىلەن دۈشمىنى بۇرگىنىڭ سارىيىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە قېرىنداشلىرىدىن نۇرغۇن كىشىنى قەتلى قىلدى. قېچىپ كەتمەكچى بولغان بۇرگە سۇلتانمۇ ھالاكەتتىن قۇتۇلالمىدى. شايبانىي ئۇنى تاپقۇزۇپ كېلىپ قەتلى قىلدى. شۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھۇجۇمدىن كېيىن ياش شاھزادە خېلى كۈچەيگەن ئۆزبېك سۇۋارىيلىرىغا باشلىق بولدى. ئۇلارنىڭ پاناھلىقىدا چوڭ جەڭلەرگە قاتنىشىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

مەركەزدىكى ئەھۋال شۇ تەرىقــــدە بولغاچقا، ئەمدىلـــكتە تېمۇرىيلار بىلــەن توقۇنۇشماسلىققا ئىلاج يوق ئىدى. بۇ دەۋردە سەمەرقەند تەختىنىڭ ئىگىسى ئەبۇسەئىدنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد ئىدى. مەملىكەتنىڭ شىمالىي چېگرىسىنىڭ نائىبى قۇشلىقخان ئوغلى مەجىد تارخان ئىدى.

شايبانىي ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئۆز خىزمىتىگە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. مەجىد تارخان رازىلىق بىلدۈردى، مائاشىنىمۇ بەلگىلىدى. لېكىن مەجىد، ئۆزبېك باشلىقلىرىنىــڭ يەلكىسىگە چىقىۋېلىشنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، خەۋپتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى بۇخارا ھاكىمى ئابدۇلئەلى تارخانغا ئەۋەتتى. بۇخارانىڭ مۇتلەق ھاكىمى ئابدۇلئەلى تارخانىنىڭ سارىيى زىننەت ۋە ھەشەمەت جەھەتتىن ئۆزى تەۋە ھۆكۈمدارنىڭ سارىيىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ ئۆزبېكلەرنى ياخشى قوبۇل قىلدى ۋە مۇغۇللار شەرقىي شىمالدىن ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلاردىن پايدىلاندى.

تۈركىستاننىڭ شىمالىي ۋىلايەتلىرىدىكى ئىمتىيازلىق ھاكىملار (تەۋەلەر) ئىــسيان كۆتەرگەن پەيتتە، ئەبۇلخەيىرنىڭ ۋارىسلىرىدىن ئىسياننى باستۇرۇش ئۈچۈن پايدىلاندى. لېكىن ئۆزبېك شاھزادىلىرى بۇ يەرنى ئۆز ۋەتىنىدەك ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى

---

① بېشى ئۆتكەنساندا

توپلىغان كۈچلىرىنىڭ تەسىرى بىلەنمۇ، ئىش قىلىپ، ھەرقانداق قوراللىق خىزمەت ئۈچۈن توپلانغان ئاددىي مائاشقا قانائەت ھاسىل قىلمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئوترار، سەۋران، سىغناق شەھەرلىرىنى ئۇلارغا بېرىپ، رازى قىلىش لازىم كۆرۈلدى. كېيىنچە ناھايىتى كېڭىيىپ كەتكەن شايبانىي مەملىكىتى شۇ تەرىزدە تەسىس قىلىندى.

ئۆزبېك شاھزادىلىرىگە ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن تەرەپدارلىرى ۋە باتۇرلۇق ھەرىكەتلىرىنى سۆيگۈچى سەھرا پەرزەنتلىرى ئارقا تەرەپتىن ياردەم قىلغانلىقتىن، يېڭىدىن مەيدانغا چىقىپ كېلىۋاتقان شايبانىيلار بىلەن ئىنقىرازغا ئۇچراۋاتقان تېمۇرىيلار ئوتتۇرىسىدىكى تىنىچ مۇناسىۋەتنىڭ ئۇزاق داۋام قىلالماسلىقى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. توقۇنۇشۇشنىڭ سەۋەبى تېز تېپىلدى. سۇلتان ئەھمەدنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا شايبانىي كېلەچەكنى ئويلىغان ۋە نائىب مەجىد تارخانغا قاراشلىق سىر دەرياني تارتىپ ئالغان، ئەمدىلىكتە ئاۋۋالقىدەك مائاشقا خىزمەت قىلىشتىن ۋاز كەچكەن، شۇندىن بېرى تېمۇر سۇلالىسىنىڭ قورقۇنچلۇق دۈشمىنىگە ئايلانغان ئىدى. ياش كۆچمەنچى خانلارنىڭ ناھايىتى كۈچەيگەن جەڭگىۋار ئەسكەرلىرىگە خاس روھى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا نىزا جەڭلىرى ئۈچۈن كۇپايە ئىدى، بۇنىڭدىن تاشقىرى، شۇ زاماندا ماۋەرائۇننەھرنىڭ بەكمۇ چۇۋالچاقلىشىپ كەتكەن سىياسىي ھاياتى، بەگلەرنىڭ باشباشتاقلىقلىرىغا ئوخشاش ھالەتلەر شايبانىينىڭ مەملىكەتنى ئىستىلاھ ئېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

ئۇ ھىجرىيە 905 (مىلادىيە 1500) - يىلىدا بىرىنچى قېتىم سەمەرقەندكە تاجاۋۇز قىلدى. «شايبانىينامە» مۇئەللىپىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، سۇلتان مەھمۇد بايسقۇر زامانىدىمۇ شايبانىينىڭ قېرىندىشى جىزاخ ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلىپ، چوڭ تالاپەت بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان ئىكەن. ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم باشلىغانلىقى ئۈچۈن شايبانىي قېرىندىشىغا تەنبىھ بەرگەن ۋە مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن مىڭ نەپەر يىگىتى بىلەن دەرھال سىر دەرياني كېچىپ ئۆتكەن. ئەمما ئۇنىڭ بۇ يۈرۈشى ئەسكەرلىرىنىڭ خىيانەتكارلىقى تۈپەيلىدىن مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغان. شايبانىي مەجبۇرىي ئارقىغا قايتقان.

شەيخ مەنسۇر شايبانىينىڭ پىرى ئىدى. ئۇ پىرىنىڭ: «ئوتتۇرىسىدىن ئەمەس، چەت تەرەپلىرىدىن باشلاش لازىم» دېگەن كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، مەملىكەتلەرنى ئىستىلا قىلىش پىكرىگە كەلگەن. ئاۋۋال ئۇ ئەتراپتىكى تۈرك بەگلىرىگە مۇراجىئەتنامە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تىمۇرىيلار ھاكىمىيىتىنى پۈتۈنلەي تۈگىتىشكە دەۋەت قىلدى. بۇنىڭغا دەل پەيتى كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

تېمۇرىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ تايانچلىرى نەقەدەر چىرىگەن ۋە ئاساسى بوشىشىپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، سەمەرقەند ھۆكۈمدارىغا سادىق تۈركلەر ھامان كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى. شايبانىي ھەر ھالدا ئۇلارنى ئۆز تەرىپىگە جەلپ قىلىشنى لازىم تاپتى ۋە بۇنىڭغا ئېرىشتى. بۇلار ئارىسىدا ئەڭ مۇھىملىرى كۆچىم سۇلتان، سۈيۈنچخوجا سۇلتان، ھەمزە سۇلتان ۋە سەئىد سۇلتانلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كۈچلۈك قىلىپ تەييارلانغان قوشۇن بىلەن سەمەرقەند ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.

بابۇر بۇ يەردىن ئەنجانغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، دۆلەت بېشىدا قالغان سۇلتان ئەلى نامىدىلا ھاكىم ئىدى. چوڭ بۇۋىلىرى 400 يىلدىن بۇيان سەمەرقەندتە تەشەيخۇلئىسلاملىق قىلىپ كېلىۋاتقان قازى كالان ئابۇلمەكارىم (ئەسلى نامى خوجايەھيا) ھەقىقىي ھاكىم ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى رەھبەرلىك ئىشلىرىغا مۇكەممەل ئەمەس ئىدى، ئۇن كۈنلۈك

قامالدىن كېيىن شەيخزادە ئۈشكەدىن چىقىپ، قىلىنغان ھۇجۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، شايبانىي چەرراخ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، باغى نەۋگە يېتىپ باردى ۋە دۈشمەن لەشكەرلىرىنى ئۈسكەنجىگە ئالدى.

ئۇرۇش كۈن چۈش بولغاندا باشلاندى. شايبانىي ئۆلۈمگە تىك تۇرۇپ، ئۇرۇشقا شەخسەن ئۆزى قاتناشتى. پۈتۈن تۈن بويى ھەر ئىككى تەرەپتىن قىرىلىش داۋام قىلدى. ئەتىسى شايبانىيغا خىزمەت قىلغان ئابدۇلئەلى تارخاننىڭ ئوغلى باقى تارخان سەمەرقەندكە ياردەمگە كەلدى، ئۇنىڭ دابۇسىيە ئىستىھكامىنىڭ يېنىدا قاراگاھ قۇرغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئېلىندى. ئۆزبېكلەر شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سەمەرقەندنى قامالدىن بوشىتىپ، تېز سۈرئەتتە بۇخاراغا چېكىندى. ئۇزىنىڭ پۈتۈن ياردەمچى ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇخارا ئۈچۈن ئۆزبېكلەرگە شەرتسىز تەسلىم بولۇشتىن باشقا چارە قالمىغاندى. شايبانىي بۇخارانى ئۆزىنىڭ باش قارارگاھى قىلدى. ئانىسى بىلەن ئائىلىسىنى شۇ يەردىكى سارايغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، لەشكەرلىرى بىلەن قارا كۆل ئۈستىگە يۈرۈپ كەتتى. چۈنكى بۇ يەر بىرىنچى قېتىم ئىگىلەنگەندىن كېيىن باباي سۇلتان رەئىسلىكىدە قالدۇرۇلغان مۇھاپىزەت قىسىملىرى شىددەت بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلانغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى يېڭىدىن ئىگىلەشكە ئېھتىياجلىق ئىدى. ھالبۇكى ئۆزبېك ھەربىي قانۇنىنىڭ پۈتۈن شىددىتى بىلەن ئىسيانكارلارغا جازا بېرىلگەندىن كېيىنلا سەمەرقەندنى قايتا قامال قىلىش مۇمكىن بولاتتى.

سەمەرقەند يېڭىدىن قامالغا ئېلىندى. شەھەردىكىلەر توققۇز ئاي قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئەگەر ئەمەلپەرەست ئابۇلمەكارىم بىلەن خان سۇلتان ئەلى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ئوچۇقتىن ئوچۇق دۈشمەنلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىسە، ئېھتىمال، مۇستەھكەم بۇ قەلئەنى ئىگىلەش مۇددىتى يەنىمۇ ئارقىغا سۈرۈلۈشى مۇمكىن ئىدى. بۇ زىددىيەتلىك ئەھۋالدىن ياخشى خەۋەردار بولغان شايبانىي سەمەرقەند ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەلىگە: «خوجاۋاسىيلىقىدا ياشاشتىن ھازىرغىچە تويمىدىڭمۇ، ئەبۇلخەير خاندانىدىن ئىنايەت رەببانىيە بىلەن تۇغۇلمىش يۇلتۇزنى تەبرىكلەپ، ھاياتىڭنى ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق يولىدا ئىزلەشكە ھازىرمۇ ۋاقىت يەتمەمدۇ؟» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ ئەۋەتتى. شايبانىي ئۆزىنىڭ بۇ دوستلۇق تەكلىپىنىڭ ياخشى نىيەتتە يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن سۇلتان ئەلىنىڭ ئانىسىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا سورىدى. سۇلتان ئەلىنىڭ ئانىسى بۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈردى. بۇ ئىشلار شۇ قەدەر مەخپىي ئېلىپ بېرىلدىكى، بىر جۈمە كۈنى شايبانىي مۇھەممەدخان قامالدىكى سەمەرقەند شەھرىگە بىر تەرەپتىن كىرىپ كەلدى. بۇنىڭدىن مۇتلەق خەۋەرسىز خوجا ئابۇلمەكارىم شەھەرنىڭ ئىككىنچى تەرىپىدىكى مەسچىتتە ئولتۇراتتى. بۇ ۋەقە ھىجرىيە 906 (مىلادىيە 1500) ـ يىلىدا سادىر بولدى.

تېگىرقاپ قالغان سەمەرقەند ئاھالىسى ئۆز تەقدىرىگە تەن بەردى. ئۆزبېك خانى بىلەن سۇلتان ئەھمەدنىڭ تۇل خوتۇنى زوھرا بېگىم ئوتتۇرىسىدا نىكاھ ئوقۇلدى. لېكىن بابۇرنىڭ ھېكايىسىغا قارىغاندا ئۇنىڭغا ئاددىي ئاق چاچلارغا مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ئەلى ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ مەجبۇرىيەت ئاستىدا بولغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەرمۇ بار. دەرۋەقە بۇ ۋەھشىي ۋە يىرتقۇچ سەھرا خەلقىنىڭ ھاكىمىيىتى سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەر ئۈچۈن ناھايىتى مالال كەلدى. شۇ سەۋەبتىن سەمەرقەندلىكلەر ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن بۇ مەھكۇملۇق زەنجىرىدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى ۋە نىھايەت، ئالىيجاناپ بابۇرمىرزىنى ئۆز بوۋىلىرىنىڭ پايتەختىنى ئازاد قىلىشقا دەۋەت قىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولغان ۋە ئۆز سۇلالىسى مەنپەئەتىگە غايەت سادىق بولغان بابۇر بۇ دەۋىردە ئۆزىنىڭ بىرقانچە ساداقەتلىك تەرەپتارلىرى بىلەن زەرەپشاننىڭ يۇقىرى جايلىرىدا قوشۇن توپلىماقتا ۋە خوجا ئابۇلمەكارىممۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ھىجرىيە 906 (مىلادىيە 1500) - يىلى كۈز پەسلىنىڭ قاراڭغۇ بىر كېچىسىدە قوقەندلىقلار سەمەرقەند دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىشى بىلەن خەلق ئۇلارغا قول ئۇزاتتى. شايبانىي سەمەرقەندنى قانچىلىك ئاسان ئالغان بولسا، شۇنچە ئاسان قولدىن بەردى. چۈنكى، ئۆزبېكلەرنىڭ كۆپىنچىسى قارا كۆل چۆلىدىكى قارارگاھتا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا ئەسلا مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى.

بىرىنچى جەڭدە 400 گە يېقىن ئەسكەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئۆز ئەھۋالىنىڭ پالاكەت بىلەن تۈگىشىنى سەزگەن شايبانىي تېز قۇتۇلۇش ئۈچۈن بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى كۆرۈپ، بۇخاراغا چېكىنىشتىن باشقا چارە تاپالمىدى.

بابۇر سەمەرقەندنى يېڭىدىن ئىشغال قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ھاكىمىيىتى باھارغىچە، يەنى ھارماي - تالماي تۇرغان ئۆزبېك خانىنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە ئەسكەر توپلاپ، يېڭىدىن ھۇجۇم باشلىغان دەۋرىگىچە داۋام قىلدى. ئاڭسىز، شىددەتلىك ھۇجۇملار ۋە شۇ پەيتتە ھەر ئىككى تەرەپ نامايىش قىلغان ھەمدە ھەيرەتكە سالىدىغان قەھرىمانلىقلار كۆپلىگەن ئومۇمىي ئۇرۇشلار بۇخارا - سەمەرقەند ئارىسىدا، سارەپول يېنىدا سادىر بولۇپ تۇردى. بابۇر بۇ ئۇرۇشتا پۈتۈن غەيرەتلىرى زايا كېتىپ يېڭىلدى. كۆپ قىيىنچىلىقلار بىلەن سەمەرقەند قەلئەسىگە مەجبۇرىي قېچىپ كىرىپ، ئامالسىز تەھدىتتىن قېچىپ قۇتۇلدى.

بابۇر بۇ چاغدىكى پالاكەتنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى ياردەمچى موغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ خىيانەتلىرىدىن كۆرسىمۇ، بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەرنىڭمۇ بارلىقى ئىنكار قىلىنماسلىقى لازىم. كېيىنرەك ھىندىستان موغۇل (بابۇرىيلار - س. ئا) مەملىكىتىنى بەرپا قىلغان بابۇر ھەم ئۇنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ مانا شۇ بۈيۈك جەڭدە كۆرسەتكەن ماتانەت ھەم قەھرىمانلىقلىرى ھەر جەھەتتىن تەقدىرلەشكە لايىق، ئەلۋەتتە. ئەمما بابۇر لەشكەرلىرىنىڭ سانى، «شايبانىينامە» مۇئەللىپىنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە 40 مىڭغا يەتكەن بولسىمۇ، ماۋەرائۇننەھردە ۋە ئەنجاندا تىنچ ھايات كەچۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋار لېكىن شەپقەتسىز ئۆزبېكلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يوق ئىدى.

بۇ ئۇرۇشتا بابۇر چوڭ زىيان تارتتى. ئۇرۇش جەريانىدا ئۈچ ئىبراھىم (ئىبراھىم تارخان، ئىبراھىم سارى، ئىبراھىم جانىي) ھالاك بولدى. ھەرقانچە مۇنەۋۋەر پىكىرلىك بولسىمۇ، قىيىنچىلىق ھەم خۇراپاتلىققا ئىشىنىشتىن خالىي بولالمىغان بابۇر ئۈچۈن بۇ مەشئۇم ۋەقە بىر پالىغا ئوخشاش ھەر ۋاقىت كۆز ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئۇرۇشنى ئاۋالقى غەيرىتى بىلەن ھەرقانچە داۋام قىلدۇرۇش ئۈچۈن سەمەرقەندتە تەييارلىق كۆرسىمۇ، ماۋەرائۇننەھردە تېمۇرىيلار ھاكىمىيىتىنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئەكسىگە قايتۇرۇپ بولماسلىق پىكرىگە ئەپسۇسلۇق ئىچىدە قانائەت ھاسىل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

شايبانىي ئۆزىنىڭ غەلىبىسىدىن پايدىلىنىپ، رەقىبلىرىنى تېزلىك بىلەن تەقىپ قىلىشقا باشلىدى ۋە سەمەرقەندنى قاتتىق قامال قىلدى. تۆت ئاي سوزۇلغان بۇ قامال تېمۇر پايتەختى تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر مىنۇتلاردىن ئىدى. قامال قىلغۇچىلار گۈزەل پايتەخت ئەتراپىدىكى بايلىق ۋە نېمەتلەردىن خالىغانچە پايدىلاندى. ئەمما قامال ئىچىدىكى چاغاتايلىقلار بولسا ئۇزۇق - تۈلۈك يېتىشمەسلىكتىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پەۋقۇللاددە يامان

ھېسابلىنىدىغان ئات ۋە ئېشەك گۆشلىرى ھەتتا ئۆسۈملۈك يىلتىزلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئاتلىرىغا بولسا ياغاچ قىرىندىلىرىنى بەردى. بۇنىڭ ئۈستىگە تەرتىپسىزلىك ۋە ئىتائەتسىزلىكلەر قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ بابۇر قوپ - قۇرۇق قەلئە ئىچىدە ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، مىڭ تۈرلۈك تەھلىكە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ھېچ بولمىسا ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش خىيالىدا بىر كېچىدە شەيخزادە دەرۋازىسىدىن چىقىپ، قەلئەنى تەرك ئەتتى. چوڭ ئاپىسى خانزاد بېگىم بولسا ئەسىرگە چۈشۈپ، شايبانىينىڭ نىكاھىغا ئېلىندى.

سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تېمۇرىيلار ھاكىمىيىتى شۇ تەرىقىدە ئىنقىرازغا ئۇچرىدى. ئىنتىقام ھېسسىي جۇش ئۇرغان ئۆزبېكلەر شەھەردە بار بولغانلىكى ھەممە نەرسىنى تالان - تاراج قىلدى. شەھەر ئاھالىسى غالىپلارنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ، قېچىپ قۇتۇلۇش يولىغا چۈشتى. بۇلار ئارىسىدا شايبانىينىڭ ئىنتايىن خەۋپلىك دۈشمىنى مۇۋەققەت ئاقساقال خوجا يەھيامۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تونۇتماسلىق ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە ناھايىتى يامان كۆرۈلىدىغان بىر ئىشنى قىلىپ، ساقىلىنى قىرىپ تاشلىدى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن قۇتۇلۇپ قالالمىدى. ئاخىر تونۇلۇپ قېلىپ تۇتۇلدى - دە، شايبانىينىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈرۈلدى. شايبانىي نېمىشكە بۇنداق ئىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىنى سورىغىنىدا يەھيا ئۇنىڭغا: «خۇدا ياندۇرغان شامنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى پۈۋلىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ساقىلىنى كۆيدۈرىدۇ» دېگەن مەزمۇندا پارسچە بىر شېئىر ئارقىلىق جاۋاب بەرگەن. لېكىن، خۇدانىڭ شامى، يەنى شايبانىي ئۇنىڭ بۇ خىل سەممىيلىكىگە قىلچە ئەھمىيەت بەرمىدى. خوجا يەھيا جامائەتنىڭ تەلەپ - ئارزۇسى بىلەن ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىنى جاللاتقا تاپشۇردى.

شايبانىي بۇرۇنقى سۇلالە تەرەپدارلىرىغا ئىنتايىن قاتتىق قول ۋە مەرھەمەتسىز مۇئامىلە قىلىپ، ئادەملەرنى دەھشەت ۋە خەۋپكە سالدى. بۇنىڭ ياردىمىدە ئۇرەتۆپە ئەتراپىدا ئۆزىگە قارشى خەۋپ ۋە تەشۋىش پەيدا قىلغان قېرىندىشى بىلەن بىتىم تۈزگەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى ئازغىنە لەشكەر بىلەن ئامۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، ھەرىكەت باشلاشقا ئىمكان تاپتى. ئۆزبېك فەتھىنىڭ قانائىتى، كەمتەرلىكى، سەبرۇ قەھرىمانلىق دەرىجىسى ناھايىتى تەئەججۇپلىك ئىدى.

سەمەرقەند تەختىنى ئىگىلەش بىلەنلا شايبانىينى خۇراسان يايلاقلىرى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇ يەردىكى ھىرات تەختىدە كۈچلۈك ۋە شەۋكەتلىك مىرزا ھۈسەيىن بايقارا ئولتۇراتتى. شايبانىي ئۇنىڭ ھالىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بايقاراغا توغرىدىن - توغرا دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى باشلاشتىن تەپ تارتىپ، خۇراساننىڭ مىرزا ھۈسەيىن ھاكىمىيىتىگە تەۋە، لېكىن زەئىپ جايلىرىغا تاجاۋۇز باشلىدى. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى بەلخ ئىدى، ئۇ يەردە شاھزادە بەدىئۇززامان مىرزا ھۈسەيىنگە قارشى ئىسيان بايرىقىنى كۆتەرگەن ئىدى. ئىككىنچىسى سۇلتان ئەھمەدنىڭ سابىق ۋەزىرى خىسراۋ شاھنىڭ مۈلكىگە قاراشلىق يەرلەر ئىدى، شايبانىي ئۆز ھامىيسىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئىنكار قىلىش يولى بىلەن چەتلەشتۈرۈلگىنىدىن كېيىن، ھىسار، خەتلان، قۇندۇز، بەدەخشانى ئۆز مەملىكىتىگە قوشۇۋالدى.

شايبانىي مىرزا ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئۇرۇشقا كىرىشىشتىن بۇرۇن يۇرتىنىڭ ئارقا تەرەپلىرىنى تەھلىكىدىن ئاسراش، يەنى بابۇرنىڭ موغۇل قېرىنداشلىرى خانىكە سۇلتان ۋە ئالاچە سۇلتانلار بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى يېڭىشنى لازىم تاپتى. سىر دەريانىڭ ئوڭ ساھىلىدا، شاھرۇخىيە ۋە تاشكەنت ئەتراپلىرىدا ئۇلارنىڭ موغۇل ۋە قالماقلاردىن ئىبارەت

خېلى كۆپ لەشكەرلىرى مەۋجۇت ئىدى. قىسمەن ھەسەت قىسمەن ھىممەتسىز قېرىنداشلىرى بابۇرنىڭ ئۆچمىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆزبېكلەرگە زەرەر كەلتۈردى.

بۇلارغا قارشى بىرىنچى يۈرۈش سەمەرقەندنى ئىگىلىگەن يىلىدىلا باشلاندى. ناھايىتى سوغۇق قىش كۈنى شايبانىي ئاشلانغان تېرىلىرىگە ئورالغان قوشۇن بىلەن شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. قېرىنداشلىرى سۇلتان مەھمۇد، تېمۇر سۇلتان بىلەن بىرلىكتە جەسۇر ئۆزبېكلەردىن ئىبارەت ئالتە مىڭ كىشىلىك بىر ئىلغار (ئاۋانگارت) قوشۇن تۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما قاتتىق سوغۇق، ئېھتىمال بۇلاردىنمۇ جەڭگىۋار موغۇللار ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدى ۋە بوز - سەھرالاردا شايبانىينىڭ قەلبىدىكى ۋەھشى ئۇرۇشقاقلىق ھارارىتى سۇنۇپ، ئارقىغا، سەمەرقەندكە قايتتى. موغۇللار ئۆرەتۆپىگىچە قوغلاپ كەلدى. گەرچە بۇ شەھەر بۇلتۇر يازدا قايتا ئىگىلىنىپ، خانىكە سۇلتان بىلەن بېتىم تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ھەقىقەتتە بۇ سۇلھ ئەمەس بەلكى تەدبىر ئىدى. چۈنكى شايبانىي خىسراۋ شاھنىڭ مۈلكىگە باستۇرۇپ كىرگەندەك، موغۇللار يەنە شايبانىيغا قارشى دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى باشلىدى. بۇ قېتىم ئۇلار چېگرىدىكى جايلارغا ئەمەس، بەلكى شايبانىينىڭ خوقەندتىكى نائىبى تەنبەل سۇلتاننىڭ يېرىگىمۇ ھۇجۇم قىلدى.

تەنبەل بولسا شايبانىيدىن ياردەم كۈتۈشكە ھەقلىق ئىدى. چۈنكى ئۇ بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ پىتنىسى بىلەن بابۇر تەختىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولغان بىر كىشى ئىدى، ئىككىنچىدىن، ئۆزبېك ھۇجۇمىغا قارشى تۇرىدىغان كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شايبانىينىڭ ھۇزۇرىغا سىرىتتىكى تاجاۋۇزلىرىدىن ۋاز كېچىپ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى تۇران ئىچىدىكى ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى قويۇش ئۈچۈن باشقا سەۋەبلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. شايبانىي ئۆز تەبىئىتىگە كۆرە جەسۇر ۋە شۆھرەتپەرەس ئىدى، ئەگەردە سىر دەريا بىلەن گوبى چۆلى ئارىسىدا ياشىغۇچى موغۇل ۋە قالماقلارغا تايانغان خانىكە بىلەن تېمۇرىيلار بىر ئىتتىپاق تۈزسە ئۆزبېكلەرنىڭ پۈتۈن مەقسەتلىرىنى بەربات قىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شايبانىي بۇنى ناھايىتى ياخشى پەرەز قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ھىجرىيە 911 (مىلادىيە 1505) - يىلى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھەربىي كۈچى بىلەن ئاۋۋال شاھرۇخىيە ئۈستىگە يۈرۈش باشلاپ، ئۇنى قامال قىلىشنى ئەمر قىلدى. كېيىن سىر دەريا بويىغا يۈرۈپ، ئەخسىگە قەدەر باردى. ئۇنىڭدىن ئون بەش مىڭ مۇساپىدە موغۇللارنىڭ بىرلەشكەن ۋە جەڭگە تەييار لەشكەرلىرى تۇراتتى. «شايبانىينامە» مۇئەللىپى ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئايرىم بەلگىلىرىنى ھەم ئۆزبېكلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن تۈگىگەن بۇ قانلىق جەڭلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنى غايەت جانلىق ۋە زوق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

خانىكە قېرىندىشى بىلەن ئەسىرگە چۈشتى ۋە شايبانىي ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى، ئۇلار ھېچ شۈبھىسىز ھالدا ئۆلۈمنى كۈتكەن ھالدا تۇرغىنىدا شايبانىي ئۇلارغا ئامانلىق ئاتا قىلدى ۋە ئالىيجاناپلىق كۆرسەتتى. ھەتتا بەزىبىر نەرسىلەرنى ھىكايە قىلىپ، پالاكەتكە ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن تەسەللى بەردى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھەم مۈلۈكلىرىگە تەگمەسلىك ھەققىدە سۆزلەپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى. شايبانىي ئۇلارنىڭ ئانىلىرى قوماندانلىق قىلغان شاھرۇخىيە قەلئەسىنىڭ تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا ئالىيجاناپ مۇئامىلە كۆرسىتىپ، شەپقەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ ئايالنىڭ كۆڭلى يۇمشىدى. قەلئەلىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاپشۇرۇپ بۇنىڭ بەدىلىگە سۇلھ تۈزۈشكە ئېرىشتى.

شايبانىي ئارقا تەرەپتىكى مۇخالىپلىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئەمدى ھۇجۇم نەزەرىنى ئامۇ دەريانىڭ سول تەرىپىدىكى رەقىبلىرى ئۈستىگە قاراتتى، لېكىن بۇ ئورۇندا ئەھۋال بىر ئاز ئۆزگەردى. ھىسار، قۇندۇز، خەتلان، بەدەخشان ھاكىمى خىسراۋ شاھ بىلەن سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ قول ئاستىدىكى بەگلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر قانچە ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىماي، ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر شىددەتلىك داۋاملاشسىمۇ، ئومۇمىي بىر تەھلىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنى بايقاپ، شايبانىيغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاق تۈزدى ۋە بىرلەشتى. لېكىن بۇ ئىتتىپاقچىلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق تەدبىرلىرىنى ئەمەلدە قوللىسىمۇ، ھىچقانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى.

شايبانىي ئالدى بىلەن خىسراۋ شاھقا ئۇرۇش ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن تەنبەلخان ئۆز شەپقەتچىسىگە قارشى ئىسيان كۆتەرگەنلىكى ئۈچۈن شايبانىي يېڭى ئۇرۇشتىن ئۆزىنى توختاتقان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۆز مەملىكىتىنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا يېڭى كۆچ ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىسيان تۈزكور تەنبەلخان ئۈچۈن ئاكا - ئۇكا قېرىنداش ۋە سىڭىللىرى بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلىش بەدىلىگە ئاياقلاشتى.

شايبانىي شۇنىڭدىن كېيىن تېزلىك بىلەن ئامۇ دەريانىڭ سول ساھىلىغا ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن مۇخالىپلىرىنىڭ بىرلەشكەن لەشكەرلىرى دەرھال خەتلانغا چېكىندى. بۇ دەۋردە بابۇر خەتلاندا ئەڭ كۆپ تونۇلغان ئادەم ئىدى. شۇ پەيتتە شايبانىينىڭ قېرىندىشى سۇلتان مەھمۇد قۇندۇزنى ئىگىلىدى ۋە شۇ جايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى. ئەينى ۋاقىتتا سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ئەڭ سادىق تەرەپدارلىرىدىن خارەزم ھاكىمى چىن سوپىغا قارشى شايبانىي ھەرىكەت باشلىدى. لەشكەرلەرنىڭ ئىلغارلىرىغا شايبانىينىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلدى. قوغدىغۇچى ۋە قاراۋۇل ئورنىدا ئون تۆت كۈنلۈك ياش رەپىقىسىنىڭ باغرىدىن ئايرىلىپ، ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلانغان ئۇبەيدۇللا رەھبەرلىكىدىكى لەشكەرلەرمۇ بارماقتا ئىدى.

ئەسكەرلەرنىڭ ئامۇ دەريادىن كېچىپ ئۆتۈشى قاتتىق قىش ۋاقتىغا توغرا كەلدى. شايبانىينىڭ قوشۇنى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي چىن سوپى ئوردىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسكىرى ھېسابلانغان تۈركمەنلەرنىڭ قارشى تەرىپىدە جايلاشتى. تەرەپلەرنىڭ كۈچلىرى بىر - بىرىگە تەڭ دېيەرلىك ھالدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ھازىرقى خىۋا بىلەن ھازارەسپ ئارىلىقىدىكى خارەزم قەلئەسىنى قامال قىلىش ئۇزۇن ۋاقىتقا قەدەر داۋاملاشتى. قەلئەدىكىلەر تەرىپلەشكە سىغمايدىغان دەرىجىدە پەۋقۇلئاددە قارشىلىق كۆرسەتتى. چىن سوپىنىڭ چەتتىن ياردەم ئېلىش ئۈمىدىنى يوقىتىش ئۈچۈن شايبانىي ئالدى بىلەن خىسراۋ شاھنى يوقىتىشنى لايىق تاپتى. ئامۇ دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ناھايىتى كۈچلۈك ھېسابلانغان خىسراۋ شاھ شايبانىي قوشۇنىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. قېچىپ كېتىۋاتقان پەيتتە قولغا چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ سادىق 700 نەپەر ئادىمى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بېشى كېسىلىپ چىن سوپىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى. بۇ چاغدا چىن سوپى ئاچ قالغان ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ناھايىتى خاراپ ھالەتتە تۇرماقتا ئىدى. لېكىن بۇ «تۆھپە» قەھرىمان چىن سوپىنى دەھشەتكە سالالمىدى. ئۇ دۈشمەننىڭ بارلىق ھۇجۇملىرىغا ئاجايىپ غەيرەت بىلەن ئالتە ئايغا قەدەر قارشىلىق كۆرسەتتى. پەقەت، ئىچەن قەلئەسى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، چىن سوپى ئاشۇ قەلئەنىڭ خارابىلىرى ئارىسىدا ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئوقلىرى بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلدى.

سەمەرقەند ئېلىنغاندىن كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە ئاشۇ كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەت

تۆپەيلىدىن پۈتۈن تۇران شايبانىينىڭ قول ئاستىغا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە پارلىغان يۇلتۇزىنى شەرقتە ئەنجان، شىمالدا شاھرۇخىيە بىلەن تاشكەنت، جەنۇبتا ھىسار، بەدەخشان، بەلخ ۋە خارەزم تەبرىكلىدى. سەمەرقەندنى بېسىپ ئېلىش ھارپىسىدا قوي تېرىلىرىگە ئورالغان ئۆزبېكلەر ئەمدى ماۋەرائۇننەھرنىڭ بايلىق ۋە پاراغەتلىرىگە كۆمۈلدى؛ ئەبۇلخەير ۋارىسلىرىنىڭ شەۋكەت ۋە قۇدرىتى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئۇزاق مەملىكەتلەرگە يېيىلدى.

شايبانىينىڭ سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىغا قارشى ئاساسلىق ھەرىكىتى ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن باشلاندى. بولۇپمۇ ئۆزبېكلەر بىلەن تېمۇرىيلار ئارىسىدىكى قەتئىي كۈرەش پەيتى يېتىپ كەلگەندى. شۇنىڭغا ئاساسەن، ھەر ئىككى تەرەپ كۈرەش مەيدانىغا ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن چىققانلىقى ھەققىدە ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. شايبانىي ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ھەرىكەتلىرى بىلەن ئامۇ دەريا ۋە سىر دەريا ئۆلكىلىرىدىكى بارلىق جەڭگىۋار ئۇنسۇرلىرىنى ئۆز بايرىقى ئاستىغا توپلاش بىلەن كۇپايىلىنىپ قالمىدى، بەلكى ئەڭ مەشھۇر تەرىقەت ئەھلىلىرىمۇ ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن پائالىيەت كۆرسەتتى. ئامۇ دەريا قىتئەسىدىكى ئىران قەۋمى ئۆزۈندىن بېرى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن، ھەر تۈرلۈك تۈرك قەبىلىلىرى تالان - تاراجغا ئېلىپ بارغۇچى بۇ يېڭى تېمۇر ئەتراپىغا يۈكسەك زوقمەنلىك ۋە ھاياجان بىلەن توپلاندى.

سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىغا كەلگەندە، ئۇ مەملىكەتنى تەھلىكىگە ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان خەۋپنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئوغۇللىرىغا ۋە قېرىنداشلىرىغا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن تەخت ئەتراپىغا توپلىنىشقا ۋە مەملىكەتكە باستۇرۇپ كىرگەن ئۆزبېك قوشۇنىغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا ئەمر قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ھىراتنىڭ شىمال تەرىپىدە ئافغانىستان، سىيىستان، خۇراسان، فارس ۋە جۇرجان خەلقلىرىدىن ئىبارەت كۈچلۈك لەشكىرى قوشۇن توپلىدى. بۇلارنىڭ بىرلا كەمچىلىكى - ئوتتۇرلىرىدا بىرلىك ۋە ئىتتىپاق يوق ئىدى. تېمۇرىيلار ئۆزئارا ئۇششاق جاڭجال ۋە ئىختىلاپلار بىلەن بولۇپ قالغان ۋاقىتتا ھىجرىيە 911 (مىلادىيە 1505) - يىلىدا شايبانىي كىرگە يېنىدا ئامۇ دەريانى كېچىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلۇغ تەرەپتىن ئۇلارنى تامامەن پاراكەندە قىلىپ، ئاخىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. شۇ پەيتتە سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا ۋاپات بولدى. ئۆز سۇلالىسىنىڭ ئىنقىرازىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۆلۈشى ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بەختىيارلىق بولسا، بىر - بىرى بىلەن نىزا ۋە غەۋغا ئىچىدە ياشىغان ئوغۇللىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاپاتى شۇنچىلىك بەختسىزلىك ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئۈچۈن ئىتتىپاق ۋە ئابرۇينىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆلەڭگىسىمۇ سۇلتان مىرزا ھۈسەيىن بىلەن بىرگە گۆرگە كىرىپ كەتتى. بولۇپمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەت ئۈمىدى پۈتۈنلەي يوققا چىقتى.

سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ۋارىسى بەدىئۇززامان قوۋم - قېرىنداشلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىردى، مۇشۇ ۋاقىتتا كابۇل ھاكىمى بولغان بابۇر مىرزىمۇ ئۆز ۋەزىرى جاھانگىر بىلەن مەسلىھەتكە قاتناشتى. ئەمما ئوتتۇرىدا سەممىيلىك بولمىغانلىقتىن، بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. بۇ چاغدا مۇرغاپنىڭ ئۇلۇغ ساھىلىغا يېتىپ كەلگەن شايبانىي ئېرىشمەكچى بولغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ناھايىتى قاتتىق ئىشىنەتتى. شۇ سەۋەبتىن تېزلىك بىلەن بەدىئۇززامانغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى ۋە مەرھۇم ھۈسەيىن مىرزىنىڭ چوڭ بۇۋىسى ئەبۇلخەيرگىمۇ چوڭقۇر ھۆرمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئەسلەتتى.

مەغرۇر تېمۇرىي ، يەنى بەدىئۇززامان شايبانىينىڭ ۋەكىلىگە ھاقارەتلىك جاۋاب بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزبېكلەر قوشۇنى دەرھال مەرۋىدىن ھەرىكەتلىنىپ، مەرۋىچاق شەھەرچىسىگە كەلدى ۋە تىمۇرىيلار لەشكىرىنى جەڭگە چاقىردى. ئۆزبېكلەر ئوردىسىدا ھەر كىم ئالغا ئىنتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى؛ تېمۇر سۇلتان، ئابدۇللاخان، مەخمۇت سۇلتانغا ئوخشاش قەھرىمان جەڭچىلەر سەپنىڭ بېشىدا ئىدى. تېمۇرىيلاردىن پەقەت قىبرى گېنىرال زۇنۇن شجائەت كۆرستىپ، ئۆزى ھۇجۇم باشلىدى. ئەمما ناھايىتى تېزلا يېڭىلىپ، ھالاك بولدى. تېمۇرىيلار لەشكىرى ئىچىدە ئومۇمىي بىر خەۋپ ـ ھاياجانلىقنىڭ باشلىنىشىغا پەقەت شۇ بىر ئىشلا كۇپايە قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، سەئىد ئابدۇللا مىرزا مەشھەدكە قېچىپ قۇتۇلدى. ئابدۇلباقى ۋە ئەمىر مۇھەممەد بورۇندۇق سەبزىۋارغا، بەدىئۇززامان ۋە مۇزەپپەر ھۇسەيىن بولسا ھىراتقا قاچتى، لېكىن ئارقىسىدىن ئۆزبېك ئەسكەرلىرى قوغلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بىر نەچچە سائەتلا تۇرالىدى. شەۋكەتلىك سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ۋارىسى بەدىئۇززامان ئۆز ئائىلىسىنى، بايلىقلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ھىجرىيە 913 (مىلادىيە 1507) ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھىرات ئىختىيارىي ھالدا دەرۋازىلىرىنى ئۆزبېك ئەسكەرلىرىگە كەڭرى ئېچىپ بەردى. شايبانىي شەھەرگە كىردى. ئۇ ئەڭ قەدىمكى ئىستېلاچىلارغا قارىغاندا چوڭ ئالىيجاناپلىق كۆرستىپ، شۇ دەۋردە پەن ۋە سەنئەت مەركىزى ھېسابلانغان ھىراتنى بۇلان ـ تالان ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەۋەسكارى بولغان ئۆزبېكلەرنىڭ ۋەيران قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى، پەقەت يۈز مىڭ تەڭگە سېلىق تۆلىتىش بىلەن چەكلەندى (بابۇرنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا شەھەر تالان ـ تاراج قىلىنىپ، ناھايىتى كۆپ زىيان سېلىنغان ـ س. ئا).

شايبانىينىڭ ئۆزى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتى ۋە قېچىپ كەتكەن بەدىئۇززاماننىڭ ئائىلىسىنى ئۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ مۇزەپپەر ھۇسەيىن مىرزىنىڭ خوتۇنىنى كۆرۈپ، شۇ ھامان ئەقلى ھوشىنى يوقاتقان ھالەتتە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. يېشى ئەللىك سەككىزگە كىرگەنلىكىگە قارىماي ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇھەببىتى شۇ قەدەر كۈچلۈك بولدىكى، ئۇنى پىكرىدىن قايتۇرۇشقا ئورۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى. ئۇنىڭ بىراۋنىڭ شەرىئەتلىك ئايالى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمىدى. ئاخىرى شايبانىي ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى. ئالتۇن، كۈمۈش، قىممەتلىك تاشلار، دورى ـ گۆھەرلەر، مارجان ۋە ئالماسلاردىن ئىبارەت خەزىنە شۇ يەرگە ئۇنىڭ قارارگاھىغا ئېلىپ كېلىندى. شايبانىي بەدىئۇززاماننىڭ ئائىلىسىگە نومۇسكارانە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۆزبېكلەردىن قورقۇپ تاغلارغا قېچىپ كەتكەن ئادەملەر كۆپ ئۆتمەستىن ئۆز جايلىرىغا قايتىپ، بۇرۇنقى ھاياتىنى باشلىدى.

شايبانىي سەرەپۇل جېڭى بىلەن ماۋەرائۇننەھر تەختىنى ئىگىلىگەن بولسا، مەرۋىچاق ئۇرۇشى بىلەن پۈتۈن خۇراساننى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزدى. قېچىپ قۇتۇلغان تېمۇرىيلار قارشىلىق كۆرستىشكە باشلىدى. ئەمما غەربىي خۇراساندىكى قەدىمكى موغۇل ئەسكەرلىرىگە ئوخشاش ئۆزبېكلەرمۇ تېزلىك بىلەن ئۇلارغا يېتىپ ئالالايتتى ۋە ئىسيان كۆتەرگەن قەلئەلەرنى قايتىدىن ئىگىلەيتتى. مەشھەدتىكى ئابۇلمۇھسىن مىرزا مەرۋىچاق پالاكىتىدىن خەۋەر تېپىپ ئىراقتا بىر ئاز ئەسكەر توپلىغان ئىدى. لېكىن ئۆزبېكلەر شايبانىينىڭ ئوغلى مۇھەممەد تېمۇر سۇلتان ھەم جىيەنى ئۇبەيدۇللاخان قوماندانلىقى ئاستىدا جام ناھىيىسىنىڭ يېنىدا توساتتىن تېمۇرىيلار ئۈستىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئۇلار قارارگاھىدا تۈن بويى ئەيشى ـ ئىشرەت بىلەن مەشغۇل ئىدى. بىرىنچى توقۇنۇشتىلا ئەبۇلمۇھسىن مىرزا ئۆزىنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئەسكەرلىرى تىرە ـ پىرەڭ بولۇپ قېچىپ كەتتى.

خۇراساننىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى سەبزىۋاردا ئۇرۇش ئامىتى ئۆزبېكلەرگە يار بولدى.

ئۇرۇشتا قوماندانلىق قىلغان ئىبن ھۇسەيىن مىرزا تېمۇرىي ئەسكەرلىرىنىڭ قالدۇقى بىلەن سەبزىۋارغا چېكىنگەندى. ئۆزبېكلەر شەھەرنى ئىگىلىدى. ئەبۇلمۇھسىن گەرچە قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەبۇلباقى ۋە بۇرۇندۇق شاھزادىلەر مۇداپىئە ۋاقتىدا تالاپەت چەكتى. تېمۇرىيلاردىن ئون ئىككى شاھزادە ئۆزبېكلەر قىلىچىدا ھالاك بولغان بولسىمۇ، شايبانىي بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلمىدى. ھىراتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئوغۇللىرىنى خوراساندا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە كەتتى. ئۇنى بۇخارادا تەنتەنىلىك قارشى ئېلىشتى. لېكىن ئۇنىڭ مەقسىتى بۇخاراغا كېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىش ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى نىيىتى سەپەردە ۋاقتىدا ئىسيان كۆتەرگەن موغۇل يۇنۇسنىڭ ئوغلى مۇھەممەدخاننى ئۆزىگە تەۋە قىلىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي ۋىلايىتىگە يول ئالدى.

شايبانىي بۇ يەردە تىنچلىق ئورناتقاندىن كېيىن، ئىستىلا ئىشىنى تاماملاش ئۈچۈن يەنە خوراسانغا قايتتى. ھىجرىيە 914 (مىلادىيە 1508) - يىلىدا جورجان ۋىلايىتىمۇ ئۇنىڭغا ئۆتتى. تېمۇر ئەۋلادىنىڭ بارلىق مەملىكەتلىرىنى دېگۈدەك ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى باشقۇرۇشنى مۇكاپات سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ھەربىيلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ھىرات جانۋاپابايغا، مەرۋى قۇبىزنايمانغا، بەلخ خارەزملىق سۇلتانشاھقا، ھىسار ئەتراپى بىلەن بىرلىكتە مەھدى ۋە ھەمزە سۇلتانلارغا، قۇندۇز ئەھمەد سۇلتانغا، تاشكەنت سۈيۈنچى خوجاخانغا، ئاخسى جانىي بېككە، ئەنجان مەھمۇدشاھ سۇلتانغا، خارەزم قوشچى كوپەككە، تۈركىستان كۆچكۈنچى خانغا بېرىلدى. بۇخارا ۋە قاراكۆل نائىبلىقى شايبانىينىڭ ئۇكىسى سۇلتان مەھمۇدقا، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۇنجى ئوغلى ۋەتەختنىڭ ۋارىسى مۇھەممەد تېمۇر سۇلتانغا تەقدىم قىلىندى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ جاۋاھىرى سەمەرقەند بىلەن كېش ۋە مىيانكەل، ئايالىتى بىلەن بىرلىكتە ئاشۇ مەھمۇد تېمۇرنىڭ سەلتەنىتىگە بېرىلدى.

چىڭگىز بىلەن تېمۇرغا تەقلىد ئاساسىدا شايبانىي ئۆزىگە ئالىي باش قوماندانلىق مەنسىپىنى ئالدى. ئىلگىرى چۆللەردە سەرسان بولغان بۇ ئادەم قورال كۈچى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرى بېسىشقا قۇدرىتى يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئېھتىمال يېقىن زاماندا ئۇنىڭغا ئوخشاش شۆھرەتپەرەس، ئۇنىڭغا ئوخشاش غەيرەتلىك قەھرىمان ھەم مەلىكەتنىڭ چېگرىسىنى غەربكە كېڭەيتىش يولىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن غەيرەت كۆرسەتكۈچى، شايبانىيدەك مەملىكەتنىڭ دائىرىسىنى شەرق تەرەپكە كېڭەيتىشكە ئىنتىلىدىغان باشقا بىر زات ئۇرۇش مەيدانىغا چىقمىغان بولسا، كىم بىلىدۇ دەيسىز، شايبانىي تېمۇرغا ئوخشاش يېڭى بىر غارايىپ يارىتىلغۇچى سۈپىتىدە كۆرۈنەتتىمىكىن؟

بۇ يېڭى جەڭگىۋار شەخس ئۆزىنىڭ زاھىتلىقى ۋە تەقۋادارلىقى سەۋەبلىك ئىران تۈركلىرى نەزىدا مۇھتەرەم سانالغان شەيخ سوفى ئائىلىسىنىڭ پەرزەندى شاھ ئىسمايىل ئىدى (تارىختا سەفەۋىيلەر دەپ ئاتىلىدۇ - س. ئا). شەيخ سوفى ئەردەبىللىك بولۇپ، مەقبەرىسى ئىرانلىلار ئارىسىدا ھازىرمۇ ناھايىتى مۇبارەك ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى 14 ياشقا تولغان ۋە ئۆز تەرىپىدىكى سىياسەتتە دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان شاھ ئىسمايىل دىن نۇرىنىڭ دەبدەبىسى سايىسىدە ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئاددىيغىنە جايىنىمىزنى پۈتۈن ئىراننىڭ ئالىي تەختىگە ئايلاندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.

ئىسمايىل نەسىل جەھەتتىن تۈرك ھېسابلىنىدۇ. گەرچە مەددالىرى ئۇنىڭ دىنىي شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سوپى نەسلىنىڭ يەتتىنچى ئىمامى بولغان مۇسادىن باشلانغانلىقىنى سۆزلىسىمۇ ھەزەر دېڭىزنىڭ غەربىي تەرىپىدە ياشىغۇچى يەتتە تۈرك قەبىلىلىرى ئادەت بويىچە ئۇنى ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ھۆرمەت قىلاتتى.

ئىسمايىل ھەربىي مۇۋەپپەقىيىتى سايىسىدە ئىران بىلەن ئەرەبىستاننىڭ چوڭ قىسمىدا

ھاكىمىيەت ئورناتتى. خۇسۇسەن، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ خىزمىتى ۋە شۆھرىتىنى ئاشۇرغان نەرسە شۇكى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، مەزھىپىنى قاتتىق سۈرئەتتە ھىمايە قىلدى ۋە تەرغىبات ۋاستىسى بىلەن تۆتىنچى خەلىپە ھەزرەت ئەلى ئەۋلادىغا بولغان ھۆرمىتىنى مىللىي ئىبادەت دەرىجىسىگە كۆتۈردى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش قەدىمىي بولغان شىئە مەزھىپىنىڭ سۇلۇكلىرى ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە قارىغاندا ھەر ۋاقىت ئىران خەلقلىرى ئارىسىدا كۆپرەك تارقالغان. شىئەلىك سام قوۋمىدىن چىققان ئىشغالىيەتچىلەر (ئەرەبلەر) تەرىپىدىن ھەر ۋاقىت مەغلۇپ ۋە ئاجىز ئىران ئەۋلادلىرىنىڭ ھېسسىيات - مەيلىلىرىنىڭ جاراھەتلىنىشىگە سەۋەب بولماقتا ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بايسۇنقۇر مىرزىغا ئوخشاش شىئەلەر ياكى ئەرەبلەرنىڭ بۇخارانى ئىگىلىشى ۋاقتىدا شەرىك بىن شەيخ ئەل مەھدىنىڭ غەليانىدىن پەيدا بولغانغا ئوخشاش يوشۇرۇن رەۋىشتە شىئەلىك بەزەن فىرات دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ۋە ماۋەرائۇننەھردە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەركىزى ھەر دائىم ئىران ئىكەنلىكىدىن سۈننىيلەرنىڭ ئەڭ چوڭ نەپرىتى ئۇنىڭغا قارىتىلغانىدى.

بۇ مەزھەپ يوشۇرۇن تۇتۇلغان ۋاقىتتا، رەقىبلىرى ئېتىراز ۋە ئىستېھزا بىلەن قانائەتلىنەتتى. سوپىلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بايراقلىرىغا يېزىپ چىقىشلىرى بىلەنلا سۈننىي خانلىرىنىڭ زىيىنىغا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. كېيىن سۈننىيلارنىڭ غەزىپىنى ناھايىتى كۈچەيتى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ باراۋەر ھالەتتە دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ دۇنياۋى مەقسەتلىرى يولىدا باھانە قىلىشتى. بۇ مەزھەپ دۈشمەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئاسىيانىڭ غەربىدە ئۇزۇن ھەسەن بىلەن ئىستانبول فاتىھى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ۋاقتىدا كۆرۈندى ۋە ئۇرۇشنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەبچى بولدى؛ شۇ پەيتلەردە ئىران تۈركلىرىنىڭ «يا، ئەلى!» دېگەن تاۋۇشلىرى ئاڭلىناتتى.

ئەمما شەرقتە بۇ مەزھەپ دۈشمەنلىكى بىر مۇنچە ۋاقىت كۈل ئاستىدىكى چوغدەك كۆمۈلۈپ ياتتى ۋە مەدەنىي ھاياتتا نازۇك بىر سۈرئەتتە مەيدانغا چىقتى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ساراي ئەھۋالىدىن مەلۇم بولىدۇكى، ھىرات ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئىرانلىق سۈننىي ئەرەبلىرى ئىران مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنىڭ يالغۇز شىئەلەرگە مەخسۇس بولمىغانلىقىنى ئىسپات قىلىدۇ. بىر ئاز كېيىن خۇراساندا تېمۇرىيلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان ئۇزۇن ھەسەن دەۋرىدە بۇ مەسىلە ئوتتۇرا ئاسىيادا، خۇسۇسەن، بۇخارادا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئەبۇسەئىدنىڭ، سۈننىيلەرنىڭ ھەق يولىدا قۇربان بولۇشى ھېسابلىنىدۇ.

شىئەلىك ئىراندا كەڭ تارقىلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بۇ غەيرىي ئېتىقادقا نەپرىتى كۈچىيىشكە باشلىدى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىمۇ ھىرات، بۇخارا، سەمەرقەند ئۆلىماسى شىئەلەرگە ئەبلەخلىق ۋە نومۇسسىزلىق تامغىسىنى بېسىپ، مۇسۇلمان بولمىغانلىرى ئۈچۈن دەپ ئۇلارنىڭ ئومۇمىي رەۋىشتە قۇل قىلىپ سېتىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى ۋە ئۇلار بىلەن نىكاھلىنىشنى مەكرۇھ دەپ ئېلان قىلدى.

شايبانىي مۇھەممەدخان ئۆزىنىڭ خۇراساندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كېيىن، ئىستىلا يولىدا ئىراق چېگرىسىغا يېقىنلىشىپ كەلگەن مەزگىللەردە، سۈننىي ۋە شىئە مەزھەپلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەنە شۇنداق ھالەتتە ئىدى. شاھ ئىسمايىل بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقىشى تەبىئىي ئىدى. تۈركلەر: «قىلىچىنى چىقارغان ئادەمگە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن سەۋەب ئىزلەشكە ئېھتىياج قالماس» دېيىشەتتى. شايبانىي شۇنىڭغا بىنائەن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇ قەھرىمان سوپىغا قارشى جەڭنى مۇقەددەس دىن روھى بىلەن جانلاندۇرۇپ، يەنىمۇ كۈچلۈكرەك ھاياجان ھاسىل قىلىش

ئۇچۇن ئەۋلادىنىڭ بىر ۋائىزى سوپىتىدە يۈزلەندى ۋە ھىجرىيە 914 (مىلادىيە 1508) - يىلى ئۇلارغا مۇنداق مەزمۇندا مەكتۇپ يازدى: «ئەي ئىران ھۆكۈمدارى! ماڭا كەلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا، سەن زالالەت يولىغا ئەگىشىپ، شەيتاننىڭ ئىغۋاسىغا بېرىلىپ، شىئە مەزھىپىنى تارقىتىۋېتىپسەن. سېنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بۇ غەيرى، شەرئىي مەزھەپتىن ۋاز كېچىپ، ئەھلى سۈننەت جامائەسىگە قايتقىن، بولمىسا ياققان ئىسيانىڭنىڭ يالقۇنى ئۆزەڭنى كۆيدۈرىدۇ، سەن پۈتۈنلەي خاتا يولدىسەن. شەيتاننىڭ كاساپىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ زالالىتىڭدىن ۋاز كېچىپ، ھەق يولىغا قايىت. ئەگەر مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم سەن تەرەپتىن ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، بەلكى ھېسابسىز كۆپ لەشكەرلىرىم بىلەن ئىراققا كىرىمەن ۋە ئۆتكۈر قىلىچىمنى قولۇمغا ئېلىپ، سېنىڭ ئىسپاھان سارىيىڭ ھەرقانچە گۈزەل، گۈمبەزلىرى ھەرقانچە ئېگىز بولسىمۇ، ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمەن. مېنىڭ جازايىم ئىراق ئەھلى ئۈچۈن قىيامەتكىچە ئۇنتۇلمايدىغان دەرىجىدە شىددەتلىك بولىدۇ».

شاھ ئىسمايىل بۇ مەكتۇپنى جاۋابسىز قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن، شايبانىي بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىغا تاقاپ، قول ئاستىدىكى كەڭرى مەملىكەتنى يەنىمۇ كېڭەيتىش نىيىتىگە چۈشتى. خوراساننىڭ جەنۇبىدىكى شەپقەتسىز ئۆزبېك ئوردىسى قەندىھارنىڭ نېرىقى تەرىپىگە كېچىپ ئۆتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە كىرمان ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلىق قىلىۋاتقان پەيتتە شاھ ئىسمايىل ھۇجۇمنى توختىتىش قەستى بىلەن شايبانىيغا ۋەكىل ئەۋەتتى. شايبانىي يەنە دوق قىلىش ۋە پوپوزا بىلەن جاۋاب بەردى: سوپىغا قەلەندەرلەر مەخسۇس سەدىقە ئىشلىتىغان كاسكۇل (كاسا) ۋە ھاسا ئەۋەتتى ۋە تۆۋەندىكىدەك مەكتۇپنى يازدى: «بۇ ھەدىيىلەرنى قوبۇل قىلغىن. بۇلار سېنىڭ ئاتاڭدىن قالغان مىراس ئالامەتلىرىدۇر. ئەمما، مەن مەشھۇر ئۇلۇغ بوۋام چىڭگىزدىن مىراس بولغان قىلىچى ۋە ھاكىمىيەتنى ئالدىم. ئەگەر سەن ئۆزۈڭنىڭ تىلەمچىلىك ئۇنۋانىڭدىن رازى بولمىساڭ، ئۆز مۇئامىلەڭدىن كۆرۈپ، ئۆزۈڭدىن رەنجىگىن».

مىرخاندىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا، شاھ ئىسمايىل بۇنىڭغا قارشى: «خوپ، ئەگەر مەن دەرۋىش بولسام، ئۇلۇغ ئىمام رىزانىڭ قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەشھەدكە بېرىش پىكرىدىمەن. سەن بىلەن شۇ يەردە ئۇچرىشىمىز» دېگەن. شاھ ئىسمايىل ئۇرۇش سەپىرىگە تامامەن تەييار ئىدى. شايبانىي بولسا، تىك قىيالار ئارىسىدا جايلاشقان فىروز كوھى قەبىلىسىنىڭ ئىسيانى سەۋەبىدىن جەنۇبقا ھەرىكەت قىلىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇلارنى جازالاش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان پەيتتە، شاھ ئىسمايىلنىڭ كۈچلۈك بىر قوشۇن بىلەن مەشھەد تەرەپكە بېرىشى ھەققىدە خەۋەر ئېلىندى. بۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە سىر دەرياداا قىرغىزلارغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ئوغلى مۇھەممەد تېمۇرنىڭ مويۇنسىز ھەسەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ دەھشەتلىك ھالدا يېڭىلگەنلىكى ھەققىدە ماۋەرائۇننەھردىن پەۋقۇللاددە تەئەججۈپلۈك ۋە قايغۇلۇق ئىككىنچى بىر خەۋەر يېتىپ كەلدى. شۇ تەرىقىدە شايبانىينىڭ كۈچلۈك قولىغا، ئۆتكۈر كۆزىگە ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ تەرەپتىن زەربە سېزىلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇزاق سەپەر مۇشەققەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ لەشكەرلىرى چارچىغان ۋە بوشىشىپ قالغان ئىدى. شايبانىينىڭ ئۆزىمۇ مەرۋىدە، ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە كېتىش ياكى دۈشمەننى چۆلنىڭ ياقىسىدا كۈتۈش توغرىسىدا قەتئىي بىر قارارغا كېلەلمىدى. ھالبۇكى بۇ پەيتتە شاھ ئىسمايىل دامغان، سەبزىۋار، نىشاپۇرنىڭ ساقچى ئەسكەرلىرى بولغان ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ، پەۋقۇلئاددە سۈرئەت بىلەن مەشھەدكە يېقىنلاشماقتا ۋە دەھشەتلىك قوشۇن گۇرۇھلىرى بىلەن تاجاۋۇزنى داۋام قىلدۇرماقتا ئىدى.

شۇنداق ئەھۋالدا شايبانىي ھېچقانداق جايدىن ياردەم ئېلىشقا ئىمكانىيەت قىلالمىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن يىگانە چارە - ۋاقتى يېتىپ ياردەم كېلىپ قالسا، قامالدىن قۇتۇلۇپ

چىقىپ كېتىش ئۈمىدى بىلەن مەرۋى قەلئەسىنىڭ تاملىرى ئىچىدە ئۆزىنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

شايبانىي مەرۋىگە كىرىۋالسا، ۋاقىتتىن ئۇتتۇۋېلىشنى بىلگەن شاھ ئىسمايىل ھىيلە كۆرسىتىشكە ئۆتتى. ئۇ شايبانىيگە قېيدىغان ھالەتتە تۆۋەندىكى مەزمۇندا مەكتۇپ ئەۋەتتى: «سەن مېنى ئەزەربەيجاندا زىيارەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەنىدىڭ. لېكىن سۆزۈڭدە تۇرمىدىڭ. شەخسەن مەن ئۆزۈم خۇراسانغا كەلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن مېنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايسەن. مۇساپىرنىڭ ئالدىدا دەرۋازىلىرىڭنى يېپىۋالدىڭ. مەلۇم بولدىكى، ھازىر سەن بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ئېلىشنى خالىمايسەن. ئىران ۋە ئەزەربايجاندىكى مەلۇم ۋەقەلەر مېنىمۇ قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ يەردىن ئەسكەرلىرىمنى ئېلىپ كېتىمەن. كۆرۈشۈشىمىزنى تەقدىرگە ھاۋالە قىلىشقا قارار قىلدىم».

سۆز ئاخىرىدا ئىشمۇ بېجىرىلدى. ھىيلىگەر ئىران ھۆكۈمدارىنىڭ ئەسكىرى قايتىشقا باشلىدى. قايتۇرما ھۇجۇم باشلاندى. چارچىغان ۋە ئاز مىقداردا قالغان ئۆزبېك ئەسكەرلىرى شەخسەن شايبانىينىڭ قوماندانلىقىدا چېكىنگۈچى ئەسكەرلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مۇرغاپنىڭ نېرىقى تەرىپىگىچە قوغلىدى. شۇ چاغدا ئارقىسىدىكى كۆۋرۈكنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھىيلە قۇربانى بولۇشقانلىقىنى چۈشەندى. 17 مىڭغا قەدەر ئىرانلىق ئۆزبىكلەرنى بىر دائىرە ئىچىگە ئوراپ ئالغاندىن كېيىن، دەھشەتلىك سۇرئەتتە قانلىق جەڭ باشلىنىپ، شايبانىينىڭ ھالاكىتى بىلەن ئاياقلاشتى. دۈشمەنلىرى ئېتىراپ قىلغىنىدەك، ئۆزبېكلەر ھالاكىتىنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەقىقىي قەھرىمانلىق بىلەن قارشى تۇردى. ئۆزبېكلەرنىڭ يېرىمى ھالاك بولۇپ، شايبانىي بىر نەچچە سادىق ۋە قەھرىمان تەرەپدارلىرى بىلەن ئىرانىيلارنىڭ زىچ سەپلىرىنى بۇزۇپ چىقىپ جەڭنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ساراي دائىرىسىگە كېتىشكە ھەرىكەت قىلدى. لېكىن، ناھايىتى تېزلا توتۇلۇپ قالدى ۋە پۈتۈن تەرەپدارلىرى بىلەن بىرلىكتە قەتلى قىلىندى. ئۇنىڭ نۇرغۇن يېرىدىن يارىلانغان گەۋدىسى مۇشۇ خارابە ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارىسىدىن تېپىلدى.

شايبانىي قەھرىمانلارچە ھالاك بولغان ۋاقتىدا 61 ياشتا ئىدى. شاھ ئىسمايىل ئۇنىڭ باش چانىقىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىتىپ، قاچا ئورنىدا پايدىلاندى. ئىككىنچى بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۇنى ئىستانبولغا، سۇلتان بايەزىدقا ئەۋەتكەن ئىمىش. چۈنكى ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى بىلەن سولتان بايەزىد ئوتتۇرىسىدا ھەربىي ئىتتىپاق بار ئىدى. شايبانىينىڭ ئوڭ قولى گەۋدىسىدىن ئېلىنىپ، تۆۋەندىكى مەزمۇندا مەسخىرىلىك بىر خەت بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ تەرەپدارى بولغان، مۇزاندىران ھاكىمىغا ئەۋەتىلگەن ئىكەن. خەتتە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان: «سەن ھەر ۋاقىت شايبانىينىڭ تەرىپىنى ئېلىشنى ئىستەيتتىڭ. پەقەت ئۇنىڭ تىرىكلىكىدە بۇ ساڭا نېسىپ بولمىدى. شۇ تىلىكىڭ ئەمەلگە ئاشسۇن دەپ شاھ ئىسمايىل ھازىر ساڭا شۇ ھامىيىڭنىڭ قولىنى بەردى». بۇنى ئىران تارىخچىلىرى نەقىل كەلتۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىلىرىنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مېيىتى ئۆزى تەرىپىدىن سەمەرقەندتە بىنا قىلىنغان گۈزەل بىر مەدرىسە ئىچىدە ھىجرىيە 916 (مىلادىيە 1510) ـ يىلىدا دەپنە قىلىنغان ئىكەن. ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەم تارىخى، شۇنىڭدەك مەقبەرىسىمۇ بىر شېھىتنىڭ زىيارەتگاھى سۈپىتىدە ئامما تەرىپىدىن ئەزىزلەنمەكتە.

شايبانىي مۇھەممەد ھەقىقەتەن ئۆزگىچە بىر زات ئىدى. خۇسۇسەن تارىخىي جەھەتتىن مەشھۇر ماۋەرائۇننەھرنىڭ سىياسىي جەھەتتىن ئەھمىيەتسىز بىر مۈلكى ـ بۇخارا خانلىقىدىكى ئىنقىلاب نۇقتىسى دەل ئۇنىڭ دەۋرىدە باشلانغىنى شايبانىينىڭ شەخسىيىتىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ.

شايبانىينىڭ ھايات تارىخىدا ئېتىبارغا سازاۋەر ئالاھىدە ئۈچ مۇھىم نۇقتا بار. ئۇ ئالدى

بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئىچكى كۈچلىرىگە تايىنىپ ھەربىي يۈرۈشلەرنى قىلغان ۋە ئاخىرى چېگرىسى ئامۇ دەريا دائىرىسىدىن ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان بىر مەملىكەتنى بەرپا قىلغان بۈيۈك ساھىپقىراننىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى جەڭگىۋار يولباشچىلار، ماھارەت ۋە ھىرىسمەنلىكى قانچىلىك چوڭ بولسىمۇ، بۇ جەھەتتىكى بەخت ـ ئامەتكە ئېرىشەلمىدى. ئىچىدىن كۈچەيگەن ئىران غەربتىكى بۇخارا ۋە سەمەرقەند ئەللىرى ئۈچۈن يېڭىلمەس، يۈكسەك ۋە مېتىنلىك بىر تام ھالىغا كەلدى. ئىككىنچىدىن، بۇندىن كېيىن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادا قەبىلىلەر ئۇرۇش قەتئىي توگىدى. ئۆزبېكلەر تۇران يايلىقىدىن غەربىي جەنۇبقا چۈشكەن قەۋملەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قەبىلىسى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئامۇ، سىر دەريالىرىنىڭ ئېرىقى تەرىپىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن غەربىي ئاسىيادىكى دىن قېرىنداشلىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى يېقىن بولمىسىمۇ، دائىمىي بىر ئالاقە بار ئىدى. تېمۇرىيلارنىڭ ئىنقىرازى ۋە ھالاكەتلىرى بىلەن بۇ ئالاقە تامامەن يوقالدى. خۇسۇسەن، سەپەۋىيلەرنىڭ شىئەلىكلەرنى قۇۋۋەتلىشى سەۋەبىدىن ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈشى يەنىمۇ جىددىيلەشتى، بۇ ئايرىمچىلىق ۋە مەزھەپچىلىك بىلەن سەپەۋىيلەر ئىسلام گەۋدىسىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىغان بىر قوزۇق قاقتى.

شايبانىينىڭ كۆچمەنچى قوۋملىرى بىلەن بۇ ئۆلكىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يۈرۈش قىلىشى، بۇ يەردە تامامەن مەلۇم دىنىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش قىلىنغان (شىئەلىك تارقىلىشى) ۋاقتىغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھر تېخىمۇ تېزرەك مۇستەقىل بولۇۋالدى: ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىكىگە ئوخشاش ماۋەرائۇننەھرنىڭ سۇ چېگرىسى تۇران بىلەن ئىران ئارىسىدا ئاساسىي بىر چېگرا ھالىنى ئالدى.

شايبانىينىڭ شەخسىي خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا شۇلارنى ئېيتىش مۇمكىن: ئۇ، ھەر ھالدا ئۆزىنىڭ ئىرانلىق دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن، تەسۋىرلەنگىنىدەك، نىمىنى خالىسا، شۇنى ئىجرا قىلىشقا تىرىشىدىغان ۋەھشى بىر ئادەم ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، ئۇ زامانىنىڭ روھانىي ئۆلىمالىرىغا چوڭ ھۆرمەت، ھەتتا بالىلارچە ئىتائەت قىلىپ، بارلىق ئۇرۇش سەپلىرىدە ئۆزى بىلەن بىللە كىچىككىنە بىر كۇتۇپخانىسىنى ئېلىپ يۈرەتتى. تېمۇرگە ئوخشاش بۇ ھەم دەمەشق ۋە ھەلەپ ئۆلىماسى بىلەن دىنىي مۇنازىرىلەرگە قاتناشقان. قۇرئاننىڭ بەزىبىر ئايەتلىرى ھەققىدە ھىراتنىڭ پىشقەدەم تەفسىرچىلىرى بولغان قازى ئىختىيار ۋە مۇھەممەد يۈسۈپكە ئېتىراز بىلدۈرگەن ئىدى. بابۇر شايبانىينىڭ مەنىسىز ۋە لەززەتسىز شېئىرلارنى يازغانلىقىنى، ئۇلارنى مۇنبەردە ئوقۇشقا ئەمىر قىلغىنىنى ئىستېھزا بىلەن بايان قىلىدۇ. ئەسلىدە بولسا، بۇ ئۇرۇش ئادىمى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە ئۆز دەۋرىنىڭ روھىدىن تولۇق خەۋەردار ۋە زامانىسىدىكى شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن ئارتۇق دەرىجىدە قەلەم ئىگىسى ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ شېئىرلىرى دۈشمەنلىرىنىڭ پىكرىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۈيۈك بىر ئىقتىدار ۋە گۈزەل تەبىئەتكە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇ ھەم تۈركىي، ھەم فارسىي، ھەم ئەرەبىي تىللاردىنمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، بىر سىقىم دانىغا مۇھتاج بولۇپ قالغان كۆپلىگەن ئۆلىمالار شايبانىيدىن ھىممەت كۆردى. ئۇ ئۆلىمالارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلدى. بۇخارا، سەمەرقەند، تاشكەنتتە مەدرىسە ۋە مەسچىتلەر سېلىشقا ئەمىر قىلدى. ھەتتا ھەربىي يۈرۈشلەردىمۇ ئۆز ئەتراپىدا بىر نەچچە ئۆلىمالار بولۇپ بۇلار ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە ساداقەت كۆزى بىلەن تىكىلەتتى. گەرچە ئۆزبېك نامى ئۆزىنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتىدا ۋە كېيىنرەك، ھەتتا ھازىرمۇ ھەم ئىرانىيلار نەزەرىيە يامانلىق ۋەھشىيلىك بىلەن بىر مەنىدە قوللىنىلسىمۇ، بۇ سۆزلەر بىر تەرەپلىمە ۋە شايبانىيغا نىسبەتەن توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ مائارىپ جەھەتتىن، ئالدىنقى تېمۇر شاھزادىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىن تۆۋەن ئەمەس ئىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ئىلاھنامە

## پەرىدىددىن ئەتتار

### ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: بۇغدا ئابدۇللا

## داستاننىڭ باشلىنىشى

## بىرىنچى ماقالە

راۋىي نەقىل قىلىۇركىم، بىر زامانلاردا بىر خەلىپىنىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىيجاناب، مەغرۇر ۋە يۈكسەك ھىممەتلىك بولۇپ ئۆسكەنىدى. ھەممىسى زامانە ئىلىملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ دانىشمەن بولغان. ئەمما ھەر بىرى ئىلىمنىڭ مۇئەييەن بىر ساھەسىدە ماھىر ئىدى. قىزىقىش ۋە ئىنتىلىشلىرىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناردى. ئاتا بىر كۈنى ئوغۇللىرىنى قېشىغا چاقىرتىپ، سۆز قىلدى:

— ھەر بىرىڭىز ئالەم ئىلمىدە يېگانىئى دەۋران خەلىپە پەرزەنتلىرىسىز. ئېيتىڭلارچۇ، باللىرىم، قانداق ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز بار، دۇنيادىن نېمە ئىستەيسىزلەر؟ نېمەكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىڭىز بولسا، ماڭا بايان ئەيلەڭ. ھەر بىرىڭىزنىڭ پىكرۇ ئويۇڭىزنى، ئېتىقادلىرىڭىزنى بىلىپ ئالاي، شۇنىڭغا قاراپ سىزلەرگە يول كۆرسىتەي.

تۇنجى ئوغلى سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— جاھانكەشتە ئاقىللاردىن ئىشتىشىمچە، پوربان مەملىكىتى شاھىنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى بارئىمىش. ئۇ ھۆسنۇ نازاكەتتە تەنھا ئىكەن، جامالى يەرۇ كۆككە شولا چاچاركەن. مېنىڭ ئارزۇيۇم شۇ قىزنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش ...

ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ سۆزىدىن خاپا بولدى ۋە مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

— بۇ شەھۋەتپەرەسلىك، سەن شەھۋەت ھېرىسىدىن مەست سەن. جىنسىي ئالاقە ۋە تاناسۇل ئەزالىرىغا قۇل بولغان ئادەمنىڭ ئۆمرى بىھۇدە ئۆتىدۇ، ۋۇجۇدى ناچار ئىشلارغا سەرپ بولىدۇ. ئەمما مەرتلىك، يەنى دەرۋىشانە ساداقەت يولىغا كىرگەن خاتۇنلار بۇ شەھۋەت بەندىدىن ئازاد بولسا، ئۇ خۇدا يولىغا كىرگەن ئەرەنلەرنىڭ شاھىغا ئايلىنىدۇ. مەن ھېكايەت قىلاي، سەن ئىشىت، پىكىر قىل، كۆزۈڭنى ئاچ، چۈنكى پاك خوتۇننىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تۇپراقنى كۆزگە توتىيا قىلغۇلۇق. سەن ھەم ئۇشبۇ ھېكايەتنى تىڭلاپ، خوتۇن ساداقىتىدىن ئىبرەت ئال، ئۇنىڭ ساپاسى يامغۇرى بىلەن ھېرسۇ شەھۋەت ئوتىنى ئۆچۈر.

# ئايال ساداقىتى

خوراساندا بىر ئايال بارئىدى، پاكىز خولۇقلىق، پاك سىيرەت[①] ئىدى. ھۆسنۇ جامالدا تەڭسىز، ئاي ۋە قۇياش ئۇنىڭ يۈزىدىن ئەندىزە ئالغاندەك ... ئەدەبۇ ھەلىملىكى[②]، تەۋەززۇ ۋە ھاياسى يۈرەكلەرنى مەپتۇن ئېتەر ئىدى. چىچى بويى بىلەن باراۋەر، ھەلقە - ھەلقە زۇلفى كۆڭۈل قۇشىنىڭ تۇزىقى. كۆزلىرى ئاھۇنىڭكىدەك شەھلا، قاشلىرى ئۇستا نەققاشلار سىزغان نازۇك نەقىشكە ئوخشايتتى. ئايالنىڭ نامى ئەل ئارىسىدا داستان ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى خىزىر ئىچكەن ئابىھاياتتەك كىشىگە جان بېغىشلار، ھېقىق لەۋلىرى ئارىسىدىكى مەرۋايىتتەك قاتار چىشلىرى پەرۋەردىگارنىڭ سۇنئىدىن[③] نىشانە ئىدى. ئۇنىڭ نامىنى ئىشىتىش، تەرىپىنى ئېتىشنىڭ ئۆزى ئادەملەرگە ھالاۋەت بېغىشلارئىدى.

ئەمما بۇ ئايال شۇنچىلىك ھۆسنۇ جامال بىلەن بىرگە، ساداقەتتۇ ۋاپادا ھەم يېگانە ئىدى. چەرخى گەردۇن[④] ئۇنى شىر ئەرەنلەر[⑤] قاتارىدا ساناپ، ئاۋايلاپ ئاسرار ئىدى. ئۇ بىر بەختىيار ئىنساننىڭ جۈپتى ھالالىدىن بولۇپ، ئېرىنى چەكسىز سۆيەر، پاك خانەداننىڭ[⑥] نۇرىدەك يارىنىڭ قەلبىنى يورىتار، ئاڭا ئالەم - ئالەم ساداقەت بېغىشلار ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈن ئايالنىڭ ئېرى ھەجگە سەپەر قىلماقچى بولدى. بىر ئۇكىسى بار ئىدى. ھەجگە كېتىش ئالدىدا ئۇكىسىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ، ساھىبجامال خوتۇنىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۆيۈمگە بىگانە ئەركەك قەدەم باسمىسۇن، يەڭگەڭنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىدىن خەۋەر ئېلىپ، سودا - سېتىقىنى قىلىپ بېرىپ تۇر، موھتاجلىق كۆرمىسۇن، دوستىغا زار، دۈشمەنگە خار بولمىسۇن، دەپ تاپىلىدى. مالۇ مۈلكىنى ئۇكىسىنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

ئەمما ئۇكا ناكەس ۋە نائەھلى كىشى بولۇپ، مەردلىك ۋە نومۇس، سىدىقۇ ساداقەت، ئەھدۇ ۋاپادىن بىبەھرى[⑦] ئەر ئىدى. ئۇ ئاكىسىغا خىيانەت قىلدى. ئاكىسى ئالدىدا ئېيتقانلىرىڭىزنى بېجىرىمەن، ئامانىتىڭىزنى قايتىپ كەلگۈچە ساقلايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ لېكىن ئاكا جۈنەپ كەتكەچ، بۇ ۋەدىنى بۇزدى. ئەۋۋىلىدە سودا - سېتىقىنى قىلىپ بەردى، روزىغارىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ بەردى. بىراق بىر كۈنى ئۇ ئىش يۈزىسىدىن يەڭگىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كىردىيۇ، پەردە ئارقىسىدا ئولتۇرغان گۈزەل ئايالنى كۆرۈپ بىردىن كۆڭلى چۇشۇپ قالدى. بىتاقەت بولۇشقا باشلىدى، ھەتتا ھوشىنى يوقىتىش دەرىجىسىدە تىكىلىپ، ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ھوشىنى يىغىشتۇرۇپ ئالغاچ، ئۆزىگە تەنبىھ بەرمەكچى بولدى. ئەمما خىيالىغا شۇ ئايالدىن باشقا نەرسە كەلمەس، قىينىلىپ ھاياتى كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. ئىشقى زورىيىپ، ئىلاجىنى تاپالماي، ئاخىر دەردىنى يەڭگىسىگە ئېيتتى. ئايالنى ئالداپ - سالداپ، گاھ زورلۇق، دوق ئىشلىتىپ، گاھ قىممەت باھا نەرسىلەر ۋەدە قىلىپ، ئۆزىگە رام ئەتمەكچى بولار ئىدى. ئەمما ئۇ پاك ئايالنىڭ ئىچىنى ئوت كۆيدۈرەتتى. ئايالنىڭ غەزىپى كەلدى، ئاھ چېكىپ نالە قىلغان ھالدا:

— خۇدادىن ئۇيالمامسەن، قېنى ئاكاڭغا ساداقەت، قېنى ۋەدەڭگە ۋاپايۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق قەسىمى؟

ئايالدىن رەد جاۋابىنى ئىشىتكەن بۇ نامەرد ئادەم شەھەر قازىسى ئالدىغا بېرىپ، ئاكامنىڭ خوتۇنى بۇزۇق، زىنا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دەپ تۆھمەت قىلدى. بىزنىڭ خانەداننى خەۋپتىن قۇتقۇزۇڭ، دەپ دەۋا قىلدى. قازى ھەم سوراپ - سۈرۈشتۈرمەي، ھېلىقى

---

① پاك سىيرەت - پاك خۇلۇقلۇق.
② ئەدەبۇ ھەلىملىكى - مۇلايىملىق، خۇشخۇيلۇق.
③ سۇنئىدىن - سەنئىتىدىن.
④ چەرخى گەردۇن - چەرخى پەلەك.
⑤ شىر ئەرەنلەر - پەلۋان يىگىتلەر.
⑥ پاك خانەدان - پاك ئائىلە، ئۆي.
⑦ بىبەھرى - بەھرى ئالالماسلىق.

ئادەمنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئايالنى گۇناھكار ھېسابلاپ، تاشبوران قىلىشقا ھۆكۈم ئەتتى. مەسۇمە ئايالنى چۆلگە ئېلىپ چىقىشتى، يول ياقىسىدىكى بىر ئېگىز جايغا باغلاپ تاشبوران قىلدى. ھەر تاماندىن تاش ياغدى، ئايال تاش زەربىدىن ماغدۇرسىزلىنىپ، ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ جېنى ئۈزۈلدى دەپ ئويلاپ، ئېگىزدىن يېشىپ، ئەلگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، يول ئۈستىگە تاشلاپ كەتتى. قۇياش پېتىپ، كەچ كىردى، تۈن تارقاپ، كۈن يورىدى. تاڭ يورۇقىدا ئايال ھوشىغا كەلدى. باھار بۇلۇتىدەك زار - زار يىغلاپ، خۇداغا نالە قىلدى. نەرگەزدەك شەھلا كۆزلىرىدىن لالە يەڭلىغ قىزىل قان تامچىلىرى زەپىران يۈزى ئۈزرە ئاقاتتى. قازارا، تاڭ پەيتىدە بىر ئەرەبىي[1] تۆگىسىگە مىنىپ شۇ يولدىن ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ ئايالنىڭ نالىسىنى ئىشىتىپ تۆگىنى چۆكتۈرۈپ، ئايال ئالدىغا كەلدى.

— كىمسەن، ئەي خوتۇن، — دەپ سوئال ئەتتى ئەرەبىي، — نېگە ئەھۋالىڭ بۇنداق، كىم جەبىر ئەتتى ساڭا، گۇناھىڭ نېمە؟

ئايال دېدى:

— مەن بىر زارۇ ناچار، خەستە ۋە ئاپەتتىكى ئايالمەن. ئەھۋالىمنى سورىما، سۆزلەشكە ھالىم يوق.

— خۇدا يولىدا مەن ساڭا قارىشىمەن، — دېدى ئەرەبىي ۋە ئايالنى تۆگىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆيىگە ئېلىپ باردى، پەرۋىشلەپ داۋالىدى. ئايال دەردلەردىن خالاس بولدى، يارىلىرى ساقايدى، ئەسلى ھالىغا قايتىپ، چىرايى ئېچىلدى. يەنىمۇ گۈزەل بولۇپ كۆرۈندى. بۇنى كۆرگەن ئەرەبىي ئايالغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ قالدى. ئايالغا قاراپ، ماڭا تەگ، دەپ ئىلتىماس قىلدى. شۇندا مىسكىن ئايال كۆزىگە ياش ئېلىپ دېدى:

— مېنىڭ تىرىك يۈرگەن ئېرىم بار، قانداق قىلىپ باشقا ئەرگە تېگىمەن.

ئايال بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەرەبىيگە سۆزلەپ بەردى. ئەمما ئەرەبىيگە ئايالنىڭ جاۋابلىرى كەسكىن ئەمەستەك تۇيۇلدى، مىننەتدارچىلىقنى مېھرىبانلىق دەپ خىيال قىلدى. ئۆزى ھەم ئارتۇقچە مېھرىبانچىلىقلار كۆرگۈزدى، بىر كۈنى خىلۋەتكە كىرىپ ئايالنى ئالدىغا چاقىردى ۋە مۇددىئاسىنى بايان ئېتىپ، ئۇچۇقراق ۋە قەتئىيراق تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. شۇندا بىچارە ئايال مەسۇملۇق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

— ئەي دىنۇ دىيانەتتىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم، مەگەر خۇدانىڭ غەزىپىدىن قورقمايسەن. ھەق يولىدا ماڭا ياخشىلىق قىلىپ، دەردىمنى يەڭگىللەتتىڭ، ئۆلۈمدىن خالاس ئەتتىڭ، ئەمدى بولسا دېۋىلەرنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتىسەنغۇ، ياخشىلىقىڭنى گۇناھقا بەدەل ئەتمە، ئىمان كەبىسىنى خاراب قىلما، ئاخىر! شۇ تەلەپلەرگە كۆنمىگىنىم ئۈچۈن بالاغا گىرىپتار بولدۇمغۇ، بېشىمغا تاشلار يامغۇردەك ياغدىغۇ. ئەمدى سەن ھەم مېنىڭدىن شۇنى ئىستەمسەن؟ ناھاتكى پاكلىقىم، پاك دىيانەتلىكىمنى سەزمىگەن بولساڭ؟ ئەگەر ۋۇجۇدۇمنى يۈز پارە قىلساڭ ھەم پاكىز تېنىمنى بۇلغاشقا قويمايمەن. ئېسىڭنى يىغ، شەھۋەت ئوتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن جېنىڭنى ئەبەدىي ئازابقا قويما، بارغىن، قايت بۇ نىيەتتىن.

پاك دىيانەتلىك ئايالنىڭ سىدقۇ ۋاپاغا تولغان سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن ئەرەبىي پىكرىدىن قايتتى، مەسۇمە ئايالنى قىيامەتلىك سىڭىل دەپ قوبۇل ئەتتى. ئۆز ھەرىكىتى، گەپلىرىدىن ئۇيالدى. پۇشايمان بولۇپ، سارائىنىڭ ئىشىنى قىلدىم، دەپ خىجالەت چەكتى.

ئەمما ئەرەبىينىڭ كۆسەيدەك قاپقارا بىر زەڭگى قۇلى بار ئىدى. ئۇ بىر كۈنى ئايال ياشايدىغان ئۆيگە كىرىپ قېلىپ، ئاڭا كۆزى چۈشتى ۋە قارا قەلبىدە ئايالغا نىسبەتەن مۇھەببەت ئويغاندى. شەيدا بولغان قۇل ئىزتىرابقا چۈشۈپ، ئاھ - نالە قىلىشقا باشلىدى. ئايالنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇسى كۆڭلىدىن قاتتىق ئورۇن ئالدى. تاقەت قىلالماي، ئەتىسى ئايالنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، كۆڭلىنى ياردى:

— مەن تۇن بولسام، سەن تولۇن ئايسەن، نېمىشكە تۇن ئاينى ئىستىمەسلىكى كېرەك؟

---

① ئەرەبىي - سەھرالىق ئەرەب.

ئاي ھەم تۈنگە يارىشىدۇ. كەل ھېرگە ئىشرەت قىلىمىز، ــــ دېدى. مەسۇمە ئايال يەنە ئىزتىراپ يالقۇنىدا ياندى، قارا قۇلغا قاراپ دېدى:

خوجالىق مەندىن شۇنى ئىستىدى، ئەمما مەقسىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئەي يۈزى قارا بەتبەخت، ساڭا يول بولسۇن، بار، ئىشىكىدىن قالما. نائۈمىد بولغان قارا قۇل غەزەپلىنىپ دېدى:

ــــ لېكىن سەن مېنى بىلمەيسەن، مىكرىم تورىغا چۈشۈپ كۆرگىنىڭ يوق ھېلى. شۇنداق بىر نەيرەڭ ئىشلىتەيكى، ھالىڭغا مايمۇنلار يىغلىسۇن.

ئايال دېدى:

ــــ نېمە قىلساڭ بەربىر، ئېيتقىنىڭغا كۆنمەيمەن. مەن ئەمدى ھېچ نەرسىدىن قورقمايمەن!

قۇلنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ھىيلە تورىنى توقۇپ، ئاخىر بىر مۇدھىش جىنايەتكە قول ئۇردى. خوجىسىنىڭ بۆشۈكتە ياتقان ئېمىۋاتقان بوۋىقى بارىدى. بەتبەخت زەڭگى شۇ نارەسىدە گۆدەكنى ئۇيقۇلۇقىدا سويۇپ، كېيىن پىچاقتىكى قانلارنى ئاققۇزا – ئاققۇزا ئايال ياتقان ئۆيگە ئېلىپ باردى ۋە پىچاقنى ئاستا ئايالنىڭ ياستۇقى ئاستىغا تىقىپ قويدى. ئەتىسى ئەتىگەندە بالىنىڭ ئانىسى بالىنى ئېمىتىش ئۈچۈن بۆشۈككە يېقىنلاشقاندا، دەھشەتلىك ۋەقەنى كۆرۈپ، داد – پەرياد چەكتى ۋە ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلدى. ھوشىغا كەلگەندە چاچلىرىنى يېيىپ، يۈزلىرىنى يۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ۋەقە ئۈستىگە كەلگەنلەر قان ئىزىدىن بېرىپ، پىچاقنى ئايال ياستۇقى ئاستىدىن تېپىۋالدى. بارچە بىر ئېغىزدىن نارەسىدىنى شۇ خوتۇن ئۆلتۈرگەن، ئۇ شۇم، ئۇ قاتىل دەپ ئەيىب قويدى. ھېلىقى زەڭگى قۇل ۋە بالىنىڭ ئانىسى ئايالنى تۇتۇۋېلىپ، شۇنداق كالتەكلىدىلەركى ئۇنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن، ئايال يېرىمجان بولۇپ سوزۇلۇپ قالدى.

ئەرەبىي ئۇنىڭغا قاراپ:

ــــ ئەي خاتۇن، مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلدىم؟ كۆرسەتكەن مېھىر – شەپقىتىمگە مۇكاپاتىڭ شۇمۇ، نېمىشكە ئايدەك بالىنى ئۆلتۈرۈدۈڭ، ئەيت؟! بىگۇناھ گۆدەكنىڭ قېنىنى نېمىشكە تۆكتۈڭ، خۇدادىن قورقمىدىڭمۇ؟!

ئايال ئەرەبىيگە يۈزلىنىپ دېدى:

ــــ خۇدا ساڭا ئەقىل ۋە دىن بەرگەن. تا ئەقلىڭ ھوشۇڭنى يىغىشتۇرۇپ ئالمىساڭ، مەن ساڭا بىرەر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر، شۇنچە جاپالار چېكىپ، سەندىن ياخشىلىق كۆرگەن، ساڭا سىڭىل ئورنىدا بولغان مەندەك بىر مۇساپىر ئاجىزە شۇ مۇدھىش ئىشنى قىلىشى مۇمكىنمۇ؟

ئەرەبىي دانا ئادەم ئىدى. ئايالنىڭ بۇ ئىشنى قىلمىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمما ئايالنىڭ بۇ ئۆيدە ئەمدى ياشىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھەم بىلەتتى. چۈنكى بالىنىڭ ئانىسى ئەلەملىك ئىدى. ئەمدى ئىشەندۈرۈپ بولماستى. بۇ ئايالنى كۆرۈپ تۇرسا مۇسىبىتى يېنىكلەشمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەبىي ئايالغا مەخپىي ھالدا ئۈچ يۈز دەرھەم مەبلەغ بېرىپ، ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى.

مەسۇمە جاپاكەش ئايالغا يەنە ئېغىر بولدى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ يولغا چىقتى. يول يۈردى، يول يۈرسىمۇ مول يۈردى. كۈن قىزىغان پېشىن چاغدا بىر قىشلاققا كىرىپ باردى. قارىسا، قىشلاق ئوتتۇرىسىدىكى يول ياقىسىدا بىر دار قۇرۇلغان بولۇپ، ئەتراپىدا ئادەملەر يىغىلغان ئىدى. ئۇلار بىر نەۋقىران يىگىتنى دارغا ئېسىش ئۈچۈن تەييارگەرلىك كۆرمەكتە ئىدى. ئايال توپقا يېقىنلىشىپ، نېمە گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇلار:

ــــ بىزنىڭ قىشلاقىمىز ئەمىرنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ، ئەمىر ناھايىتى زالىم ئادەم. ئۇنىڭ جارى ئەتكەن تەرتىپلىرىدىن بىرى شۇكى، ئولپاننى تۆلىيەلمىگەن ھەر بىر كىشى دارغا ئېسىلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن دار قىشلاق مەيدانىدا دائىمىي تۇرىدۇ. مانا بۇ يىگىت يىللىق سېلىقنى تۆلىيەلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن دارغا ئېسىلىۋاتىدۇ، دەپ جاۋاب

بېرىشتى.

ئايال يەنە سورىدى:

— بىر يىللىق سېلىق مىقدارى قانچە؟

— ئۈچيۈز دەرھەم (دىرەم) دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار. ئايال ئۆز - ئۆزىگە دېدى: خۇدانىڭ ئىنايىتى بىلەن سەن تاشبوراندىن، زەڭگى قۇلنىڭ پىتنىسىدىن قۇتۇلدۇڭ. ئەمدى بىر بىچارىنى ئۆلۈمدىن قۇتقازساڭچۇ؟ شۇ ئەندىشە - ئوي بىلەن ئۇ ئەمىر ئادەملىرىگە قاراپ دېدى:

— ئەگەر شۇ پۇلنى بەرسەم، يىگىتنى ماڭا ساتامسىلەر؟

ئۇلار رازى بولدى. ئايال يېنىدىن ئۈچيۈز دەرھەمنى بېرىپ، يىگىتنى قۇتقازدى. ئايال يەنە يولغا راۋان بولدى. يىگىت پەقەت قۇتۇلغانلىقىغا خۇرسەند بولۇپ، دەرھال ئۆز خالاسكارى ئايال ئارقىسىدىن يولغا چۈشتى. ۋاھ ئەجەب تەقدىرنىڭ ئويۇنىنى قاراڭكى، ئۇ يىگىت ھەم ئايالغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ھۆسنۇ جامالىنى كۆرگەچ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولسا بولامدۇ؟ ئالدىن ئايالدىن ئىلتىپات تىلىدى. بىراق رەد جاۋابنى ئىشىتكەچ، ساراسىمە بولۇپ، پەرياد كۆتۈردى، يالۋۇرۇشقا باشلىدى. «نېمىشكە مېنى دار ئاستىدىن قۇتقازدىڭ، داردىن قۇتقازدىڭۇ ئىشق ئوتىغا ئاتتىڭ، ئۆرتىدىڭ كۆيدۈردۇڭ؟!» دەپ بوزلىدى. «ئەگەر داردا جان بەرگىنىمدە، سېنىڭدەك ئاي يۈزلۈكنىڭ ئىشقى ئوتى مېنى كۆيدۈرەلمەس ئىدى». ئايال ئالدىدا بارار، يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكەنىدى. ئەمما يىگىت تاقەت قىلالماي ھەر زامان ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتەر، يولىنى توسۇپ، كۆزلىرىگە تىكىلدىلەر، ئىلتىجا قىلار، رازىلىق ئالامىتىنى سەزمەي، ئۈمىدسىزلىنىپ، بىر پەس توختاپ قالار ۋە يەنە ئالدىغا قاراپ يۈگۈرەر ئىدى. يىگىت ئۆزىنىڭ ھالى - جېنىغا ئىچى ئاغرىمىغاندىن كېيىن، ئايال ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

— ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى مۇشۇمۇ، بېشىمغا بالا بولار دەپ سېنى قۇتقۇزغانمىدىم؟

يىگىت ئېيتتى:

— كۆڭلۈمنى ئالدىدىڭ، بەلكى كۆڭۈل ئىچىدە جان بولۇپ قالدىڭ. قانداق قىلىپ جاننى تېنىمدىن سۇغۇرۇپ تاشلاي، قانداق قىلىپ سەندىن يۈز ئۆرەي، ئاخىر؟

ئايال دېدى:

— بۇنداق مۇددىئادىن كەچكىن، چۈنكى ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن.

ئايال بىلەن يىگىت ئېتىشىپ - تارتىشىپ، بىر دېڭىز ساھىلىغا يېقىنلاشتى. لەپتە يۈك تولغان بىر كېمە تۇراتتى. ئۇ سودىگەرلەرنىڭ كېمىسى ئىدى. ئايال دەردتىن قۇتقۇزغان ھېلىقى يىگىت مۇددىئاسى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى كۆرگەچ، ئايالدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئەلەمگە چىدىيالماي، ئۇنىڭغا قەست قىلىش پېيىغا چۈشتى. سودىگەرلەردىن بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مېنىڭ ئاي دېسە ئاي، كۈن دېسە كۈندەك ساھىبجامال بىر كېنىزىكىم بار. پەقەت بىر ئاز مەغرۇرراق. باشقا ئەيىبى يوق. ئەگەر ئالسىڭىز، ساتماقچىمەن، — دەپ ئېيتتى. بۇ گەپلەرنى ئىشىتىپ تۇرغان ئايال ئاۋاز چىقىرىپ، مەن ئازاد كىشىمەن، چۆرى ئەمەسمەن، مېنىڭ ئېرىم بار، دەپ ئەرزى داد قىلسىمۇ، لېكىن بىراۋ ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىدى. سودىگەر يۈز دىنار بېرىپ، ئايالنى سېتىپ ئالدى ۋە سۆرەپ تارتىپ كېمىگە ئېلىپ چىقتى. ئالاھىدە جايغا ئورۇنلاشتۇردى. كېمە يولغا چۈشتى. سودىگەر ئايالنىڭ چېھرىسىنى كۆرگەچ، دىلىدا شەھۋەت توفانى قوزغالدى. ئايالغا يېقىنلىشىپ، ئۆز نەپسىنى قاندۇرماقچى بولدى. ئايال قاتتىق داد سېلىپ يىغلىدى:

— ئەي ئادەملەر، مۇسۇلمانمۇ سىزلەر، ئىمانىڭىز بارمۇ؟ مەن مۇسۇلمان قىزىمەن، ئىمانلىقمەن. مەن كېنىزەك ئەمەسمەن، ئازاد ئايالمەن. ئۇ يىگىت سىزلەرنى ئالداپ مېنى چۆرى دەپ ساتتى. مېنىڭ تىرىك يۈرگەن ئېرىم بار. ماڭا ئىشىنىڭلار، پەرۋەردىگار شاھىد. سۆزلىرىمدە يالغان يوق. ئاخىر سىزنىڭ ھەم ئانىڭىز، سىڭلىڭىز، پەردە ئارقىسىدا تۇرغان

نارەسىدە قىزىڭىز باردۇر. ئۇلارغا بىرەر گەپ بولسا، قەلبىڭىزگە لەرزە كىرىپ، قەلبىڭىز پەرىشان بولامدۇ؟ ئۆز ئايالىڭىز، قىزىڭىز، ئانىڭىزغا راۋا كۆرمىگەن نەرسىنى نېمىشقا ماڭا راۋا كۆرىسىزلەر؟ ھىمايىسىز بىر ئايالغا رەھمىڭىز كەلسۇن. بولمىسا تاڭلا خۇدايىمغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىزلەر، مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ !

ئۇ ئايال پاك ئىمانلىق، كارامەتلىك، مۇقەددەس ئىدى. سۆزلىرى كېمە ئەھلىگە تەسىر قىلدى. ھەممىسى ئايالغا رەھىم قىلىپ غەمخور بولدى. بىراق، مىڭ ئەپسۇس، بۇ ئۇزاققا سوزۇلمىدى. كېمە ئەھلىدىن قاي بىرىنىڭ كۆزى ئايالغا چۈشسە، ئاشىقى مۇپتىلا بولاتتى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرلىرى بىلەن بولغان سۆھبىتىمۇ، غەيۋىتىمۇ شۇ ئايال ھەققىدە ئىدى. پۈتۈن كېمە ئەھلى قەلبىنىڭ كەبىسى شۇ ئايال ئىدى.

شۇندا بۇ مەسۇمە ئايال تاقەت قىلالماي، بىر كۈنى پەرۋەردىگارى ئەلەمگە نالە ۋە ئىلتىجا قىلدى:

— ئەي بىرۇ بارىم، يالغۇز تايانچىم، مەدەتكارىم، باشقا ئىلاجىم قالمىدى، مەيلى جېنىمنى ئالساڭمۇ مېنى بۇ شەھۋەت تۇپانىدىن، بۇ ناگاھانىي بالالاردىن خالاس ئەت! پەقەت سەندىن پاناھ سورايمەن. ئىمانىمغا دەز كەتمىسۇن، نومۇسۇم بۇلغانمىسۇن!

ئايالنىڭ نالىسى دېڭىز ئۇززە تارىلار، يىغىسىغا سۇدا بېلىقلار، ئاسماندا يۇلتۇزلار چىديالماي كۆز يېشى تۆكەرئىدى. ئەمما ھىرىس تۇپانى قەلبلەرنى مۇزلاتقان كېمىدىكى ئەركەكلەرگە بۇ نالە - پىغانلار تەسىر ئەتمەس ئىدى. شۇ پەيت ئايالنىڭ دۇئالىرى مۇستەجاپ بولۇپ، دېڭىز ئۈستىدە بىر شامال قوزغالدى. شامال ئىسسىق ئىدى. ئاستا - ئاستا ئۇ يالقۇنغا ئايلاندى. چوڭ يالقۇن ھالقىسى ۋۇجۇدقا كەلدى ۋە بۇ يالقۇن كېمىگە يۆنەلدى. ئۇ كېمە ئۈستىدە بىر لەھزە پەيدا بولدى - يۇ، كېمە ئەھلىنى پۈتۈنلەي كۆيدۇرۇپ كۇل قىلدى. ئەمما، ماۋۇ غايىب ئىشنى قاراڭكىم، كېمىگە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۈكلەرگە ۋە ئايالغا ھېچبىر زىيان - زەخمەت يەتمىگەنىدى. ئايال پەرۋەردىگارغا شۇكرانىلەر قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. زار - زار يىغلىدى. ئۇ ئەمدى كېمىدە يالغۇز ئۆزىلا قالغان ئىدى، نېمە قىلىشنى بىلمەس، تەۋەككۇل يا خۇدا، دەپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولارئىدى.

كېمە پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر ئاباد مەملىكەت ساھىلىغا قاراپ بارماقچى ئىدى. ئۇزاقتىن قىرغاق كۆرۈنگەن، ئايال ئەركەكچە كىيىملەر كىيىۋالدى. بىر مۇددەتتىن سوڭ كېمە شەھەر بەندەرگاھىغا كىرىپ باردى. قىرغاقتىكىلەر سودىگەرلەرنىڭ ھەشەمەتلىك، باي كېمىسىنى كۆرۈپ، پېشۋاز چىقتى. لېكىن كېمىدە بىر ياش «يىگىت»تىن ئۆزگە جان يوق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ئادەملەر، كېمىنىڭ ئادەملىرى قېنى، بىر ئۆزۈڭ قانداق قىلىپ، ئۈزۈپ كەلدىڭ، دەپ «يىگىت» نى سوئالغا تۇتتى. «يىگىت» ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى، ئەھۋالىمدا نېمىلەر كەچكەنلىكىنى پەقەت پادىشاھقا ئېيتىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. شاھقا بۇ ۋاقىئەدىن خەۋەر يەتكۈزدىلەر. شاھ ھەم قىزىقىپ بەندەرگاھقا يېتىپ كەلدى. ئەمما ئايال ئىكەنلىكىنى شاھقا سەزدۇرمىدى.

كېمىنى ۋە ئۇندىكى جىمى بايلىقنى ساڭا ئىنئام ئېتىمەن، — دېدى ئايال پادىشاھقا قاراپ، — سەندىن ئىلتىماسىم شۇكى، ماڭا ئاتاپ دېڭىز قىرغىقىدا بىر ماكان قۇرساڭ، مەن ئاشۇ يەردە تائەت - ئىبادەت قىلاي، نامەردلەر ۋە بەدكىردارلاردىن مېنى ھىمايە قىلغىن. ئۇلار ماڭا يېقىنلاشمىسۇن. ئۆز ھالىمغا قويسۇن.

شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى «يىگىت» نىڭ ھىممەتتۇ كارامىتى، سىدىقۇ ساداقىتىنى كۆرۈپ، گەپلىرىگە ئىشەندى ۋە ئىلتىماسىنى بەجا كەلتۈردى.

ئىبادەتخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەرىشتە مىجەزلىك مەسۇمە ئايال ئاشۇ جايغا كۆچۈپ كىردى، گويا كەبە كۆچۈپ كەلگەندەك ئىدى، دېڭىز قىرغىقىدا ئايال كۈنلىرىنى پەرھىزۇ قانائەت بىلەن تائەت ۋە ئىبادەتتە ئۆتكۈزەر، باتىنى دۇنياسى نۇرەپشان بولۇپ، خۇش خۇلقى، ھەلىملىكى ۋە كامالىتى بىلەن كىشىلەر دىلىغا ئارام ۋە ھوزۇر بېغىشلارئىدى. ئۇنىڭ شېۋىسى راستگويلۇق، سۈپىتى پاكىزلىق، ئەملى ساخاۋەت، نەپسى كارامەت، سۆھبىتى

سائادەتكە يولباشچى ئىدى.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ئەجەل دامىغا گىرىپتار بولدى. ئۆلۈمىدىن ئالدىن ۋەزىرلىرى، لەشكەر بېشى، ئەمىرلىرىنى چاقىرىپ، تەقۋادار «يىگىت»نى كۆز قارچۇغىدەك ئاسراشنى بۇيرۇدى. پادىشاھنىڭ تەختىگە ئولتۇرىدىغان مىراسخورى يوق ئىدى. «ئۇ تەقۋادار زات بىزنىڭ تازا ئېتىقادىمىز، يۇرتىمىز سائادىتىنىڭ تايانچ ۋە پاسىبانى، مېنىڭ ئورنۇمغا شۇ ئەزىز ئادەمنى پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرۈڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ، ئالەمدىن كۆز يۇمدى تاجدار.

ۋەزىرلەر ۋە ئەمىرلەر ئىبادەتخانىغا ـــ ئايال ھۇزۇرىغا باردى، پادىشاھنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى. ئايال ئەۋۋەلدە بۇ تەكلىپكە رىغبەت كۆرسەتمىدى، زاھىدمەن، تەركىي دۇنيا قىلغان ئادەممەن، جاھاندارلىق مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، دېدى. ئەمما ۋەزىرلەر قاتتىق تۇرۇۋالدى، سېنىڭ ساداقىتىڭ، ھالاللىقىڭ ۋە پاكلىقىڭ، ھالاللىقىڭ ۋە خۇشخۇيلۇقىڭ بىزنى مەپتۇن ئەتتى، باھانە قىلماي تاجنى قوبۇل ئەتكىن، دېدى. شۇندا «يىگىت» ئۇلارغا قاراپ:

ـــ مادامىكى، تاجۇ تەختنى قوبۇل قىلىپ، پادىشاھ بولۇشتىن ئۆزگە چارە يوق ئىكەن. بولمىسا ماڭا بىر مۇناسىپ تەقۋادار ئايال تېپىپ بېرىڭلار، ئۆزۈمگە جۈپتى ھالال قىلىپ ئالاي. چۈنكى، پادىشاھ ئۆيلەنگەن كىشى بولىشى كېرەك. يالغۇزلۇق ئۆزۈمنىڭ ھەم جېنىمغا تېگىۋاتىدۇ، ـــ دېدى. ۋەزىرلەر يېڭى پادىشاھقا: «ئۆزىڭىز تاللىۋېلىڭ» دەپ يۇرتچە قىزنى سارايغا ئېلىپ كېلىشنى مەسلىھەت بەردى. پادىشاھ پەقەت ھەممە قىزلار ئانىلىرى بىلەن كەلسۇن، دەپ تەيىنلىدى. قىزلار ئانىلىرى بىلەن يىغىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋەتتى، كېيىن ئاياللار ۋە قىزلار ھۇزۇرىدا ئۆزىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ئاشكارا بايان ئەتتى. ئۇلارغا بېشىدىن ئۆتكەن سەۋدالارنى ھېكايە قىلىپ بەردى. ئەمدى بۇ گەپلەرنى ئەرلەرگىمۇ بېرىپ ئېيتىڭلار، ـــ دەپ بۇيرۇدى. ئاياللار ۋەزىرۇ ئەمىرلەرنى بۇ سىردىن ۋاقىپ ئەتتى. ھەممە ھەيران ئىدى. بىراق ساراي ئەھلى يەنە مەسلىھەتلىشىپ، تەقۋادار ئەۋلىيا ئايال ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

ـــ ياكى بىرەر دىيانەتلىك، ئادىل ۋە ئاقىل ئىنساننى تېپىپ، شاھلىق تەختكە ئولتۇرغۇز ياكى ئۆزۈڭ ئەرەنلەردەك بىزگە رەھنەمالىق قىل، بىز سېنىڭ ئەمرىڭنى بەجانىدىل بېجىرىمىز.

ئايال زادى مۇناسىپ ئادىل ۋە ئاقىل ئادەمنى تاپالمىدى. ئۆزى تەختتە ئولتۇرۇپ مەملىكەت ۋە پۇقرا غېمىنى يەر، ئەينى ۋاقىتتا ئىبادەتخانىغا بېرىپ تۇرار، باتىنىي - مەئرىخىي زىكرو تائەتنى كەم قىلماس ئىدى. ئۇ تەقۋادار، كارامەتلىك شاھ دەپ ئالەمگە نام تاراتتى. تەقۋادار پادىشاھنىڭ ئادىل ھۆكۈمرانلىقى تۈپەيلى مەملىكەتتە دىنۇ دىيانەت مۇستەھكەملەندى، خەلقىنىڭ ھاياتى پاراۋان، قۇت - بەركەتلىك بولدى، ئادەملەر ئاسايىشتا، خاتىرجەم ياشاشقا باشلىدى. ئاپىرىن بۇنداق ئايالغا، ئۇ ھەرقانداق ئەردىن ئارتۇق! ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممە ياققا يەتتى. بىر ساھىبقىران پادىشاھ پەيدا بولۇپتۇ لەشكەر تارتماي دىللارنى ئىگىلەيدىغان، ئۇرۇش قىلماي ئىقلىملارغا ھۆكمى ئۆتىدىغان، ئۆزى دانا ۋە ساھىب كارامەت ئىمىش. دەۋايۇ دۇئاسى ئاسانلىق بىلەن مۇستەجاپ بولارمىش. ئۆزى خوتۇن كىشى ئىكەن، جۈپتى ھەم يوق ئىمىش ... دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن شىپا ئىستەپ ئەمالار، مېيىپ - مەجرۇھلار، دەرد چەككەن كېسەلمەنلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. ئايال دۇئاسى بىلەن ئەما كۆزلەر ئېچىلار، پېسە - ماخاۋلار ھەم تۈزۈلەر ئىدى.

بۇ ئارىدا ئېرى كەئبە تاۋابىنى تۈگىتىپ، ھەجدىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. قارىسا ئۆيدە ئايالى يوق. روزىغارى ۋەيرانۇ خانەدانى پەرىشان، ساراي راۋاقى يەر بىلەن يەكسان ھالدا ئىدى. ئۇكىسىنىڭ ئىككى قولى ۋە ئىككى ئايىغى پالەچ، ئىككى كۆزى كور بولۇپ قالغانىدى. خاراب ۋە زەئىپ بىر ھالەتتە ياتاتتى. ئاكا ئۇكىسىدىن:

ـــ مېنىڭ ئۆيۈم، سۆيۈملۈك خوتۇنۇم، مال - مۈلكۈم نېمە بولدى؟ ـــ دەپ سورىدى.

ئۇكا جاۋاب بەرى:

— خوتۇنۇڭ ناشەرگە ئىشقا قول ئۇردى. بىر سىپاھىي بىلەن گۈينىشىپ، زىنا يولىغا كىردى. مەن بۇنى بىلىپ قالدىم ۋە قازىغا خەۋەر بەردىم. قازى شەرىئەت ھۆكمى بىلەن خوتۇنۇڭنى تاشبوران قىلىشقا بۇيرۇدى. تەقدىرى شۇ ئىكەن، چۆلگە چىقىرىپ، خالايىق تاشبوران قىلدى. شۇ يەردە جان بەردى، يامانىنىڭ جازاسى شۇ. مەن سېنىڭ نومۇسىڭنى ساقلىدىم. سەن ئۇنى ئەمدى ئېسىڭدىن چىقار، غەم يەپ ئۆزۈڭنى قىينىما. ئامان بولساڭ دۆلىتىڭ يەنە قايتىپ كېلىدۇ.

ئايالنىڭ ئېرى بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەچ، كۆڭلى غەمگە تولدى، ئۇ ئادەملەرنىڭ تەنلىك كۆزلىرىدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچماقچى بولاتتى، زامانە جاپاسىدىن قەلبى ئېزىلەر ئىدى. بۇ ياقتا ئىنىسىنىڭ كۆزى ئاجىزلىقى، ئاياغ قولى ئىشلىمىگىنى يەنە بەتتەر تەشۋىشلەندۈرەر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۇكىسىنى داۋالاش چارىسىنى ئىزلەشكە باشلىدى. ئۇكىسىغا قاراپ دېدى:

— ئەي مېھرىبان ئۇكام، بىر شەھەردە بىر ئىيسا نەپەسلىك پاك شاھ بار دەپ ئىشىتتىم. ئۆزى زور تېۋىپ ئىمىش، دۇئاسى مىڭ دەردكە داۋا ئىكەن. تالاي تىلسىزلارنىڭ تىلىنى چىقىرىپتۇ، چولاقلارنى تۈزىتىپتۇ، ئەما كۆزلەرنى ئېچىپتۇ. سېنى مەن شۇ تېۋىپكە ئېلىپ باراي، سەپەر ھازىرلىقىنى كۆر.

ھەممەتلىك ئاكىنىڭ ئۇكىسىغا رەھمى كېلىپ، ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئاتاقلىق تېۋىپنىڭ يۇرتى تامان راۋان بولدى. كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي يول يۈردى. يولدا ئاتلىرى چارچاپ، بىر مەنزىلدە قوندى. ئۆيى ئىگىسى مېھمانلارغا ئاش - نان يېدۈرۈپ، مېھرىبانلىقلار كۆرگۈزدى. ئاندىن:

— ئەي مۇساپىرلار، قاياققا يول ئالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى. بۇ ئادەم مەسۇمە ئايالنى يول ئۈستىدە نىمجان ھالدا كۆرۈپ، تۆگىسىگە مىندۈرۈپ، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ پەرۋىش قىلغان ۋە زەڭگى قۇلنىڭ كاساپىتىدىن جاپا چەككەن ئاشۇ ساخاۋەتلىك ئەرەبىي كىشى ئىدى.

ئايالنىڭ ئېرى ئۇكىسىنى كۆرسىتىپ دېدى:

— مېنىڭ بۇ ئىنىم پالەچ، ھەم كۆزى كۆرمەيدۇ، پالان شەھەردە بىر مەشھۇر تېۋىپ بار دەپ ئىشىتكەنمەن. ئۇنىڭ ئۆتكۈر نەپىسى ۋە دۇئاسىدىن ھەرقانداق دەردمەن شىپا تاپار ئىمىش. ئۇكامنى شۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، بۇ بىچارىمۇ مەدەت تېپىپ، تۈزۈلۈپ كەتسە ئەجەب ئەمەس.

ئەرەبىي ئېيتتى:

— مېنىڭمۇ بىر زەڭگى قۇلۇم بار، قوللىرى پالەچ، كۆزى كور بولۇپ قالغان. نەتىرىكىدۇر، نە ئۆلۈك، ئازابىغا كىشى تاقەت قىلالمايدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز مەنمۇ سىزلەرگە قوشۇلۇپ يولغا چۈشەي. شۇ قۇلنى ئېلىپ باراي، خۇدا يار بولۇپ، بەلكى، شۇ ئۇلۇغ تېۋىپتىن بۇ ھەم شىپا تاپسا ئەجەب ئەمەس.

ئۈچەيلەن نەچچە كۈن مەنزىلمۇ مەنزىل يول باستى. بىر قىشلاققا يېقىنلىشىپ، دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر خانەدانغا چۈشتى. بۇ خانەدان ھېلىقى ئايال دەردتىن قۇتقۇزغان يىگىتنىڭ ئۆيى ئىكەن. يىگىتنىڭ قېرى ئانىسى بار ئىدى. ئوغلى خەستە ۋە ئەفگار بولۇپ ياتار ئىدى. تىلى ئىشلىمەس، كۆزلىرى كور، ئاياغ - قولى پۈتۈنلەي پالەچ ئىدى.

كەمپىر مېھمانلاردىن سوئال قىلدى:

— بۇ خەستەلەرنى قەيەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىلەر؟

ئۇلار جاۋاب بەردىلەر:

— بىر كامىل ئىمانلىق، دۇئاسى ئىجابەت تېۋىپ ئايال چىقىپتۇ، دەپ ئىشىتتۇق. بۇلارنى ئاشۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچىمىز.

كەمپىر ئۇلارنىڭ قىسسىسىنى ئاڭلاپ، ئۆز دەردىنى ھەم بايان ئەتتى، ئوغلىنىڭ نەچچە مۇددەتتىن بۇيان ئېغىر دەردلەرگە گىرىپتار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، خەستە ئوغلىنى ئېلىپ، ئۇلارغا يولداش بولدى. ئۇلار كۆپ مەنزىللەر، شەھەر ۋە قىشلاقلارنى ئارتتا قالدۇرۇپ،

شامۇ سەھەر، تۈنۈ كۈن دېمەي يول يۈرۈپ، ئايال پادىشاھ باشقۇرۇۋاتقان سائادەتلىك مەملىكەتتە كىرىپ كەلدى، ئايال پادىشاھ بۇلارنى قوبۇل قىلىپ، دەردلىرىنى ئاڭلىدى. ئەمما ئۇ بىر قاراش بىلەن ھالال جۈپتىنى يىراقتىن تونىدى. لېكىن سىر بەرمەي تۇردى. غەم ـ غۇسسە، چەككەن خارلىقلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، شاھانە ھۆرمەت بىلەن مېھمانلارنى سىيلىدى. ئېرى بىلەن بىرگە كەلگەن ناكەس گۇمراھلارنىمۇ تونۇدى، ئايالنىڭ يارىلىرى يەڭگىللەندى، ئەلەملىرى تازا بولدى. لېكىن سەبىر قىلدى، گىنە ساقلىمىدى. پەقەت پەرۋەردىگارغا شۈكرانىلار قىلدى. «ئەي رەببى ئەلا، بۇ تۈزكورلارنىڭ جازاسىنى بېرىپسەن، ئەي قادىرى ھەييۇل قەييۇم، كىمكى يامانلىق قىلسا، بالالارغا گىرىپتار بولار. بۇ مەخلۇقلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇلارغا شۇ تەقدىر كۇپايە» دېدى ئىچىدە.

سوئگرە جۈپتى ھالالىغا يۈزلىنىپ دېدى:

— مېنىڭ ئالدىمغا كېلىشىڭدىن مەقسىدىڭ نېمە، مۇددىئايىڭنى بايان قىل.

— ئەي شاھىي دىلپۈرۈز، — دەپ سۆز باشلىدى ئېرى، — بۇ خەستە مېنىڭ ئۆكام بولىدۇ، ھەجدىن قايتىپ كەلسەم، خانۇمانىم ۋەيران، خوتۇنۇم يوق، ئۆكام بولسا كۆزى كور، ئاياغ ـ قولى پالەچ بولۇپ يېتىپتۇ. شۇ بىچارە ئىنىمنىڭ دەردىگە شىپا ئىزدەپ كەلدىم.

ئىسا نەپەس ئايال ئېيتتى:

— بۇ ئىنىمىزنىڭ بىھەد گۇناھلىرى بارغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۆز گۇناھلىرىغا ئىقرار بولمىسا، شىپا تاپمايدۇ.

مەرد ھاجى ئۆكىسىغا قاراپ:

— خوش، نېمە گۇناھ قىلغانسەن، سۆزلە، — دېدى. ئۆكىسى ئەۋۋىلىدە جىم تۇرۇۋەردى. ئاخىر، ئىلاجىنى تاپالماي ھەممىسىگە ئىقرار بولدى:

— خوتۇنۇڭنى تۆھمەت بىلەن تاشبوران قىلدۇرغان مەن، — دېدى، — بۇ گۇناھىم ئۈچۈن مەھشەر كۈنى جاۋاب بېرىمەن، ئايالىڭ ساڭا ساداقەتلىك ئىدى، بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتتى.

ئاكىسىنىڭ غەزىپى قايىندى. بىراق چىن دىلىدىن ئىقرار بولغىنى ئۈچۈن ئويلاپ كۆرۈپ، ئۆزىنى باستى. كارامەتلىك خوتۇنىمۇ ئۇنى ئەپۇ ئېتىپ، دۇئا قىلدى، شۇ دەقىقىدە دۇئاسى قوبۇل قىلىنىپ، ئۆكىسىنىڭ قول ـ ئايىغى ئەسلىگە قايتىپ، ئىشلەشكە باشلىدى. كۆزلىرى كۆرىدىغان بولدى.

كېيىن ئەرەبىي قۇلنى يېتەكلەپ كەلدى. زەڭگى قۇلمۇ گۇناھىغا ئىقرار بولۇپ، قىلغان مۇدھىش ئىشلىرىنى بىر ـ بىر بويىنىغا ئالدى: بالىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنغا تۆھمەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئايال قۇلنىڭ چىن دىلىدىن ئىقرارىنى كۆرۈپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى ۋە قارا زەڭگى دەردلەردىن خالاس بولدى. ئوغلىنى يېتەكلەپ كەلگەن كەمپىرمۇ ئايالنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، ئىلتىجا بىلەن يالۋۇردى، پەرزەنتىگە شىپا تىلىدى. ئايال يەنە تەكرارلىدى:

— نېمە گۇناھ قىلغان بولسا بايان قىلسۇن، تەۋبە قىلسۇن، مەن سىدىقۇ ساداقىتىنى كۆرەي.

يىگىت توغرا سۆزدىن ئۆزگە چارە يوقلىقىنى بىلگەچ، بولغان ۋەقەلەرنى جامائەت ئالدىدا ھېكايە قىلىپ بەردى. ئايالنىڭ مەردلىكى، ھىممىتىنى ھەم ئۆزىنىڭ ياخشىلىقىغا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، پەستلىك قىلغىنىنى ھەم سۆزلىدى. ئايال يىگىتنى كەچۈردى ۋە دەردلەرگە شىپا تىلەپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى. يىگىت قايتا توغۇلغاندەك بولۇپ، كۆزلىرى كۆرىدىغان، ئاياغلىرى، قوللىرى ئىلگىرىكىدەك ئىشلەيدىغان بولدى. مەرد ھاجى، ئەرەبىي، كەمپىر قاتارلىقلار ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، مىننەتدارچىلىق ئىزھار قىلدى.

ئايال خالايىقنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلىپ، كارامەتلىرى كۆرسىتىپ، خەستىلەرنى

داۋالاپ بولغاندىن كېيىن، پۇرسەت تېپىپ، ئېرىنى خىلۋەتكە چاقىردى ۋە گۈلگۈن يۈزىدىن پەردىنى كۆتۈردى. ئېرى خوتۇنىنى دەرھال تونىدى ۋە نەرە تارتىپ شادلىقىدىن بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن، خوتۇنى سورىدى:

— نېگە بۇنچە ھاياجانلاندىڭ، بىھوش بولدۇڭ؟

ئەر ئېيتتى:

— ئاخىر مەن جۈپتى ھالالىمنى تاپتىم، لېكىن سەن ئاددىي خوتۇن ئەمەسسەن، سەن رەھمەت نۇرىغا يۇغۇرۇلغان بىر زاتسەن، مەن سېنىڭ يولۇڭدا قۇربان بولۇپ، جان پىدا قىلسام ئەرزىيدۇ.

خوتۇن ئېيتتى:

— ئەي جۈپتى ھالالىم، مەن سېنىڭ ئاشۇ خوتۇنۇڭمەن ، بىھەمدۇللاھ، خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكرىكىم، دىدارىڭنى كۆردۈم، غەمخورۇم، سادىق يارىم، ماڭا سېنى خۇدايىمنىڭ ئۆزى ساق ـ سالامەت يەتكۈزدى. گەرچە سەنسىز يۈز جاپالارنى باشتىن ئۆتكۈزدۈم، تېنىم ھەسرەتۇ ئەلەمدىن مەجرۇھ بولدى، لېكىن ساڭا خىيانەت قىلمىدىم، ۋاپا يولىـــــدىن چېكىنمىدىم. ھەركىمكى خۇدادىن قورقۇپ، سىدىقۇ ۋاپادا سابىت بولسا، ئۇنى خۇدانىڭ ئۆزى مالامەتلەردىن ئىسەن ـ ئامان ساقلايدۇ.

ئىككىسى بىر ـ بىرلىرىگە يېقىنلىشىپ، ھەمدەم بولدى. بۇ ۋەقە ساراي ئەھلى ئارىسىدا پۇر بولدى. ھەممە كېلىپ مۇبارەك باد قىلدى. ئەلگە توي بېرىلدى. ئايالنىڭ ئېرى دۆلەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈشتە دانا مەسلىھەتچى بولدى، ئىززەت ـ ئىكرام كۆردى، ئەرەبىينى پادىشاھ ئايال ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋالدى.

مانا ۋاپالىق ئايالنىڭ سەبرۇ ساداقىتىدىن كەلگەن سائادەت، بۇنداق ئايال نەچچە يۈز شەھۋەتپەرەست ئەركەكتىن چوڭ ئەمەسمۇ؟

ئاتىسى ئۇشبۇ ھېكايىنى تۈگەتكەچ، ئوغۇل بىر ئاز ئويلاندى ـ دە، كېيىن ئېتىراز بىلدۈرۈپ دېدى:

— ئاتا سەن شەھۋەتنى نەپرەت بىلەن تىلغا ئالدىڭ. ئەمما ئەركەك ۋە خوتۇن كىشىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىنتىلىشى، مۇھەببىتىنى شەھۋەت دەپ بەدنام قىلىش ۋە بۇنى مەنئى ئېتىش ناتوغرا. ئەركەكنىڭ خوتۇنغا ئىنتىلىشى شەھۋەت ئەمەس. ئەگەر ئەركەكلەر بىلەن خوتۇنلار قوشۇلمىسا، ئادەمىزات نەسلى قانداق داۋام ئېتىدۇ؟ ئالەمنىڭ تۈزۈلۈشى، قانۇنىيىتى بۇزۇلىدۇغۇ. بۇ ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەرتىبۇ تەدبىرىدۇر. مۇلۇك ۋە مەملىكەت، دۇنيا ئىشلىرى شۇ ئاساسقا قۇرۇلغان، بارچە جانزاتلار قوشۇلۇپ، كۆپىيىپ، نەسلىنى داۋام ئەتتۇردى. بەرقارارلىق، راۋاجلىنىش، شۇندىن كېلىپ چىقتى. ئادەمىزات مىڭ ـ مىڭ يىللار ئاشۇ قانچىدىن ـ قانچە رىيازەت ـ راۋاجلىنىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھازىرقى ھالىغا كەلگەن. بۇنى ھېكمەت ئەھلى ياخشى بىلىدۇ. ھەممىسى زۆرۈرۈرىيەتتىن، مۇئەييەن نىزام ئۈچۈن يارىتىلغان. قوشۇلۇش كېرەك ئىكەن، دېمەك، مانا شۇ ئۇلۇغ ھېكمەت قانۇنىغا بويسۇنۇشتۇر. ئاللاتائاللا يەرنى كۆپۈكتىن، پەلەكنى تۈتۈن ـ تۇماندىن ھاسىل قىلغان. بەلكى جىنسلارغا بۆلۈنۈشنىڭ بېشى شۇدۇر. ئەگەر كېرەك بولمىسا، يەرۇ كۆكنى ھەم پۈتۈن مەخلۇقاتلار، ئادەمىزات ۋە ئۇنىڭ تۆرلۈك جىنسلىرىنى ياراتماس ئىدى. ئەگەر شەھۋەت بولمىغاندا سەنمۇ، مەنمۇ بولماس ئىدۇق. نېمىشكە ئەمدى سەن شەھۋەتنى يامان ئاتاق قىلىسەن. بۇ ئىش مەردلەرنىڭ ئىشى ئەمەس دەيسەن؟ بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ماڭا چۈشەندۈرۈپ بەر بولمىسا.

ئاتا جاۋاب بېرىپ دېدى:

— زىنھار شەھۋەتنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىما. ئەمما سەن ئالەمدە پەقەت شۇنى ئاڭلىغىنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزلەرنى ساڭا ئېيتتىم. نېمە ئۈچۈنكى، ئاغزىڭدا پەقەت شۇ سۆز. خىيالىڭ پەقەت شۇ بىلەن بەند ئىدى. بۇ سىرۇ سىنائەت، ھېكمەتلەر ئالىمىدە پەقەت شەھۋەتنى تونىساڭ ۋە بىلسەڭ، پەقەت شۇ بىلەن بەند بولساڭ، ئەتتەڭ دەيمەن، چۈنكى

ئۆمرۈڭ زايە كېتىدۇ. ئويلاپ مۇلاھىزە ئېتىپ ساڭا خىلۋەتتە ئۇشبۇ سۆزلەرنى ئېيتتىم. تاكى شەھۋەت گىردابىدىن قەدىمىڭنى تاشقىرىغا قويساڭ، ئاخىر ئادىمىيلىك پەقەت شۇندىن ئىبارەت ئەمەس، شەھۋەت ئىنساندا مەۋجۇت، ئەمما ئۇ ئادەمنى ئادەم سۈپىتىدە سۈپەتلىيەلمەيدۇ. سەن ئۇلۇغلۇقتا پەيغەمبەرلەر، نەبىلەرگە باراۋەرسەن، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچى ئىيسا بىلەن ھەمرازۇ ھەمنەپەسسەن، ئەپسۇسكى، ئىيسانىڭ ئېشىكى بىلەن ھەمقەدەم بولمىساڭ، نېمىشقا ھايۋان كەبى شەھۋانىي ھېرىسلىك بار. ئىيسا بىلەن خىلۋەتداش بولمىشىڭ مۇمكىنغۇ. شەھۋەت ھەر دائىم قەي (قۇسۇش) غا ئۈندەيدۇ، قۇتۇلغىن بىر مۇددەت بۇ قۇسۇقلاردىن!

توغرا، ھېچبىرجانزات شەھۋەتتىن خالىي ئەمەس، بۇ سىرنى بىلمىگەن ئادەم جىسمانىي مەيىپ، نۇقسانلىقتۇر. ئۇنداق كىشى ساغلام ئەمەس. ئەمما شەھۋەت ھەددىدىن ئاشسا، ھېرىس بېخۇدلۇق كېلىپ چىقىدۇ. كېيىن ئۇنى توختىتىپ بولمايدۇ. شەھۋەت شەۋقى كۈچەيگەندە، مۇھەببەت ئارىدىن كۆتۈرۈلىدۇ. ھالبۇكى، ئىنساننىڭ ماھىيىتى مۇھەببەتتۇر. بىراق مۇھەببەت ھەم مۇئەييەن چېگرادا تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر چېگرادىن ئاشسا، جېنىڭ مەھبۇب كۆزى ئالدىدا ئاجىز، ئەرزىمەس بولۇپ قالىدۇ.

شەھۋەتتىن ۋاز كەچكىن، چۈنكى تەلەپنىڭ ماھىيىتى مۇھەببەتتۇر. ھەممە نەرسىنىڭ جەۋھىرى، ئەسلى مەھبۇب — يارى ئەزەلىيدۇر! ئۇنىڭ يولىدا جان پىدا قىلىش، قۇربان بولۇش شەھۋەتكە گىرىپتارلىقتىن ئەۋزەل! دانا ئادەملەر بۇنى تەجرىبە قىلىپ كۆزىتىپ كۆرگەن، ئاللىقانچە ھېكايەتۇ رىۋايەتلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ كەتكەن. ھېكايىتىمنى ئاڭلا ۋە بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغىن.

## ئايال ئىشقى

پادىشاھنىڭ گۈزەل بىر ئوغلى بار ئىدى. شاھزادە ھەقىقەتەن ھەم كېلىشكەن، ساغلام يىگىت بولۇپ ۋايىغا يەتكەن، خەلق ئۇنىڭ ئاي يۈزىگە قاراشقا پېتىنالمايتتى. گويا ئۇنى دۇنيانىڭ بىر مۆجىزىسى دەيسىز. ئىككى قېشى كاماندەك، كۆزى، كىرپىكلىرى مىڭلىڭ قەلبىنى ۋەيران قىلار، قاراشلىرى ئادەمنى ئاھاڭرەبادەك ئۆزىگە سېھىرلەپ قوياتتى. تەبەسسۇم قىلسا، دۇردەك تىزىلغان چىشلىرى كۆرىنەر، لەئل لەۋلىرىنىڭ خۇشبۇيى نەچچە مۇپتىلالارنى مەستۇ بىھوش ئەيلىگەنىدى. شاھزادە گۈزەل تەلئەت بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇياتلىق ھەم مەغرۇر ئىدى. بىر خوتۇن ئاشۇ گۈزەل يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالدى. كۆڭلى ئېزىلىپ، كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلار ئاققۇزدى. يىگىت پىراقىدا بارچە نەرسىنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، بەلكى دۇنيانى ھەم ئۇنتۇپ، دەرۋىش - قەلەندەر بولدى. ئۇ خوتۇن شاھزادىنىڭ يولىنى تۈنۇ كۈن پايلار، ئەگەر شاھزادە يولسا چىقسا، ئېتىنىڭ ئاياغلىرىنى قۇچاقلاپ ئۆپەر، تۇپراقتىكى ئىزلىرىنى كۆزىگە سۈرتەر ئىدى. يېشى تاراملاپ ئېقىپ، ئاشىقانە نالە چېكەرئىدى. پانا - پانادىن، ھەممە يەردىن شاھزادىغا باقار، دىدارىغا تويماستى. ئەگەر شاھزادە يۈرسە، شەھەردە بولار، باغۇ - سەھراغا چىقسا، ئارقىسىدىن سەھراغا چىقار، ئىزمۇ ئىز قوغلىشىپ بارار ئىدى. تۈنلىرى ئۇنىڭ يادىدا ئۇخلىماي چىقار، ئەتراپتىكىلەرگە ھەم ئۇيقۇ بەرمەي، پەرياد چېكەر ئىدى.

ئادەملەر بۇ ھالنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى، گەپ - سۆز تارقىلىپ، بارا - بارا پۈتۈن شەھەرگە پۇر بولدى. ئىش شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئاخىر شاھزادە نومۇس قىلىپ، ئايالدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي، ئاتىسىغا شىكايەت قىلدى. پادىشاھ خوتۇننى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇنى تۇتۇپ كەلتۈردى. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ، بەتتەر غەزەپلەندى ۋە چاچلىرىنى ئاتنىڭ ئاياغلىرىغا باغلاپ، سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلدى. بۇ ۋەقەنى كۆرگەن ئادەملەر توپ - توپ بولۇشۇپ، دالالارغا چىقتى. ھەممە نەرسە تەق قىلىپ كۈيۈلدى. شۇندا خوتۇن ئۆلۈم ئالدىدىن پادىشاھقا مۇراجىئەت قىلىپ:

— ئەگەر شاھىم ئىجازەت بەرسىلەر، بىر مۇراجىتىم بار، — دەپ سۆز قىلدى تەزىم ئىلە. شاھ دېدى:

— ئەگەر ئىستىگىنىڭ جېنىڭنى ساقلاش بولسا، رازى بولماسمەن، چۈنكى قەستىم سېنىڭ جېنىڭنى ئېلىشتۇر، ئەگەر چېچىمنى تارتىپ سازايى قىلما، دەپ ئىلتىماس قىلماقچى بولساڭ، بۇ ھەم ئۆتمەيدۇ، چۈنكى شۇ ئۈزۈن چاچلىرىڭغا ئۆرۈلۈپ جان بېرىشىڭنى كۆرمەكچىمەن، مەگەر ئاتقا باغلىماستىن ئۆلتۈرۈشنى خالىساڭ، بۇ ھەم رەت ئېتىلىدۇ، چۈنكى، ئاتنىڭ تۇيىقىنى ئۆپۈشنى خوش كۆرگىنىڭنىڭ مۇكاپاتى بۇ. بۇندىن باشقا قانداق ئىلتىماسىڭ بار؟ ياكى بىر مۆھلەت ئامانلىق تىلەرسەن؟ بىر دەقىقىمۇ ئامانلىق بەرمىگەيمەن. ياكى شاھزادىنى كۆرمەك تىلەرسەن، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىنى ھېچ كۆرەلمەيسەن.

خوتۇن ئېيتتى:

— جېنىمنى ساقلاشنى ئىستىمەيمەن، جېنىم ئەمدى ماڭا كېرەك ئەمەس. بىردەممۇ ئامانلىق تىلىمەيمەن، ئۇندىن ئايرىلىپ ئامان ياشاش ئۆلۈمدىن ئېغىر. چېچىمنى سۆرىتىپ، ئاتنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا يانچىپ ئۆلتۈرمەكچى ئىكەنسەن، ئىختىيارىڭ، بۇنى قىلما دەپ ئىلتىماس قىلمايمەن. ئەمما، ئەي ساخاۋەتلىك شاھ، سەن ئېيتقان ئۇشبۇ تەلەبلەردىن باشقا بىر تەلىبىم بار.

شاھ ئېيتتى:

— سۆزلە، بۇندىن باشقا يەنە نە ھاجىتىڭ بار؟ ئەگەر مەن ئېيتقان تەلەبلەردىن باشقا ھاجىتىڭ بولسا، مۇقەررەر بۇ تەلەبلىرىڭنى بېجىرىمەن.

خوتۇن ئېيتتى:

— ئەي ساخاۋەتلىك ۋە شەپقەتلىك شاھ، بۈگۈن مېنى ئات ئاياغلىرىغا باغلاپ سۆرۈتىشكە ھۆكۈم قىلغان ئىكەنسەن، سەندىن ھاجىتىم - ئىلتىماسىم شۇكى، چېچىمنى شاھزادىنىڭ ئېتى ئاياغلىرىغا باغلاپ قوي. بۇ ئىشنى ئۇ قىلسۇن. مەن ئۇنىڭ قۇربانى بولاي ۋە ئەبەدىي ئۇمۇر كۆرەي. ئەگەر مەشۇق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسەم، ئىشق نۇرىدىن روھىم ئەرشى ئەلادا بولىدۇ. بىر ئاجىز خوتۇنمەن، ھوشۇم ئۆزۈمدىن ئەمەس، باغرىمدا لەختە - لەختە قان، تىرىكمەنمۇ، ئۆلۈكمەنمۇ بىلمەيمەن.

پەرۋەردىگار پادشاھنىڭ كۆڭلىگە رەھىم سالدى، كۆڭلى ئېرىلىپ كەتتى. خوتۇننى ئەپۇ قىلدى، ئۇنىڭ سىدىقۇ يېنىشلىرى، پاكىز مۇھەببىتى، ئىلاھىي ئىشقى شاھنىڭ قەلبىنى بوشاتقانىدى. پادشاھ خوتۇننى ئۆز سارىيىغا ئېلىپ باردى. ئوغلىغا ھەمراھ قىلدى.

بۇ ئىشقى ھەقىقىيدۇر، ئەي پەرزەند بۇنى ئۆگەن.

ئەمدى ساڭا يەنە بىر ھېكايەت سۆزلەپ بېرەي. پاك مۇھەببەت ئادەمنى مەرد ۋە جەسۇر ئەتكىنى، ئاجىز قىزنى قەھرىمان جەڭچىگە ئايلاندۇرغىنىنى كۆر.

## بېكتاش ۋە رابىئە

ئەمما، بۇ قىسسە دەردلىك، ئەلەملىكتۇر. سۆيۈشكەنلەر تارتقان جاپاغا ئادەم پەرزەنتى ئەمەس، زالىم پەلەكنىڭ ئۆزى ھەم گەردىشىنى توختىتىپ ماتەم تۇتقان، ئەپسۇس، دەپ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆككەن.

بۇ قىسسە مىسالىنى كىم كۆرگەن، ئەي دىل،
بۇ ھەسرەتنامەدۇر، ئاڭلا بەتەفسىل.

رابىئە بەلخ ئەمىرى كەئىبنىڭ قىزى ئىدى[1]. قىز ناھايىتى ساھىبجامال ۋە ئاقىل بولۇپ، قاپقارا جادۇ كۆزلىرى، نەيزە مىسال كىرپىكلىرى ھەرقانداق يۈرەككە غۇلغۇلا سالار، ھېقىق لەۋلىرى، مەرۋايىت چىشلىرى كۆرگەن كىشىنى رام ئېتەر ئىدى. تەڭداشسىز ھۆسن ۋە بۇنىڭ ئۈستىگە شائىرانە لەتىف تەبىئىتى ئۇ قىزنىڭ شۆھرىتىنى ئەتراپقا يايغانىدى.

ئەمىر كەئىب قىزىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەر، ئۇنى بىر نەفەس ھەم خىيالىدىن نېرى كەتكۈزمەس ئىدى. كېچەيۇ كۈندۈز قىزىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قايغۇرار ئىدى. ئۆلۈمى يېقىنلاشقىنىنى سەزگەن ئەمىر بىر كۈنى ئوغلى ھارىسنى ھۇزۇرىغا چاقىردى. ئۇ ئوغلىغا قاراپ دېدى:

— سىڭلىڭ ئەقلى تولغان قىز، ئۇنىڭغا ھەممە قايىل. لېكىن قىزىمنى خالىغانچە مەن ـ مەن دېگەن زاداگانلار، ئەئىيانلارغا لايىق كۆرمىدىم. ئەمدى ئوغلۇم، مەن ھايات بىلەن ۋىدالىشار ئىكەنمەن، ئۇنىڭ تەقدىرىنى ساڭا تاپشۇرىمەن. سەن ئۇنى ئۆزىگە مۇناسىپ كىشى تېپىپ ئۇزاتقىن.

ھارىس ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە سىڭلىسىنى كۆز قارچۇغىدەك ئاسراشقا ۋەدە بەردى. لېكىن تەقدىر ئۇلارغا قالتىس يولنى راۋا كۆرگەنىدى.

ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھارىس تەختكە ئولتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن كاتتا شاھانە .. ابەت بەردى. جەننەتنى ئەسلەتكۈچى باغدا ئەيش ـ ئىشرەت داۋام ئېتەر، مۇزىكا سادالىرى ياڭرار ئىدى. باھار مايسىلىرى كىشىگە ياشلىقنى ئەسلىتەر، شامال بولسا گۈل غۇنچىلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا ياردەملىشەر ئىدى. گۈللەر ئارىسىدىن جىمىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ مەجلىس ئەھلىگە ھوزۇر بېغىشلار ئىدى.

ھارىسنىڭ تەختى يۈكسەك ئايۋاندا جايلاشقان بولۇپ، ئەمىر ئۇندا قۇياشتەك پارلاپ ئولتۇرار ئىدى. مەرۋايىت تىزىقىدەك ئۇنى ئورىۋېلىشقان خىزمەتچىلەر ۋە چاكارلار خىزمەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى. ھەممىنىڭ قەلبىدە خۇشاللىق، چېھرىسىدە كۈلكە بالقىيتتى. بەزم ئەھلى ئارىسىدا يۇلتۇزلار ئىچىدە پارلاپ تۇرغان ئايدەك، خۇشپىچىم كىيىنگەن قارا قاشلىق، قارا كۆزلۈك، بىر كۆرۈشتە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدىغان سەرۋ قامەت بىر يىگىت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئېتى بېكتاش بولۇپ، خەزىنەبانى ئىدى.

ھارىسنى ئەمىرلىك ئۇنۋانى بىلەن تەبرىكلەشكە كەلگەن ساراي ئەھلى ۋە زاداگانلار خۇرسەندچىلىك قىلىشار ئىدى. قىز ـ جۇۋانلار ھەم قەسىرنىڭ تېمى ۋە ئاراچ ئايۋانلاردىن يۈزلىرىگە پەردە تارتىپ، بەزمە تاماشا قىلار ئىدى. رابىئەمۇ كېنىزەكلىرى، دوستلىرى بىلەن قەسىرنىڭ تېمىغا چىقتى ۋە بىر بۇرجەكتە ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىشقا باشلىدى. شۇ پەيت توساتتىن ئۇنىڭ نىگاھى ئەمىر بىلەن يانمۇ ـ يان ئولتۇرۇپ، سۆھبەت قىلىۋاتقان بېكتاشقا چۈشتى. بېكتاشنىڭ كاتتا سەلتەنەت بىلەن راۋاپ چېلىشى، يېنىپ ھاياجانلىق قوشاق ئېيتىشى، سورۇن كەيپىياتىغا ھەمئاھاڭ لىقمۇ لىق قەدەھلەردىن نازاكەت بىلەن مەي ئىچىشى — يەنى سورۇننىڭ گۈلى بولۇپ ئولتۇرۇشى رابىئە كۆڭلىنى ئۆزىگە رام ئەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ قىزنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەردى. كېچەيۇ كۈندۈز ھالاۋىتىنى يوقاتتى. ئۇ دەردىنى كىمگە ئېيتىشنى بىلمەس، قەلبىدىكى غەلىيان ۋە ئوتتىن ۋۇجۇدى تىترەر ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن باھار بۇلۇتىدىن تۆكۈلگەن يامغۇر مىسالى ياش تۆكۈلەر، پۈتۈن ئەزالىرى ئوت مىسالى يېنىپ، ئېرىۋاتقاندەك ئىدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىشق دەردى قىزنى ھالىدىن كەتكۈزدى. ئۇ كېسەلچان بولۇپ قالدى. سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىدىن تەشۋىشكە چۈشكەن ھارىس ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپ ئىلىپ كەلدى. ئەمما نەئىلاج:

مۇھەببەت دەردىنىڭ دەرمانى قايدا،
تېۋىپكە نە ئىلاج ئىشق قىينىغاندا؟

---

[1] رابىئە قەزدارىيى X ئەسىردە بەلخ شەھىرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئىستىبداتلىق شائىرەدۇر. ئۇشبۇ قىسسىدە كەلتۈرۈلگەن ۋەقەلەر ھەم تارىخي ھېكايىدۇر.

رابىئە دەردلىرىنى شېئىرغا سېلىپ ئاۋۇنماقچى بولار، ئوتلۇق غەزەللەر كۆڭلىدىن قويۇلۇپ كېلەر ئىدى. بىراق بۇ ئۇنىڭغا تەسكىن بېرەلمىدى. قىيىنلىش، ئىزتىراپ باغرىنى لاۋۇلدىتاتتى. رابىئەنىڭ ياشلىقتىن تەربىيىلىگەن مېھرىبان، زېرەك ۋە دانا بىر كىشىسى بار ئىدى. قىزنىڭ ئىشق دەردىگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى سەزگەن زېرەك يېقىنى ئۇنى سۆھبەتكە چاقىردى ۋە قىز ئۆز يۈزىدىن ھايا پەردىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن ھېسلىرىنى تۆكۈپ، كۆڭلىنى بوشاتتى.

ئۇنىڭ ئىشقى مېنى بىخود قىلىپتۇر،
ۋۇجۇدۇم ئۆيىنى نابۇد قىلىپتۇر.
بۇ دەردى بىداۋنىڭ بائىسى ئۇ،
كۆڭۈل غەم – ئوتىنىڭ دەسمايىسى ئۇ.
ئاخىر ئول، دىلرابادىن سۆز دېگىن سەن،
قىلار سەن نې ئۈچۈن بېگانە زېكرىن؟

كېيىن رابىئە ھېلىقى خوتۇندىن ئۆز ئىشق داستانىنى بېكتاشقا يەتكۈزۈشنى سورىدى ۋە بۇ قىسسە باشقىلارغا مەلۇم بولماسلىقىنى ئىستەپ، يارى ئەزىزگە مەكتۇپ يازدى.

ئايا ئەي، كۆزلىرى جادۇ، قايانسەن؟
مېنى بىر يوقلىمايسەنمۇ، قايانسەن؟
قىلىپ كۆڭلۈم تۆرىدە مېھمان بول،
ۋەيا تىغىڭ بىلە جاللادى جان بول!
ئەسىر ئەتتىڭ دىلىمنى، جانىنى – بەندە،
قىلاي سەدقە بولسا مىڭ جان تەندە!
خىيالىڭدا يۈرەرمەن مىسلى مەجنۇن،
تېنىم ئۆرتەر ئەجەب دەردۇ جىگەر خۇن.
ئەگەر كەلسەڭ، قىلاي جايىڭ كۆزۈمنى،
يوق ئىرسە كىمسە تاپمايدۇر ئىزىمنى.
يانۇرمەن شەمئى كەبى بىريانۇ گىريان،
سېنى ئىزلەپ يۈگۈردۇم خەستە ھەريان.
ھۇزۇرۇمغا كېلىپ كۆڭلۈمنى شاد قىل،
ھاياتىم باغىنى ھەم ئاباد قىل!

رابىئە نامەنى يېزىپ تۈگەتتى ۋە قەغەز تېگىگە ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، مەھبۇبىگە ئەۋەتتى. خەتنى ئالغان بېكتاش شېئىرنىڭ مەزمۇنى ۋە راۋانلىقىنى، سەنئەتكارانە سىزىلغان رەسىمنى كۆرۈپ، ھەيرەتتە قالدى ۋە ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ گويا ئۆزىنى رابىئەنى نەچچە يىللاردىن بېرى بىلگەندەك، ئۇنىڭ يېقىن دوستى بولغاندەك ھېس قىلدى. شائىرە سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان بېكتاشنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى ۋە شۇ دەقىقىدە قەلەم ۋە دەۋەت ئېلىپ، مۇھەببەت تىلى بىلەن مەھبۇبىسىگە جاۋاب قايتۇردى.

بېكتاشنىڭ ئىشق مەكتۇبىنى ئالغان رابىئەنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئاقتى. ئەمدى ئۇ چەكسىز خۇرسەند ئىدى، سۆيگۈ جامىدىن لىپمۇ لىق مەي ئىچەر، دىل ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ شېرىن غەزەللەر پۈتەر ئىدى، تەقدىر يەتكۈزگەن بۇ بەختتىن چەكسىز خۇش ئىدى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېكتاش رابىئەنى باغدا تەنھا كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى توندى ۋە شۇ زامانلا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، قوپاللىق بىلەن بىئەدەبانە گەپ قىلىشقا باشلىدى. بېكتاشنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن قاتتىق رەنجىگەن رابىئە جەھلى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ تاشلاپ ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئايا ئەي، بىئەدەپ، بۇ نې قوپاللىق؟
نە جۈرئەت بۇ ۋە قانداق شىر يۈرەكلىك؟
شامال ھەتتا ئېتەگىمدىن ھېيىقار،
كىيىمىم شەپىسىن سەزمەيدۇ كەپتەر.

يىگىت خاتاسىنى تونۇپ، دەرھال ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدى:
— ئەي تەڭسىز دىلبەر، بۇ نە ھالكىم، ماڭا يوشۇرۇنچە نامە ئېۋەتىپ، مېنى دىۋانە

قىلىسەن، ئەمدى بولسا ئۇچراشقىنىمىزدا مەندىن يۈز ئۆرىسەن ۋە بىگانىلەردەك ئۆزۈڭنى ئۇزاقلاشتۇرىسەن؟

قىز ئاچچىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— سەن مېنىڭ قەلبىمدە سەن، يۈرىكىمدە يالقۇنلاۋاتقان ساپ مۇھەببىتىمسەن. كاشكى، بۇنىڭدىن ئاگاھ بولساڭدىڭ، ياق، بىلدىمكى، ئاگاھ ئەمەس ئىكەنسەن. مېنىڭ غەم - غۇسسىگە تولغان ۋۇجۇدۇم ھەۋەسكارلىق ۋە شەھۋانىي ھېرىسىنىڭ قۇربانى بولماس. ئەگەر سەن مېنىڭ شۇ پاك ئىشقىمغا سازاۋەر بولالماس ئىكەنسەن، ياتلار كەبى كۆڭلۈم ئاستانىسىدىن ئۇزاقلىشىسەن ...

بۇ ۋەقەدىن كېيىن بېكتاش ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. نۇرانە كۆڭلىدىن مىڭ - مىڭ پۇشايمان يېدى. سۆيگۈسىدىن رەنجىگەن رابىئە پەقەت يۈرەك ئارمانلىرىنى شېئىرغا تۆكۈپ سالدى، ئەجايىپ جۇشقۇن غەزەللىرى بىلەن گويا ئەلەملىرى يالقۇنىغا سۇ چاچار ئىدى.

كۇنلەرنىڭ بىرىدە باغ ئارىلاپ سەير ئېتىپ، ئۆزىنىڭ يېقىملىق بېيىتلىرىنى ئىزھار قىلدى:

ئايا ئەي، تۇن يېلى، بىرقۇر گۇزەر قىل، دېگىل: كۆيدى دىلىم ئىشق ئاتەشىدە،
قىغانىم تۇركى ياغمىغا خەبەر قىل. بولۇرمۇ چارەئى ئاشىق ئىشىدە؟

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىلەن شېئىر ئوقۇۋاتقان قىز ئاكىسى ھارىسنىڭ ئۇنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بايقىدى، شۇئانلا شېئىردىكى «تۇركى ياغما» ئىبارىسىنى «سۇرخىي ساقا» (يەنى تاڭدا رابىئەگە سۇ كەلتۇرىدىغان كىشىنىڭ ئىسمى) غا ئالماشتۇردى. لېكىن زېرەك شاھزادە بۇ نازۇكلۇقنى بايقىدى ۋە شۇ كۇندىن باشلاپ سىڭلىسىدىن گۇمانسىرايدىغان بولدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتەر - ئۆتمەي ھارىس مۇلكىگە ھېسابسىز لەشكىرى بىلەن دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى. شىجائەتلىك ۋە قايناق قانلىق ھارىس ھەم بار لەشكەرلىرىنى توپلاپ، مۇداپىئە جېڭىگە كىردى. جەڭ مەيدانىدا قىلىچ ۋە قالقانلار توقۇنۇشتى، كېسىلگەن باش ۋە تەنلەردىن قان ئېرىقلاردەك ئېقىشقا باشلىدى. يەر لالىزاردەك قىزىرىپ كەتتى. گويا ئەجەل ئۆزىنىڭ رەھىمسىز چاڭگىلىنى خالايىق بېشىغا سالغان، قىيامەت كۇنىنى يارانقانىدى.

ھارىس جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەرلىرىنى بىر چەتكە توپلاپ، ئۆزى ئالدىدا شىر كەبى دۈشمەن ئۈستىگە ھەملە قىلدى. باشقا تەرەپتە بېكتاش ئىككى قوللاپ شەمشەر ئۇرار ئىدى، قەھرىمانلىق كۆرسىتەر ئىدى. ئەمما توساتتىن بېشىغا ئۇرۇلغان شەمشەر زەربىدىن يارىلانغان بېكتاش بىر نەپەس ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى ۋە ھوشىدىن كەتتى.

خۇددى شۇ پەيتتە جەڭ مەيدانىغا يۈزىنى پەردە بىلەن يۆشۇرغان، جەڭچى كىيىمىنى كىيگەن بىر ئاتلىق كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھايقىرىغىدىن دۈشمەن سىپاھلىرى ۋەھىمىگە چۈشتى. ئۇ ئۆزىنى دادىل دۈشمەنگە ئۇرۇپ، نەچچە - نەچچە باشلارنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، دۈشمەن ساراسىمە بولۇپ، پېتىراشقا باشلىدى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان بۇ قەھرىمان ئېتىنى يارىلانغان بېكتاش تەرەپكە بۇرىدى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئەسكەرلىرى قولىغا تاپشۇردى. كېيىن قانداق پەيدا بولغان بولسا، خۇددى شۇنداق غايىب بولدى. جەڭ مەيدانىدىكىلەر بۇ شىجائەتلىك دىلاۋەر كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلمەستىن ھەيران ئىدى. بېكتاشنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن خالاس ئەتكەن بۇ شىر يۈرەك پەھلىۋان رابىئە ئىدى.

رابىئەنىڭ مەيداندىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن دۈشمەن قايتا ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە كەلكۈن كەبى ھارىس لەشكىرى تەرەپكە ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. بىراق شۇ ۋاقىتتا بۇخارا قوشۇنى ھارىسقا مەدەت ئۈچۈن يېتىپ كەلدى، دۈشمەن تارمار ئېتىلدى.

ھارىس غەلىبە بىلەن خۇرسەند ھالدا شەھەرگە قايتتى ۋە شۇ ھامانلا شىجائەت كۆرسەتكەن سىرلىق ئاتلىقنى ئىزدەتتۇردى. لېكىن ئۇندىن ھېچبىر دېرەك ئالالمىدى. ئۇ پەرىشتە مىسالى يەر يۈزىنى تەرك ئەتكەنىدى. كەچمۇ كىردى، ئاي ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر نۇرىنى ئالەم

ئۆزرە تارتار، كۆڭلىدە شېرىن تۇيغۇ ئويغىتار ئىدى. لېكىن رابىئە كۆڭلى غەش، ئۇنىڭ خىيالى يارىلانغان بېكتاشتا، قىز ھال سوراپ ئۇنىڭغا مەكتۇپ يېزىشقا باشلىدى:

نه قىسمەت بۇكى، سەن قانغا مىلەندىڭ، نه ئۆزنى، نه بىراۋالارنى تونۇرمەن.
بۇ غەمدىن قان ئېرۇر باغرى يارىڭنىڭ. ئەلەملەر ئاغۇشىدە دىل ۋە تەن ھەم،
ئۆزۈن تۈنلەر يانۇرمەن ئوت ئىچىندە، كى گويا غەمگە بولمىشمەن ۋەتەن ھەم.
تاڭ ئاتقاچ، ھەسرىتىم ئارتار زىيادە. ئەگەر ۋەسلىڭ ئۈمىدى بولمىغاندە،
سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن بىھوش ئېرۇرمەن، يېنىپ پۈتكەن بولاردى جان بەدەندە.

ئىشق مەكتۇبى بېكتاش يارىسىغا مەلھەمدەك داۋا بولدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان خۇشاللىق ياشلىرى يۈزىنى يۇيدى ۋە شۇ زامانلا ئولتۇرۇپ جاۋاب نامىسىنى پۈتتى:

مېنى يالغۇز قويارسەن، يار نېمىشكە؟ كېلىپ باشىمدا ئولتۇرغىل بىرەر دەم.
دىلىم ئاشۇپتە، ئۆزۈم خار نېمىشكە؟ قىلىچىڭنىڭ زەخمى ھەم پۈتمەكتە سەكىن،
بۇ بىمارىڭنى سورماقنى ئۇنۇتما، بىراق، كۆڭلۈم ئۆيى تاپمايدۇ تەسكىن.
سۆزۈڭ مەلھەم ماڭا، مېھرىڭ سوۋۇتما. سېنىڭسىز بۇ ھاياتنى نه قىلايىن،
ئاقىللار رەسمىنى تۇتقىن مۇسەللەم: دېدى بېكتاش يىقىلدى، كەتتى ئۆزدىن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بەلخكە كېلىپ قالغان مەشھۇر شائىر روداكىي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار سۆھبەت قىلاردىلەر، رابىئە شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بەردى. روداكىي قىزنىڭ لەتىپ ۋە دىلرەبا غەزەللىرىنى ئىشىتىپ، ھەيرەتتە قالدى. ئۇشبۇ شېئىرلارنىڭ ئىلھامچىسى رابىئەنىڭ پاك مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى ھەم روداكىي شۇ سەپەر چېغىدا بايقاپ قالدى.

روداكىي بۇخاراغا قايتىپ كەلگەندە، ھارىس ھەم بۇخاراغا، شاھ ھوزۇرىغا كەلگەندى. شاھ ھارىس شەرىپىگە كاتتا بەزم تەشكىل قىلدى. بەزمى جەمشىددە بۇخارانىڭ بارچە ئەئيانلىرى، شائىر ۋە پازىللىرى يىغىلىشتى. شاھ شائىرلار سەرۋەرى روداكىيدىن شېئىر ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلدى. روداكىي بۇ سەپەر ئۆز شېئىرلىرىنى ئەمەس. بەلكى رابىئەنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇپ بەردى. مەجلىس قىـــزىدى. مەيدىن سەرخۇش بولغان شاھ روداكىيدىن شېئىرلارنىڭ مۇئەللىپى كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈردى. مەي ئەسرى ۋە شېئىرىيەت ئىلھامىدىن كەيپى ئەلا روداكىي ھارىسنىڭ مەجلىستە بارلىقىنى ئۇنتۇپ، بار ۋاقىئەنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

— بۇ شېئىرلار ئەمىر كەئبى قىزىنىڭ ئىجادى، ئۇنىڭ ئىسمى رابىئە، رابىئە قەزدارىي. ئۇ ئۆزىنىڭ غۇلامىلىرىنى شۇ دەرىجىدە سۆيىدۇكى، ئۇنىڭ نه كېچىسى ئۇيقۇسى، نه كۈندۈزى ھالاۋىتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىر ئېيتىش، غەزەل ئوقۇش، ئاشىققا يوشۇرۇنچە نامە ئېۋەتىشتىن باشقا مەشغۇلاتى يوق. شېئىردىكى پەرىشانلىق، ئىشق ۋەسپىنىڭ كۆچلۈكلىكى ھەم شۇنىڭدىن، — دېدى روداكىي.

شۇندا ھارىس، گويا ھېچ نەرسە ئىشىتمىگەندەك، ئۆزىنى مەستلىككە سالدى، لېكىن ئۆزى غەزەپتىن يۈرىكىنى تېنچلاندۇرالمىدى. ئۇ بەلخكە قايتقاندا، پەيت پايلاپ سىڭلىسىنىڭ قېنىنى تۆكۈش، شۇ ئارقىلىق شەنىگە قونغان شانائەتنى يۇيۇش پىيىگە چۈشتى.

بېكتاش پەقەت سۆيۈملۈكىدىن كەلگەن ئىشق نامەلىرىنى كۆز قارچۇغىدەك ئاسرار، ئۇنى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق سۈپىتىدە قەدىرلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ يۈرگەن بىر دوستى بار ئىدى. بېكتاشقا ھەسەد قىلىپ يۈرگەن بۇ ناپاك «دوست» ئىشقــى مەكتۇپلىرىنى شاھقا ئېلىپ بېرىپ كۆرسەتتى. رابىئە مەكتۇپلىرىنى كۆرگەن ھارىس غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. شۇ ئاندىلا سىڭلىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بەل باغلىدى. ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى، سىڭلىسىغا بولغان مېھرى ھەم ئۇنتۇلدى.

ھارىس ئەڭ ئەۋۋەل بېكتاشنى زىنندانغا تاشلىدى. ئۇندىن كېيىن رابىئەنى قەتل قىلىش پىلانىنى تۈزدى. ئۇ خىزمەتچىلەرگە ھاممامنى قاتتىق قىزىتىشنى، رابىئەنىڭ قوللىرىغا كىشەن سېلىپ، قىزىغان ھاممامغا قاماشنى بۇيرۇدى، بۇ ھۆكۈم ئىجرا ئېتىلدى. ھاممامنىڭ ئىشىك ۋە تۆشۈكلىرىنى لاي بىلەن بېكىتتىشتى. قىز بۇ غەيرى ئىنسانىي قىيناشلارغا قارشى پەريادلار چەكتى. ئۇنىڭ پەريادلىرى قىيىنلىۋاتقان جىسمۇ جېنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىشق دەردى، غازاڭ بولىۋاتقان ياشلىق پېغانى، شېئىر دەردى، مۇھەببەت يالقۇنىدا خەستىلەنگەن جانىنىڭ نىداسى ئىدى.

ھالسىزلىقتىن لەختە ـ لەختە قان قۇسقان قىز كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى قېنىغا مىلاپ، ھاممام تاملىرىغا شېئىر پۈتۈشكە باشلىدى. تام قاندىن قىزىشقا باشلىغانسېرى قىز چېھرىسى سارغىيىپ بارار، ئۇنىڭ لەتىپ ۋۇجۇدىدىن مادار كېتەر ئىدى. ھاممام تاملىرىغا يېزىشقا جاي قالمىغاندا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قان ھەم تۈگىگەنىدى. تام شېئىر بىلەن تولدى ۋە ئۇ ماھپەيكەر گويا دېۋاردىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن سۈرەتتەك يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ جېنى ئىشقۇ قان ئىچرە جىسمىنى تەرك ئەتتى.

ئەتىسى ھاممامنى ئاچتى ۋە ئۇ دىلبەرنى باش ـ ئايىغى قانغا غەرق ھالدا كۆردى، پاك تېنىنى يۇدى ۋە تۇپراققا كۆمدى. يىغلىغانلار ھاممام دېۋارىدا شۇنداق بېيتلارنى ئوقۇدى:

نىگارا، سەنسىز ئەھۋالىم زەبۇندۇر،
يۈزۈ كۆڭۈل قانى ـ لەلالەگۇندۇر.
ئالىپ جانىم ئۇنىڭلە ئويناۋۇرسەن،
خاتا قىلدىم، ئالاۋۇلە ئويناۋۇرسەن.
ئىكى كۆزۈمدىن ئاچتىڭ ئىككى دەريا،
تارام كوكۇللىرىم يوماق بولۇپ يا؟
كېلىپ ھاممامغا ئەھۋالىمنى كۆرسەن،
كى گويا تاۋىدا تۇرغان بىلىقمەن.
ناھات ئاشىق نەسىبى شۇنچە بولغاي،
كى دوزاخ ئىچرە سالغايلار تىرىكلاي.
ۋىسال ئارزۇلىرى جان ئىچرە ئەمدى،
كۆز ياشى، ئاتەشۇ قان ئىچرە ئەمدى.

قوۋانماق ئىستەدىم ۋەسل بايرامىدا،
ۋەلي كۆردۈم ئۆزۈم ئۆلۈم دامىدا.
ئالاۋدا قاغجىرايدۇ ناتاۋان دىل،
نېتەي، ئاخىر ئۇ ئېردى ساڭا مەنزىل!
قىزىل قانىم خىنە بولسۇن قولۇڭغا،
كۆزۈم ياشى گۆھەر چاچسۇن يولۇڭغا،
ئىچىپ قانىمنى بىتكەزدىڭ بەيەكبار،
ھالالىڭ بولسۇن، ئەي ئالجاناب يار!
بۇ خەستە تەننى مەن ئوتقا ئاتارمەن،
بۇ ناكەس دۇنيانى تاشلاپ كېتەرمەن.
جۇدا سەندىن ھاياتىم بولدى ئاخىر،
پاناھ بولسۇن ساڭا ئاللاھى قادىر!

بۇ ۋەقەنى ئىشىتكەن بېكتاشنىڭ يۈرەك ـ باغرى خۇن بولدى. ھارىسنىڭ بىرەھىملىكى غەزىپىنى كەلتۈردى. ئۇ يوشۇرۇنچە يول بىلەن قاماقتىن قاچتى ۋە ھارىسنىڭ ھەرىمىگە كىرىپ، ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. غەزەپ ۋە ئەلەمگە تولغان ئاشىق يىگىت قىز قەبرىگە يېتىپ كەلدى ۋە خەنجەر بىلەن يۈرىكىنى تىلىپ، ئەزىز يارى يېنىدىن جاي ئالدى. بېكتاش بۇ پانىي، بىۋاپا دۇنيادا ئەزىز دىلبەرسىز ياشاشنى خالىمىدى ۋە بۇ ئېچىنىشلىق قىسسىنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇردى.

— شۇنداق پاك ئاشىق ـ مەشۇقلار ئۆتكەن دۇنيادا، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ھېرىستىن پاك، ساماۋى ئىدى. ئوغۇل ئويلىنىپ، پىكىرگە تولدى. ئاتىسى بولسا يەنە ھېكايەتنى باشلىدى.

## سۇلايمان ۋە چۈمۈلە

ھەزرەت سۇلايمان ھەم شاھ ئىدى، ھەم پەيغەمبەر. ئۇ زاتقا ئىنسۇ جىنس، جىمىكى جانزات ئىتائەت قىلار، سۇلايمان ھەتتا قۇرۇت قوڭغۇز، پەرەندىيۇ دەررەندىلەرنىڭ تىلىنى بىلەر، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشەر ئىدى. بىر كۈن سۇلايمان دەبدەبىيۇ ھەشەمەت بىلەن

چۈمۈلىلەر توپى يېنىدىن ئۆتتى. بارچە چۈمۈلىلەر ئۇنىڭ خىزمىتىگە يۈگۈردى، مىلىڭ مىلىڭ (بىر مىليون) چۈمۈلە ھۇزۇرىدا ھازىر بولدى. ئەمما بىر چۈمۈلە ئۇنىڭ ئالدىغا بارمىدى. ئۇ چۈمۈلىنىڭ ئۆۋىسى ئالدىدا بىر تۆپىلىك بارئىدى. ئۇ بىر ئۆزى يەككە تەن بولۇپ، شۇ تۆپىلىك ئۆيىنىڭ ئالدىنى تۈزلەش پېيىغا چۈشكەنىدى. سۇلايمان ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ، دېدى:

— ئەي چۈمۈلە، سېنى ناھايىتى بىتاقەت ۋە تەشۋىشلىك كۆرىمەن. ئەگەر سەندە نوھ ئۆمرىيۇ ئەييۇپنىڭ سەۋىر - تاقىتى بولغان تەقدىردىمۇ بۇ چوڭ تۆپىلىكنى توشۇپ پۈتكۈزەلمەيسەن. بۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس. شۇ كىچىككىنە جۇغۇڭ، زىخىردىن ھەم كىچىك قولۇڭ بىلەن شۇ تۆپىلىكنى توشۇپ پۈتكۈزۈش مۇمكىنمۇ؟

چۈمۈلە سۇلايمانغا قاراپ دېدى:

— ئەي شاھ، بۇ يولدا ھىممەت بىلەن ئىش كۆرسىتىش كېرەك. سەن مېنىڭ نىيىتىمنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، نىيىتىمنىڭ كامالىغا باققىل. مېنى بۇ يولغا مۇھەببەت باشلىدى، مەن بۇ تۆپىلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر چۈمۈلىگە ئاشىقمەن، تۆپە مېنى ئۇنىڭدىن ئاجرىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ چۈمۈلە ماڭا: «شۇ تۆپىنى ئارىدىن كۆتۈرسەڭ، ۋەسلىمگە يېتىپ، بەختىيار بولىسەن، دېدى. بۇ ھىجران دىۋارىنى توشۇپ تۈگەتسەم بولماس. شۇ ۋەجىدىن ھازىر بۇ ئىشقا بەل باغلاپ تۇرۇۋېتىمەن، بۇندىن باشقا نەرسىنى بىلمەيمەن. ئەگەر تۆپىلىكنى توشۇپ يولنى تۈزلىسەم، يار ۋەسلىگە يېتىپ، شادىمان بولىمەن، ئەمما ئەگەر ئىقتىدارىم يەتمەي، شۇ يولدا جان بەرسەم مىڭ - مىڭ رازىمەن.

ئەي پەرزەند! ئىشقنى چۈمۈلىدىن ئۆگەن، يار يولىغا يېتىش ئاسان ئەمەس، جانانە كېرەك بولسا جان پىدا قىل، كورلاردىن كۆرۈشنى، ئاجىزلاردىن قەھرىمانلىقنى تەلىم ئال. چۈمۈلىگە پەست كۆز بىلەن قارىما. چۈنكى ئۇنىڭ ھەم قەلبىدە ئىشق ئىنقىلابى مەۋجۇت. بۇ يولدا نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقنى بىلىش كېرەك، بەلكى شىر چۈمۈلىدىن تەنبىھ ئالدۇ ھەم ئىشق ئالەمدە مۆجىزىلەر يارىتىدۇ!

ياكى مانا بۇ ھېكايىنى ئىشىت، ئىشق ئادەمنى ئۇلۇغۋار ئېتەر ۋە ئۇلۇغ مەقسەتلەرگە ئېلىپ بارار ئىكەن.

## كۆكەرمەستىن بۇرۇن مېۋە بەرگەن دەرەخلەر

كۈنلەردىن بىر كۈنى نوشىرۋان ئادىل ئائىلىسى بىلەن يۇرت ئايلىنىشقا چىقتى. باغ - ۋارانلار، مۇنبەت دالىلارنى كۆردى. يولى سەھراغا چۈشۈپ بېرىۋاتقان ئىدى، بىر چالغا دۇچ كەلدىكىم، بېلىنى ئۈچ جايدىن باغلاپ، سۇ توشۇپ، سەھرانىڭ بىر بۇرجىكىنى ئاۋات قىلىپ كۆچەت تىكمەكتە ئىدى. ئۇ شىجائەت بىلەن، شەۋق بىلەن ئىشلەرئىدى. نوشىرۋاننىڭ چالغا ھەۋەسى كەلدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— سالام سىزگە، ئاتاخان، ھارماڭ، ئاتاخان، ساقىلىڭىز ئاقىرىپ، يېشىڭىز ھەم بىر يەرگە بېرىپ قالغانىكەن. ئۆيدە ئولتۇرۇپ دەم ئالماسسىز، بۇ دۇنيادىكىڭىزدىن ئۇ دۇنيادىكىڭىز يېقىنراق كۆرۈنىدۇ. ئەمدى سىز تىككەن كۆچەتلەر كۆكىرىپ ھوسۇل بەرگۈچە قانچە يىللار ئۆتىدۇ. ئۇنىغىچە سىز بارمۇ، يوقمۇ؟

چال پادىشاھقا قاراپ دېدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بىزگىچە قانچىدىن - قانچە ئادەملەر دەرەخ كۆكەرتىپ كەتتىلەر، بىز پەقەت مېۋىسىنى يېدۇق. ئەمدى نۆۋەت بىزگە، ئوغلۇم. مەن ئۆزۈم ھۇزۇرىنى كۆرەي دەپ تىكىۋاتقىنىم يوق بۇ كۆچەتلەرنى، بەلكى كېلەچەكتە ياشايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن تىكمەكچىمەن، ئەۋلادلار ئۇنىڭ مېۋىسىنى يەيدۇ.

چالنىڭ گەپلىرى نوشىرۋانغا ياقتى، خۇرسەند بولۇپ، شۇ سەھرانى ئاۋات قىلىشقا سەربېپ قىلغايسىز، دەپ بىر ھەميان ئالتۇن بەردى.

— شاھىم، مانا كۆردىڭىزمۇ، مەن تىككەن كۆچەتلەر ئاللىقاچان مېۋە بەردى، — دېدى چال.

نوشىرۋان چالنىڭ بۇ لوتپىدىن يەنىمۇ ئېچىلىپ كەتتى ۋە يەنە بىر ھەميان ئالتۇن ھەدىيە ئەتتى.

— ئەي پەرزەند، ھەر ئىشقا ھىممەت كېرەك. ھىممەت ۋە غەيرەت ئادەمنى ئالىيجاناب قىلىدۇ. پەرۋەردىگار ھىممەت بىلەن ئادەملەرنى سۆيىدۇ ۋە ئۇلارغا مەدەتكار بولىدۇ. شەھۋەت پەقەت، پەسكەشلەرنىڭ ئىشى، ئۇ رىيا ۋە يالغانغا باشلايدۇ، سىدىقنى ساداقەتنى نەسچىلىككە ئايلاندۇرىدۇ. مانا بۇ ھېكايەتكە قۇلاق سال.

## ئىت ۋە سوپى

بىر سوپى قىشلاق يولىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىدى. ئىت ئۇنىڭغا تاشلاندى. سوپى ئۆزىنى ھىمايە قىلىپ، قولىدىكى تايىقى بىلەن ئۇردى. ئىتنىڭ ئايىقى سۇندى. بىچارە ئىت ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراپ، نالە قىلىشقا باشلىدى ۋە سۇنغان ئايىغىنى سۆرەپ، شەيخ ئەبۇ سەيىد ئەبۇلخەير ئالدىغا باردى. شەيخ ئىتقا تەلمۈرۈپ، رەھمى كەلدى. چۈنكى بۇ ئىتنى بىلەر، ئۇنىڭ بىراۋغا ئازار بەرمەسلىكىدىن، ديانەتلىك ئادەملەر ئىشىكىدە پاسىبان بولۇپ، خىيانەت قىلماسلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. ئىت سۇنغان ئايىغىنى كۆرسىتىپ، ئادەمگە ئوخشاش تىلغا كىرىپ، گەپ قىلىشقا باشلىدى:

— ئەي شەيخ، پالان سوپى مېنىڭ ئايىغىمنى ئۇرۇپ سۇندۇردى، چاقىرىپ جازاسىنى بەر، مەن سەندىن سورايمەن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

شەيخ سوپىنى ئالدىغا چاقىرىپ دېدى:

— بۇ تىلسىز جانىۋارغا نېمىشقا ئازار بەردىڭ، قاتتىق جەبىر ئۆتكۈزۈپسەن. بۇ ئادالەتتىن ئەمەس، سەن خۇدا يولىغا كىرگەن ئادەمسەن، رەھمۇ شەپقەت ئادالەت يولى سېنىڭ يولۇڭ ئەمەسمۇ؟

سوپى ئەبۇ سەيىد ئەبۇلخەيرگە قاراپ دېدى:

— ئەي پىرى مۇرشىد، بۇ ئىشتا مېنىڭ ئەيىبىم يوق، ئۇ ماڭا يېپىشىپ، يولۇمنى توستى ۋە تونىمنى بىناماز قىلدى. شۇ سەۋەب تاياق بىلەن ئۇردۇم.

يەردە يېتىپ، نالە قىلىۋاتقان ئىت شەيخكە تەلمۈرەر ئىدى. شەيخ ئىتقا قاراپ دېدى:

— سوپى گۇناھكار، سەن ناھەق جەبىر چېكىپسەن. ئۆزۈڭ ئېيتقىن، سوپىغا قانداق جازا بېرەي؟ ھۆكۈمنى ئۆزۈڭ ئېيت، تاكى جازا قىيامەتكە قالمىسۇن. ئەگەر ئىستىسەڭ، مەن ئۇنى كالتەكلىتەي. سېنىڭ خۇرسەند بولۇشۇڭ ئۈچۈن نېمە چارە بولسا قىلۇرمەن.

شۇندا ئىت دېدى:

— ئەي شەيخى زامانە، بۇنىڭ ئىگىنىدىكى سوپىلار تونىنى كۆرۈپ بۇ ئەھلۇللاھدىن ئىكەن، ئۇنىڭغا تەگمەيمەن دەپ قارار قىلدىم، چۈنكى خۇدا يولىدا يۈرگەن ئادەملەرگە ئىتلارمۇ زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ئەگەر سوپىغا ئازار يەتكۈزسەم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئۆرتىنەر ئىدى. ئەمما سەزدىمكى، ئۇنىڭ تونى سوپىيانە بولغان بىلەن، ئۆزى رىيا ئەھلىدىن ئىكەن. تونى سالامەتلىك - پەقىرلىق نىشانىسى، لېكىن ئۇنىڭ باتىنى ۋەيران. ئەگەر جازا بەرمەكچى بولساڭ، ھازىر بەرگىن، ھەقىقەتەن ھەم جازانى قىيامەتكە قالدۇرما. ئۇنىڭ ئىگىنىدىكى دەرۋىشلەر - مەردلەر تونىنى يېشىپ ئال. شۇندا ئۇنىڭ كاساپىتى ۋە يامانلىقىدىن ئادەملەر قۇتۇلىدۇ. ئىگىنىدىن سالامەت ئەھلى خىرقىسىنى يېشىپ ئالساڭ، شۇ جازا ئاڭا قىيامەتكىچە يېتىدۇ. مەن ھەم شۇنىڭغا رازى بولارمەن.

شەيخ ئەبۇ سەيىد ئەبۇلخەير ئىتنىڭ ساداقىتىگە، ئېتىقادىغا قايىل بولدى ۋە ئېيتقىنىنى بەجا ئەتتى.

— ئەي ئىنسان! ئەگەر ئۆزۈڭنى ئىتتىن ئەۋزەل دەپ بىلمەكچى بولساڭ، ئەۋۋەل

ئۇزۇڭنىڭ ئىتىلقىنى ئاڭلىغىن! بۇنى ئېنىق بىلىۋال ۋە ئۇنىڭ خورۇجلىرىنى بىر تەرەپ ئەت! ئەي ئىنسان، تۇپراق بول، بىر ئۇچۇم تۇپراقتىن يارالغانسەن. مۇنچە لاپۇ داغدۇغا، مۇنچە يالغان ۋە رىيا، بىر قارنىڭ ئۇچۇن مۇنچە ئەزىيەت ۋە ئازاب، كىرلىك ـ پىتنىلىق ئىشلار نېمىگە كېرەك، نېمىشقا بۇنچە بىخۇدسەن، بىخەۋەرسەن؟ ئەرەنلەر ئۇزلىرىنى خاكسار بىلىۇر، ئالتۇننى تۇپراققا تەڭ ھېسابلاپ، شۇ مەردلىكلىرى تۇپەيلى جان بىلەن تەننى پاك ساقلاپ يۇرىدىغان خاكسار بول، خاكسار، ئوغلۇم!

ئوغۇل ئاتىسىنىڭ ھېكايەتلىرى، سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مۇنداق دېدى:

— ئەي ئاتا، خوتۇن ئېلىشتىن مەقسەت پەرزەنت كۆرۈشتۇر، پەرزەنت ئادىمىزات ئۆمرىنىڭ داۋامى، ياخشى پەرزەند ئاتىنىڭ ياخشى نامى، ياخشى پىكىرلىرى، ياخشى ئىشلىرىنى داۋام ئەتتۇرگۇچى بولىدۇ. بۇندىن تاشقىرى، ئەگەر سائادەتلىك، خۇداجوي پەرزەند ئاتا قىلسا، قىيامەت كۇنى ئاتىسىنىڭ شاپائىتىنى تىلەيدىغان بولىدۇ. شۇنداق نۇرۇنباسار بىر پەرزەند دۇنياغا كەلسە، يۇز جان بىلەن پەرۋانە بولۇپ، سۆيۈپ، ئاۋايلاپ ئۇنى پەرۋىش ئەتمەك لازىم. بۇنداق پەرزەنت ھەممىگە كېرەك. شۇنداق پەرزەنت بىلەن ھەربىر كىشى پەخىرلەنسە ئەرزىيدۇ.

ئاتىسى دېدى:

— ئەگەر كىشىنىڭ تەلىپى پەرزەنت بولسا، گەرچە ئۇ باشتا ئەيىبسىز، ساق ـ سالامەت بولسىمۇ، لېكىن ئۆيلىنىپ، پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن، ئۇ مېيىپ ۋە نۇقسانلىق بولۇپ قالىدۇ، ئىشتىن چىقىدۇ. بۇنداق ئادەم (پەرزەندلىك ئادەم) مەرىپەت سىرلىرىدىن بىگانە بولۇپ رەد ئېتىلدى. بۇنى ئاڭلا، ئەگەر سەندە ئىبراھىم خەلىللۇللاھنىڭ[1] دىنى بولسا ئوغلۇڭنى قۇربانلىققا كەلتۇرگىن. ئەمدى سەن باشقا ئىبراھىم، يەنى ئىبراھىم ئەدھەمدىن ئىشىت، بۇزورۇكۋار دەرۋىش پەرزەند خۇسۇسىدا نېمە دېگەن.

## ئىبراھىم ئەدھەم ۋە دەرۋىش

كۇنلەردىن بىر كۇن ئىبراھىم ئەدھەم بىر دەرۋىش بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەي مەھزۇن دەرۋىش، خوتۇن، بالا ـ چاقاڭ بارمۇ، ئۆيلەنگەنمۇسەن؟

دەرۋىش دېدى:

— يوق، ئۆيلەنمىگەن، پەرزەنتىممۇ يوق.

ئىبراھىم ئەدھەم:

— ناھايىتى ياخشى، — دەپ جاۋاب بەردى.

دەرۋىش ئىبراھىم ئەدھەمگە تەئەججۇبلىك نەزەر تاشلاپ: — ئەي ئەرەنلەرنىڭ پېشىۋاسى، نېمىشقا ماڭا بۇنداق دېدىڭ، ئەجىبا، ئۆيلىنىپ، پەرزەنتلىك بولۇش يامانمۇ، — دەپ سورىدى.

ئىبراھىم دېدى:

— ئەي دەرۋىش، ئەگەر دەرۋىش ئۆيلەنسە، خەتەرلىك دېڭىز سەپىرىگە چىققان كېمىگە ئولتۇرغان بولىدۇ ۋە ئەگەر پەرزەند كۆرسە، كېمىسى غەرىق بولدى، دەپ ھېسابلا. چۇنكى پەرزەند، ئائىلە دەرۋىشنى دۇنيا تەشۋىشى بىلەن باغلايدۇ، ئىلاھ يولدىكى مەشغۇلاتلاردىن چەتلەشتۇرىدۇ. كۆڭلۇڭ پەرزەنت بەندىگە گىرىپتار بولغاندا، پەرزەند سېنىڭ شېرىن دۇشمىنىڭگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر تەرىقەتتە بۇيۇك ئىستىدا كۆرسەتكەن مۇرشىد بولساڭمۇ، پەرزەنت تۇغۇلغاندا، ئەۋۋەلقى مەۋقەيىڭ، مەرتىۋەڭ قالمايدۇ، پەرزەنتىڭ قول ـ ئايىغىڭنى

---

[1] «ئىبراھىم خەلىللۇللاھ ئاللاھ ئەمرىگە ئىتائەت ئېتىپ، ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىققا ئېلىپ كەلدى ۋە بوغۇزىغا پىچاق قويدى. ئەمما ئاللاھ تائاللاھ ئىبراھىمنىڭ ساداقىتىنى كۆرۇپ، قۇربانلىققا ئاق قوچقار ئەۋەتتى» دېيىلىدۇ قۇرئاندا.

باغلايدۇ. زەنجىربەند بولىسەن، ئازادلىقىڭ، ئەركىڭدىن ئايرىلىسەن. قۇلاق سال، بىر تىمسال ھېكايەت كەلتۈرەي، مۈشۈك ئەھۋالىدىن ئىبرەت ئالغىن.

## مۈشۈك ھېكايىتى

شەيخ گورگانىي باتىندايىۋ زاھىردا زامانىسىنىڭ يېگانىسى، ئىرپان دەرياسىنىڭ گەۋھەر بەردارى، ساداقەتنىڭ سەلتەنەتنىڭ نىگاھدارى ئىدى. ئاشۇ قۇتبى كىرەمنىڭ خانىقاسىدا بىر مۈشۈك ياشايتتى. شەيخ ئۇنى ھەر كۈنى نەچچە مەرتە كۆرەر، ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتەر ئىدى. مۈشۈكنىڭ قول - ئاياغلىرى ھەممىشە تازا بولار، گويا بىراۋ ئۇنىڭ قول - ئاياغلىرىنى يۇيۇپ قويغاندەك ئىدى. ئاياغلىرىغا غىلاپ كەيدۈرگەندەك چاڭ يۇقماس ئىدى. قەيەرگە بېرىپ كەلسىمۇ، ئەۋۋەل قول - ئاياغلىرىنى تازىلاپ، كېيىن خانىلارغا كىرەر، بەزەن شەيخنىڭ يېنىدا ئۇخلار، بەزەن ھەتتا جايىنامازنىڭ ئۈستىگىمۇ چىقىپ يۈرەر ئىدى. لېكىن شەيخ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماس. ئەكسىنچە، مۈشۈكنى ھەرزاماندا بىر سىلاپ قويار، ئەركىلىتەر ئىدى. مۈشۈك مۇئەييەن ۋاقىتلاردا مىياۋلاپ ئاۋاز چىقىرار ئىدى، ۋاقىتنى ئۇنىڭ ئاۋازىغا قاراپ بەلگىلەيتتى. مۈشۈك بەزەن مىياۋلاپ خادىمنى چاقىرار، خادىملار ۋە خىزمەتكارلارمۇ ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغان ئىدى. ئاشخانىدا، ھويلا ۋە ھۇجرىلاردا بىمالال يۈرەر، ھېچ نەرسىنى ئۇندىن يوشۇرماس ئىدى، ھەتتا گۆش ھەم ئوچۇق، جايىدا تۇرسىمۇ، مۈشۈك ئاڭا تەگمەس ئىدى. ئەكسىنچە ئۇ خانىقا ۋە داستىخانىنىڭ قورۇقچىسى ئىدى، بىرەر نەرسىنى توشۇپ كەتكىنىنى بىراۋ كۆرگەن ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى مۈشۈك ئاشخانىغا كىرىپ، قازاندىكى گۆشنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بارا - بارا بۇنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. ئاخىر ئاشپەز خادىم ئۇنى تۇتۇۋېلىپ تەنبىھ بەردى. بىراق، مۈشۈك بۇ تەنبىھدىن ئارازلاپ شەيخنىڭ ئالدىغىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. خاپا بولۇپ، ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە شۈمشىيىپ تۇرار ئىدى. شەيخ بۇندىن ئاگاھ بولۇپ، خادىمنى چاقىرىپ، ئەھۋالىنى سورىغاندا، خادىم بولغان ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بەردى.

كارامەتلىك شەيخ مۈشۈكنى ئالدىغا چاقىرىپ، كۆزىگە بېقىپ پىكرەن نېمىشقا بۇ ئىشنى قىلدىڭ، دەپ سورىدى. مۈشۈك تۇغقان ئىدى، ئۇ بېرىپ ئۈچ بالىسىنى چىشىدا چىشلەپ ئېلىپ كېلىپ شەيخنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۆزى غەمكىن ھالدا تاشقىرىغا يول ئالدى ۋە دەرەخ شىخىغا چىقىپ ئولتۇردى. مۈشۈك ئاشپەز خادىمنىڭ جەھلىدىن قورقار، كۆزى مۆلدۈرەپ، ئۇندىمەي قاراپ تۇرار ئىدى. شەيخ بۇ ھالنى كۆرۈپ، خادىمدىن خاپا بولدى، ئۇنى كايىدى. كېيىن ئەجەبلىنىپ مۇرىتلىرىغا دېدى:

— مۈشۈك پەرزەنت غېمىدە يۈرگەن ئىكەن، ئۇ مۇھتاج ئىكەن. گۆشنى ئوغۇرلاش تەركى ئەدەپ ئەمەس، بەلكى ئېھتىياج تەقەززاسىدۇر. ئەگەر كىشى بېشىغا زورۇرىيەت چۈشسە، مۇباھ ھەم ھالال بولغاي. بالا ئۈچۈن ھەتتا ئۆمۈچۈك ئاغزىدىن تاماق چىقىرىدۇ. مۈشۈكتىن سادىر بولغان ئىشقا پەقەت ئەجەبلەنمەڭ، چۈنكى بالا مېھرى ئەجەب بىر مېھرىدۇر. تاكى سەندە بالا پەيدا بولماس ئىكەن، بالا غېمى خاتىرەڭگە كەلمەيدۇ.

تەجرىبىلىك شەيخ خادىمغا دېدى:

— بۇ تىلسىز جانىۋار ھازىر بىماردۇر. سېنىڭ جەھلىڭدىن قورقۇپ، دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپتۇ. سەن ئۇندىن ئۆزر سورىساڭ، كەچۈرىدۇ.

خادىم بېشىدىن سەللىسىنى ئېلىپ قويدى ۋە مۈشۈك ئالدىغا بېرىپ، ئۆزر سوراپ تۆۋە قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ تۆۋىسىنىڭ تەسىرى يوق ئىدى، مۈشۈك ئاڭا باقمىدى. ئاخىر شەيخ كېلىپ، مۈشۈككە بىر سۆز دېدى، خادىمنى كەچۈرۈپ دەرەختىن چۈشۈشنى سورىدى. شۇندىن كېيىنلا مۈشۈك دەرەختىن چۈشۈپ ئۆيگە كىردى.

خانىقا ئەھلى ئارىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلدى، ھەممەيلەن مۈشۈكنىڭ ئىشىغا ھەيران بولۇپ، كۆڭۈللىرىدە خۇشلۇق پەيدا بولدى، نىگاھلىرىدا بىر ئىلاھى نۇر ئۇچقۇنلىدى. بارچە

ئۇ مۇشۇكتىن ئىبرەت ئالدى، ئۇنىڭ شۇكرىگە، سەبرىگە قايىل بولدى. ئەگەر مىلك ئالەم بىلەن باغلىنىشلىق بولسىمۇ، ئۇ پەرزەنت باغلىنىشىدەك بولماس. پەرزەنت غېمىدىن خالاس بولغۇچى پەقەت پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىدۇر، بەندىسى بالام ـ پەرزەنتىم دەپ ئۆمۈر ئۆتكۈزەر. پەرزەنت كىشىنى دۇنيا بىلەن باغلايدۇ، پەرزەنت غېمى دۇنيا غېمىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەمما ئالىي دەرىجىدە ئادىل بولماققا، بارچىغا باراۋەر بولماققا يېتىشمەن دېگەن دەرۋىش پەرزەنتۇ خانەدان قىلىش بەھرىدىن ئۆتسۇن. پەرزەنتى بار، ئائىلىسى بار ئادەم ھەممىگە باراۋەر بولالمايدۇ. ئۇ ئىستەر ـ ئىستىمەس ئۆز مەنپەئىتى، بالىلىرى، ئائىلىسى مەنپەئىتىنى ئويلايدۇ، مۇتلەق ھەقىقەتكە يېتىش قىيىن بولىدۇ. ئەي پەرزەنت، ئاللاھنى شۇنداق سۆيمەك كېرەككى، باشقا بىرەر نەرسىنىڭ مېھرى ئاڭا توساق بولمىسۇن، بۇ مېھىر باشقا نەرسىلەرگە بۆلۈنمىسۇن، مانا ھېكايەتنى تىڭلا:

## ئىبراھىم ئەدھەم ھېكايىتى

ئىبراھىم ئەدھەم بەلخ شەھرىدە شاھ ئىدى، تاجۇ تەختىنى تاشلاپ، دەرۋىش جەندىسىنى كەيدى. چۈنكى كۆڭلىدە ئاللاھنىڭ مېھرى بىھەد چوڭ ئىدى. بۇ مۇھەببەت، تاجۇ تەخت، دۆلەتۇ شۆھرەت، خوتۇن ۋە پەرزەنت مۇھەببىتىدىن ئۈستۈنلۈك قىلدى. ئىبراھىم ئەدھەمنىڭ قەيەرگە كەتكىنىنى بالىلىرىمۇ، خوتۇنىمۇ، ئاشنا ـ دوستلىرىمۇ بىلمەيتتى. ئارىدىن نەچچە زامان ئۆتۈپ، ئوغلى چوڭ بولۇپ قالىدۇ ۋە ئاتىسىنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىدۇ. نەچچە شەھەرۇ نەچچە قىشلاقلارنى كۆرىدۇ، سەھرالار، باغلارنى كېزىدۇ. ئاخىر ئىبراھىم ئەدھەمنى مەككە شەھرىنىڭ بىر يېرىدىن تاپىدۇ. ئاتا ـ ئوغۇل بىر ـ بىرلىرىگە يېقىنلىشىپ، بىر ـ بىرىنى تونۇپ مېھرلىرى جۇش ئۇرۇپ قۇچاقلىشىدۇ. ئەمما شۇ ۋاقىتتا ئىبراھىم ئەدھەم نالە قىلىپ، ئەي پەرۋەردىگار، مەن پەرزەنتىمنى كۆرۈپ، مېھرىم جۇش ئۇرۇپ، ساڭا بولغان مۇھەببىتىم بۆلۈندى. يا مېنىڭ جېنىمنى ئال، يا بۇ نەۋقىران يىگىتنىڭ جېنىنى، ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ بۆلۈنۈشىنى خالىمايمەن. تەڭرى بۇ ئىلتىجانى قوبۇل قىلدى ۋە ئوغلىنىڭ جېنى ئاتا قۇچىقىدا تۇرۇپ ئۈزۈلدى.

— ئەي پەرزەنت، مانا بۇ ھېكايەتكە ھەم دىققەت قىل. ئاللاھنىڭ يەككە يېگانىلىقىغا ئىمانىڭ يەنە ئارتار، پەرزەنتلىك بولۇش ـ كۆپىيىش پەقەت ئىنسانلارغا نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ ئال.

## ئىسلامغا كىرگەن ناساراني

بىر ناساراني سودىگەر بار ئىدى. مال ـ مۈلكى ناھايىتى كۆپ، دوست ـ يارانلىرى ئاتراپىدا پەرۋانە، ئۇنىڭ بىر چىرايلىق، دىلكەش ئوغلى بار ئىدى. بالىنىڭ ھۆسنى شۇنچىلىك ئىدىكى، ھەر كىم ئۇنى بىر كۆرگۈسى، قولىدىن تۇتۇپ سۆھبەتلەشكۈسى كېلەتتى. چاچلىرى بىنەپشىدەك ئەتىرلىك ھىد تارىتار، گۈل ئۇنىڭ نازۇك لەۋلىرىدىن نۇسخا ئالغاندەك ئىدى. بۇ گۈزەل بالا كېچىسى كوچىغا چىقسا، ئاپتاپ چىققاندەك بولار، خۇلقى خۇش، كۆلكىسى كۆڭۈل يارىسىغا مەلھەم ئىدى.

ئەنە ئاشۇ گۈزەل ئۆسمۈر تەقدىر تۈپەيلىدىن كېسەلگە ئۇچراپ، ئاتا ـ ئانىسىنى داغدا قالدۇرۇپ، ئالەمدىن كۆز يۇمدى. سودىگەرنىڭ غەم تولغان كۆزلىرى، پىغان نالىسىغا تاقەت قىلىپ بولماستى. ماتەم ئەلىمى ئۇنى ھوشسىز قىلىپ قويغانىدى. بىر نەچچە كۈن ئۆلۈكنى كۆمۈشكە قويمىدى، خۇداغا نالە قىلىپ يالۋۇرار ئىدى، بالامنى تارتىپ ئالما، قايتۇرۇپ بەر دەپ ئاھ چېكەردى. ئەمما، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، بېلىنى باغلىدى، ئۆلۈكنى يۇدۇردى، لېكىن ناسارانىيلار رەسمى قائىدىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلار شەرىئىتى بويىچە دۇئايۇ پاتىھە بىلەن بالىنى تۇپراققا تاپشۇردى. ئۆزىمۇ كەلىمە

ئۇقۇپ مۇسۇلمان بولدى. ھەممە ناسارانىيلار سودىگەرنىڭ ئىشىغا ھەيران ئىدى. ئۇ ئۆز قوۋمىگە قاراپ دېدى:

— ئوغلۇمنىڭ ئۆلۈمى ماڭا شۇنى ئېنىق مەلۇم قىلدىكى، خۇدانىڭ ھېچبىر پەرزەنتى يوق ئىكەن (ناسارانىيلار ئىيسانى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ھېسابلايدۇ)، ئاللاتائاللا خوتۇندىن، ئەقرىبا - قېرىنداشلاردىن، پەرزەنتتىن پاكدۇر. ئۇنىڭ بىرەر پەيۋەندى، باغلىنىشلىقى يوق. ئەگەر ئۇنىڭ پەرزەنتى بولغىنىدا، مېنىڭ داغۇ ھەسرىتىمدىن خۇرسەند بولمىغان بولاردى. ھە، ئىسلامدا مەنا چوڭقۇر ئىكەن، بۇنى ئەمدى ئاڭلىدىم، مۇسۇلمانلىقتىن ئارتۇق دىنۇ دىيانەت، دەۋەتنى كۆرمىدىم.

ئاتا ئوغلىغا قاراپ: «شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ھېكايەت كەلتۈرمەكچىمەن، ئۇيلايمەنكى، مەنىسىدىن بەھرە ئالغايسەن» دېدى.

## يەككىلىك ئاللاھقا خاس

بىر مويسىپىتنىڭ ئايدەك گۈزەل بىر ئوغلى بار ئىدى. ئادەملەر ئۇنىڭ خۇش خۇلقى، ھۆسنۇ جامالىغا ھەۋەس قىلاتتى. ئاتىسى ئوغلىنى جېنىدىن سۆيەتتى، پۈتۈن ئۈمىدلىرىنى ئاڭا باغلىغانىدى. ئەمما، تەقدىر چەرخى ئايلىنىپ، بىر كۈن مويسىپىتنىڭ ئوغلى قازا قىلدى. بۇ ئۆلۈم ئاتىنى چۆكتۈرۈپ قويدى، ھەسرەتۇ غەم بېلىنى بەتتەر دال قىلدى. يۈرىكى ئۆرتىنەر، ماتەمزادە كۆزلىرىدىن ئۈنچىدەك ياشلار ئاقاردى. ئوغلى جىگەر - باغرى ئىدى، باغرى يۈز پارە بولدى. ئوغلى كۆرەر كۆزى ئىدى، كۆز گۆھىرى ئېقىپ چۈشتى، ئوغلى بېلىنىڭ قۇۋۋىتى ئىدى، بېلىدىن مادارى كەتتى. مويسىپىت گاھى بىھوش بولۇپ قالار، گاھى ئادەملەرگە ھەيران بولۇپ تىكىلەر ئىدى. بېشىغا تۇپراق چېچىپ، پىغان قىلار، كېيىن دەردلىك يۈزىنى ئاسمانغا قارىتىپ، دېدى:

— ئەي خۇداۋەندا، سېنىڭ پەيۋەندىڭ - پەرزەنتىڭ يوق ئىكەن، سەن ئۆزرىلىكسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ دەردىم ساڭا تەسىر قىلمايدۇ. سېنىڭ ئوغلۇڭ يوق، ئوغۇل ئۆلۈمى داغىدىن ھەم پاكسەن. پەيۋەندىڭ بولغاندا ئىدى، ھازىدارلار كۆلبىسىنىڭ ئاھىنى ئىشىتەردىڭ. سەن ھۆر - ئازاد سەن، ئازادلىقىڭ ئۈچۈن بىنىيازلىقىڭ ھەددىسىز - بىپايان ئىكەن. شۇنداق بولمىغاندا، ھازا كۆلبىلىرىدىن چىققان ئاھلارنى ئىشىتمەسمىدىڭ. باغلىنىشلىق، ئالاقىدارلىق ئىنسانغا خاس، ئېھتىياتسىزلىق. مۇتلەق ھۆرلۈك پەقەت ئاللاھنىڭ سۈپىتى. ئەگەر ئادەمنىڭ سەندەك پەيۋەندى بولمىغاندا، ئۇ ھەم مىسلىسىز بولار ئىدى.

ئوغلىنى ئاتا بىلەن قىرىق يىل بىرگە ياشاشقا ئىمكان بەردى، قىرىق يىل پەرزەنتىنى سۆيۈپ، شاد ياشىدى. ئەمما، ئەمدى ئۇنىڭ دىدارىدىن مەھرۇم، نېمىشقا ئاتىنىڭ ئىلتىجاسى، ھەرىكەتلىرىنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ؟ ئەگەر بۇ بىر خاتا بولسا — خوتۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس، لېكىن ئەگەر بىر سۆز ئېيتىلسا، بۇ ھەم راۋا ئەمەس.

## ئوغۇلنىڭ ئېتىرازى

ئوغۇل ئاتىسىغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، يەنە دېدى:

— ئەمما گەپلىرىڭىزدىن كۆڭلۈم قانائەت قىلمايۋاتىدۇ، ئاتا، باغرىم يېنىۋاتىدۇ. بۇريان شاھنىڭ قىزىدىن ئاجرىلىش ماڭا قىيىن! ئۇ قىز ئىنتايىن گۈزەلدۇر ۋە مەن ئۈچۈن ئەزىزدۇر. نېمىشقا مەن ئۇنىڭ نامىنى دىلىمدىن چىقىرالمايمەن، ئۇنتالمايمەن؟ نېمە ئۆزى بۇ، نېمىشقا ئۇنى كۆرمەستىن شەمئى كەبى پىراقتا يانماقتىمەن، ئىشتىياقى ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەر؟

ئاتا ئوغلىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بولسۇن، دەپ مىسال تەرىقىسىدە ئۇشبۇ ھېكايەتنى سۆزلەپ بەردى.

# سىرلىق مۇنەججىم ھېكايىتى

ھىندىستاندا بىر مويسىپىتنىڭ قابىلغىنا بىر بالىسى بارئىدى. بالىنىڭ ئەقلى كۆپ نەرسىگە يېتەر، خاتىرىسى مۇستەھكەم، زېھنى ئۆتكۈر بولۇپ، تەھسىلدە پېشقەدەم ئىدى. جىمىكى ئىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. بالىنىڭ بىلىمى، ئەقلىدىن كۆپلەر بەھرىمەند ئىدى. كۆپ ئىلىملەرنى سۆيۈپ ئۆگەندى، ئەمما تەنجىم (يۇلتۇزلارغا قاراپ پال ئېچىش) ئىلىمگە قىزىقىشى زور ئىدى. بۇ ئىلىم ھەققىدىكى كىتابلاردا جىنلار پادىشاھىنىڭ تەرىپۇ تەۋسىپى بايان قىلىنىدۇ. جىنلار شاھى قىزىنىڭ ھۆسنۇ جامالى ھەققىدىمۇ شۇ كىتابلاردا خەۋەر بارئىدى. بالا ئەنە شۇ دىلبەرنىڭ مۇپتىلاسى بولۇپ قالغانىدى. جىنلار شاھى قىزىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىدىيۇ، ئاشىقى بىقارار بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ پىكىر - يادى تەنجىم ھەققىدىكى كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇش بولدى، لېكىن بۇ كىتابلار ئۆزىدە يوق ئىدى.

باشقا بىر ئۇزاق شەھەردە تەنجىم ئىلمىدە ۋە تېبابەت ئىلمىدە شۆھرەت قازانغان ھەكىم ياشايتتى. ئۇنىڭ ساندۇقلىرى لىق كىتاب ئىدى، تەنجىم ئىلمى ھەققىدىكى تىلسىملانغان كىتابلىرىنى ساندۇقتا قۇلۇپلاپ، ھېچكىمگە كۆرسەتمەس ئىدى. تېۋىپ دەرگاھىغا ياتلارنى يولاتماس، شاگىرت ھەم ساقلىماس ئىدى. ئۆيىدە باشقا كىشى بولماس ئىدى، ھەمراھىمۇ يوق ئىدى. بۇنى ئۇ ئىلمىنى بىراۋ ئۆگەنمىسۇن دەپ قىلاتتى، چۈنكى شاگىرت ساقلىسا، بىلىملىرىنى، سىرۇ ئەسرارىنى بىلىپ ئالاتتى.

بالا شۇ سىرلىق تېۋىپنىڭ داڭقىنى ئىشىتتى، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى:

— مېنى شۇ تېۋىپ ھوزۇرىغا ئېلىپ بېرىڭ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بورىيان شاھى ۋە ئۇنىڭ قىزى شۇ ھەكىم ئالدىغا كېلىپ تۇرىدىكەن. ئاتا، كۆڭلۈمدە شۇ قىزنى كۆرۈش ئارزۇسى پەيدا بولغان. بەلكىم ئۇ مېنىڭ يارىم بولار، شۇ يەردە ئۇنى تېپىۋالسام ئەجەب ئەمەس؟ ئۇنىڭ چېھرىسىنى بىر كۆرسەم كاشكى؟ ئۇستاز ھەكىمدىن ھەر خىل ئىلىملەرنى ئۆگىنەتتىم، ئۇنداق بولمىغاندا بۇ يورۇق دۇنيادا ئارمانىمنى ئاشۇرماي، ئىلىملەرنى ئۆگەنمەي، مالۇ مۇلۇك يىغىپ لېكىن بەھرە ئالماي ئۆلۈپ كەتكەن خەسىس كەبى ئۆلۈپ كېتىمەن.

ئاتىسى دېدى:

— سەن ئېيتقان تېۋىپنىڭ خوتۇنىمۇ، پەرزەنتىمۇ يوق، ئۇنى كۆرۈشنى بارچە ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئۇ ھېچكىمنى ياقتۇرمايدۇ. ساڭا ئوخشىغان كۆپلەر ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىش، ئىلىم ئۆگىنىش نىيىتىدە يۈردى، بىراق، مەقسىتىگە ئېرىشەلمىدى. ئىلمىمدىن ھېچكىم خەۋەردار بولمىسۇن، دەپ شۇنداق قىلىدۇ ئۇ.

ئوغلى ئېيتتى:

— سىز مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا يوشۇرۇنچە ئېلىپ بېرىڭ، ئۇ يېقىنى ئۆزۈمگە قويۇپ بەرسىڭىز، ھەممىسىنى قايىل قىلىمەن.

ئەلقىسسە، ئاتا بىلەن ئوغۇل يولغا چۈشتى. ئوغۇل ئاتىسىغا نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە تۈزگەن پىلانىنى ئېيتىپ بەردى:

— ھىندىلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ ھەكىمى ئالدىغا بېرىپ، — دەپ گەپ باشلىدى ئوغۇل ئاتىسىغا، — ئۇچۇق كۆڭۈل ۋە مېھرىبانلىق بىلەن: «بىر بالام بار. ھەم پاك، ھەم گاچا، نامرات بىر ئادەممەن، ئۇنى بېقىشقا قۇربىم يەتمەيدۇ. خۇدا يولىدا شۇ بالىنى ئۆز تەربىيەڭگە ئال، مېنى ئۇنىڭدىن خالاس ئەت. سەن نېمە ئىش بۇيرۇساڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. سۇ ئەكىلىدۇ، ئوچاققا ئوت ياقىدۇ، ھۆرمەت بىلەن تۆشىكىڭنى سالىدۇ ۋە يىغىشتۇرىدۇ. ئۆيۈڭدىن چىقساڭ قورۇقچىڭ بولىدۇ، سادىق بىر خىزمەتكار بولىدۇ ساڭا. ئۆزى بىغايەت پاراسەتلىك، ئەمما پاك ۋە گاچا، تىلىدىن خۇدا قىسقان. ئىلتىماسىمنى قايتۇرما، خۇدا ساڭا يار بولسۇن» دەپ يالۋۇرۇپ كۆرۈڭ.

ئاتا ئوغلىنىڭ ئېيتقانلىرىنى بېجىردى. تېۋىپ دەرھال بالىنى ئىمتىھان قىلىشقا كىرىشتى، ھەقىقەتەن ھەم قولىقى پاك، تىلى گاچا ئىكەنلىكىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ ئاگا بىھوش قىلىدىغان دورا بەردى. چۈنكى ئادەمنىڭ ئەقلى – ھوشى يوق بولسا، تىلغا كىرىپ گەپ قىلىشى ياكى بىئىختىيار بىرەر تاۋۇشقا جاۋابەن ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن. ئەمما بالا بۇنىڭغا ئالدىدىن تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى، دورىنى ئىچكەندىن كېيىن، ئەزالىرى بوشاشتى، ئۆزىنى ئۇنتۇشقا باشلىدى. لېكىن شۇ ھالەتتىمۇ زاھىرەن ئۆزىنى بىھوش كۆرسىتىپ، ئەقلىنى ئىشلىتىشكە ئىنتىلدى. بالا ئۆزىنى بىھوش كۆرسىتىپ، يېتىۋالدى. ئۇستاز ئۆيدىن تاشقىرىغا چىقتى ۋە تېۋىپلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. بالا دورا ئۇيقۇ كەلتۈرۈشى مۇمكىنلىكىنى بىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيىنى ئايلىنىپ يۈرۈشكە باشلىدى، ئەزالىرىنى تېتىك تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلدى. تېۋىپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى. بالا ئۇيقۇ دورىسى ئىشلىمەسلىكى ئۈچۈن ئۆي ئىچىدە يۈگۈردى. شۇ پەيتتە تېۋىپنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى. بالا دەررۇ ئۆزىنى ئۇيقۇغا سالدى. تېۋىپ ئۆيگە كىرگەندە بالا، ئۇيقۇدىكى ئادەمدەك قاتتىق خورەك تارتىشقا باشلىدى. ئۆزىنى مەستلىككە سېلىپ، ھەر خىل قىلىقلارنى قىلدى. تېۋىپ كېلىپ ئۆز جايىغا ئولتۇردى، چارچىغىنى ئۈچۈن يانپاشلىدى. شۇ ۋاقىتتا بالا ئورنىدىن قوزغىلىپ، گاچىدەك ئاۋاز چىقىرىپ، نالە قىلىشقا باشلىدى. بوزلىشى گاچا ئادەمگە ئەينەن ئوخشار ئىدى. تېۋىپ ئۇنى ئويغىتىپ، نالە – پىغانىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. بالا بىردىنلا تىلغا كىرىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ. لېكىن، زىرەك بالا بۇنى پەملەپ، ھېچ نەرسە دېمىدى، تېۋىپنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، مۆلدۈرلەپ تۇرىۋەردى.

ئۇستاز تېۋىپ ئۇنىڭ پاك ۋە گاچىلىقىغا ئىشەندى، باشقا ئىمتىھان قىلمىدى. بالا تېۋىپنىڭ ئۆيىدە ئون يىلنى مانا شۇنداق ئۆزىنى پاك ۋە گاچا سىياقىغا سېلىپ ياشىدى. چوڭ يىگىت بولۇپ قالدى. ئۇستاز ئۆيدىن چىقىپ، تېۋىپلىق ئىشى ياكى باشقا ئىشلار بىلەن كەتكەندە، ئۇ ئۆيدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ يادلاپ ئالاتتى. ئەگەر ئۇستاز ئۆيدە بولسا، نېمە ھەققىدە گەپ قىلسا ياكى بىراۋ بىلەن سۆھبەتلەشسە، جان قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، قەلبىگە ئورنىتاتتى. يىگىت ئۆزى يالغۇز قالغاندا ئاڭلىغان ۋە ئوقۇغانلىرىنى يوشۇرۇنچە قەغەزگە چۈشۈرەتتى. ئاقىۋەتتە ئۇ بارچە ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، شۇنداق دانىشمەن بولدىكى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۇستازغا ئېھتىياجى يوق ئىدى.

ئەمما، ئۇستاز تېۋىپنىڭ ئۆيىدە بىر قۇلۇپلاقلىق ساندۇق تۇراتتى، ئۇستاز ئۇنى پەردە ئارقىسىدا ساقلايتتى. ساندۇقنى ھېچقاچان ئاچماس، بىرەر كىشىنىڭ كۆزى ھەم ئاڭا چۈشمەس ئىدى. يىگىت بۇنى بايقىغانىدى. يىگىت ئۆزى ئىستىگەن نەرسە ئېنىق شۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سېزەتتى. بىراق ئۇنى ئېچىشتىن قورقاتتى، سەبر قىلاتتى.

بىر كۈنى مەملىكەتنىڭ پادشاھى كېسەل بولۇپ قالدى. پادشاھنىڭ ئادەملىرى كېلىپ تېۋىپنى ئېلىپ كەتتى. ئۇلار: «شاھنىڭ بېشىدا بىر ھۆررەك پەيدا بولۇپتۇ، ھۆررەكنىڭ ئىچىدە بىر جانىۋار بار ئىمىش. ساراي تېۋىپلىرى بۇ جانىۋارنى ئېلىپ تاشلاپ، شاھنى دەردتىن خالاس ئېتىش يولىنى تاپالمايۋېتىپتۇ، ئەگەر ئۇستاز ھەكىم كېچىكسە، ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك بولىدۇ، چۈنكى شاھ ئاغرىققا چىدىيالماي بىتاقەت ئىدى» دېدى. «پاك» يىگىت بۇنداق كېسەلنى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇستاز جۆنەپ كەتكەچ، دەرھال ئۇستىگە يېپىنچا يېپىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شاھ سارىيىغا باردى.

ئەلقىسسە، تېۋىپ شاھ ھوزۇرىغا كىرىپ باردى. يىگىتمۇ ئۇنىڭ ئىزىدىن يوشۇرۇنچە بېرىپ، شاھ ياتقان خانىنىڭ ئايۋىنىغا چىقىۋېلىپ، قاراپ تۇردى. تېۋىپ دەرھال ئىشقا كىرىشتى. پادشاھنىڭ بېشىنى ئېچىپ قارىسا، دەرھەقىقەت، بېشىنىڭ ئارقىسىدا بىر ھۆررەك بار ئىدى. ھۆررەكنىڭ ئىچىدە بىر جانىۋار قىمىرلاپ تۇراتتى. پادشاھ دەردكە تاقەت قىلالماي نالە چېكەتتى. تېۋىپ ئەۋۋەل ھۆررەكنى توسۇپ تۇرغان چاچلىرىنى قىردى. ھۆررەكنىڭ تېرىسىنىمۇ ياردى. قارىسا، يارىنىڭ ئىچىدە بىر قىسقۇچ پاقا تۇراتتى، قىسقۇچ

پاقا تېرىسىنىڭ ئىچىدە چاڭگىللىنى يېپىپ تۇرار، چاڭگىللىنى ئاچقاندا شاھنىڭ بېشىغا سانجىلىپ، چىداپ بولماس ئاغرىقنى پەيدا قىلار ئىدى. تېۋىپ بىر ئەسۋابنى تەييارلاپ، قىسقۇچ پاقىنى تېرە ئىچىدىن سوغۇرۇپ چىقارماقچى بولدى، ئەمما تېۋىپنىڭ ئەسۋابى قىسقۇچ پاقىغا تەگكەن ۋاقىتتا ئۇ چاڭگىللىنى پادىشاھ بېشىغا بەتتەر پاتۇرار، ئۇنىڭ ئاغرىقىغا شاھ چىدىيالماي ساپچىپ كېتەردى.

بۇ ئەھۋالنى تۆپىدە كۆرۈپ، كۆزىتىپ تۇرغان «پالەك» يىگىت، ئاخىر تاقەت قىلالماي دېدى:

— ئەي ئۇستاز، بۇ جانىۋارنى ئەسۋاب بىلەن سوغۇرۇپ ئېلىشتىن كۆرە، داغلاش (كۆيدۈرۈش) يولى بىلەن ئالسا بولىدۇ ئەمەسمۇ، چۈنكى قىسقۇچ پاقا ئۆز تەبىئىتىگە كۆرە تېنىگە ئىسسىقلىق تەگكەندە، ئاياغلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالىدۇ.

ئۇستاز تېۋىپ بۇنى ئاڭلاپ، بالىغا قارىدى ۋە داد دەپ سالدى، قاتتىق خاپا بولۇپ، سارايىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئادەملەر بۇ يىگىتنى چاقىرىپ، ئايۋاندىن پەسكە چۈشۈردى ۋە ئىززەت - ئىھتىرام قىلىپ، شاھ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. يىگىت داغلاش ئۇسۇلى بىلەن شاھنى بۇ جانىۋاردىن خالاس ئەتتى، مەلھەم ياساپ يارىغا قويدى. شاھ ئارام ئالدى، ئۆزىگە كەلدى. پادىشاھ تۈزۈلگەندە يىگىتكە ئىنئاملار بەردى. ئۇستاز تېۋىپنىڭ مال - مۈلكى، ئۆي - جايىنىمۇ ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى. يىگىت دەرھال كېلىپ، پەردە ئارقىسىدىكى ساندۇقنى ئېلىپ ئاچتى. ساندۇقتا تەنجۇم ئىلمىگە ئائىت ناياب كىتاب تۇراتتى، ئۇندا مەشۇقىسى جامالىنىڭ تەئرىپى يېزىلغانىدى. يىگىت بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ، تەنجۇم ئىلمىدە يەتتە ئىقلىمغا داڭقى كەتكەن ئۇستازغا ئايلاندى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى تېخى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. بۇ ئارزۇ — جىنلار شاھىنىڭ قىزىنى كۆرۈش، ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئىدى. يىگىت شۇ ئارزۇ ئوتىدا ياناتتى.

ئاخىرى بىر كېچە ھەممە ئۇخلىغاندا، خىلۋەت جايغا دائىرە سىزىقلار تارتىپ، ئۆزى دائىرىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. ھەر تاماندا سىزىقلار تارتىلغان، ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئۆزى ئولتۇراتتى. شۇندىن كېيىن يىگىت ئىشنى باشلىدى. قىرىق كېچە - كۈندۈز ھېچكىمنى قوبۇل قىلماي، سىزىقلار ئىچىدىنمۇ چىقماي، كىتابتىكى جىنلار قىزىنىڭ تەرىپىنى ئوقۇدى. قىرىقىنچى كۈنى تاڭدا بىر دىلپۇرۇز پەرى كىرىپ كەلدى. ئۇ شۇنداق بىر سەنەم ئىدىكى، سۇ بىلەن يۇتسا بولغۇدەك، چىرايى ھۆسنىگە تىل لال، ئۇ ھەقتە سۆز ئېيتىش ھەم قىيىن ئىدى. يىگىت قىزنىڭ كېلىشكەن دىلرەبا قەددى - قامىتى، مالاھەتلىك چېھرىسىنى كۆرۈپ، ئۇنى كۆكسىگە باستى، ياق - ياق، كۆكسى ئىچىگە ئورنىتىۋالدى. كېيىن قارىسا، تاشقىرىدا ھېچكىم يوق، قىز پۈتۈنلەي يىگىتنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانىدى. يىگىت ھەيران بولدى. قىزدىن:

— قانداق قىلىپ ئىچىمگە كىرىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى. ماھرۇي پەرى ئىچكىرىدە تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— مەن سەن بىلەن ئەزەلدىن بىرگە، مەن سېنىڭ ئىچىڭدىمەن. چۈنكى مەن سېنىڭ نەپسىڭمەن، — دېدى، — سەن مېنى ئىزلىدىڭغۇ، نېمىشقا ئەقلىڭنىڭ كۆزىنى ئاچمايسەن؟ ئەگەر ئەقىل كۆزى بىلەن قارىساڭ، پۈتۈن ئالەم سېنىڭ ئۆزۈڭسەن. ئىچكىرىدىنمۇ، تاشقىرىدىنمۇ ھەمدەم ئۆزۈڭسەن. سەندىن باشقا ھېچدۇر، ھەممە ئىزلىگەنلىرىڭ سېنىڭ ھېسلىرىڭ، ھېرىسىڭ، ئارزۇيۇڭ، خىيالىڭدۇر.

يىگىت دېدى:

— ھەي ئەتتەڭ، بىلمەپتىمەن. شۇنچە ئىزلىگىنىم سەنمىدىڭ؟ ئاخىر نەپسنى يىلان ۋە ئىتقا ئوخشىتىدۇ، قاۋان كەبى تويماس شۇم مەخلۇق دەيدۇ. سەن پەقەت يەر كۆكنىڭ چىرايىسەن، بېزىتىسەن. بۇ ھۆسنىكى سەندە بار، ئادىمىزادتا يوق. ناھاتكى، سەن نەپس بولساڭ؟!

پەرى دېدى:

— ھە مەن نەپسمەن، كۆرۈنۈشتە چىرايلىق، دىلكەشمەن. ھەممىنى مەپتۇن ئېتىمەن، دائىمغا تارتىمەن. مەغلۇپلارنى بەندە قىلىپ ئالىمەن. مەن تۈرلۈك قىياپەتكە كىرەلەيمەن. ئەگەر نەپسى - شەيتانى بولسام، ئىت ۋە قاۋاندىن بولغان بولىمەن. شۇ مەخلۇقلار قىياپىتىگە كىرىمەن. خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئىنسان ئىمانىنى غاجىلاشقا باشلايمەن، ئۇنى پەسكە تارتىمەن. ئۇندا ھېچكىم مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ؟ كىشىلەر بېشىغا پالاكەتلەر كەلتۈرىمەن، بالالارنى ياغدۇرىمەن. لېكىن، خاتىرجەم بولۇۋالغىنىمدا ئىلاھىي دەرگاھىدىن «قايت» دېگەن خىتاپ كېلىدۇ. مانا ئەمدى مەن سېنىڭ نەپسىڭمەن، دانا ئادەم. ئامما، مېنى يولغا سېلىش ھەم مۇمكىن، ئىمان ئەھلى مېنى ئۆز ئىرادىلىرى بىلەن يۈگەنلەپ ئالىدۇ. ئەگەر مېنىڭ سۇلتانىم - ساھىبىم مۇسۇلمان ئەھلىدىن بولسا، مېنى ئىتائەت قىلدۇرىدۇ، شۇندا شەيتانمۇ ئىنساپقا كېلىپ، مۇسۇلمان بولىدۇ.

بۇ سۆزنى ئىشىتكەن يىگىت مەردلەر يولىنى تۇتۇپ، رىيازەتتۇ ئەرزىيەتلەر چېكىپ، رەنجۇ ئەلەم، دەردۇ ھەسرەتلەر مەنزىلىنى بېسىپ ئۆتۈپ، جانىنى شەيتانى نەپسىدىن خالاس ئەتتى ۋە نەپسىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ۋاقىئەن، كىمكى دىلخاھىدىن جان سىرىنى بىلمەكچى بولسا، بۇ يولدا شۇ تەقلىتتە قانچىدىن قانچە رەنجۇ سىتەم چەكمىكى كېرەك.

ھېكايىنى تۈگەتكەن ئاتا ئوغلىغا قاراپ دېدى:

— ئەي ئوغۇل، ئىزلىگەنلىرىڭ قولۇڭغا كىردى، ئەمما سەن سۇسلۇق قىلىۋاتىسەن. ئەگەر ھەق ئىشقا مەردانە بولساڭ، سەن ھەم جۇملە جاھان بولىسەن، ھەم دەرگاھ ھۇزۇرىغا مۇشەررەپ بولىسەن، ھەم ئۆي، ھەم ئۆيىنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىسەن. چۈنكى، سەن ئۆز ئۆزۈڭدىن ئايرىلغان، ئۆز ئەسلىڭدىن بىگانە بولۇپ، يوقالغانسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يولدا ئۆزلۈكۈڭنى ئىزلىگۈچىسەن. سەن ئۆزۈڭگە مەشۇقسەن، ئۆزۈڭگە قايت. سەھرادا يۈرمە، ۋەتەنگە قايت. ئۇشبۇ ھۇببۇلۋەتەن، يەنى ۋەتەن مۇھەببىتىدىن ئىمان پاك بولغۇسى، شۇنداق، مەشۇقىڭ پاك جېنىڭ ئىچىدىدۇر. ئادەملەر ئۆزگىلەر قىياپىتىدە ئۆزلىرىنى كۆرىدۇ، ئەمما ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى تونۇمايدۇ. ئىلاھنى تونۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. تەڭرى تائاللانى ھەركىم ئەۋۋەل ئۆزىدىن ئىزلىسۇن، «ئۆزىنى تونۇغان رەببىنى تونۇيدۇ» دېگەن ھەدىسنى ئېسىدىن چىقارمىسۇن. ئۆزلۈكنى تونۇش مەرىپەتتۇر، مەرىپەت يولى سىدىقۇ ۋاپا، قەلب كۆزىنىڭ ئېچىلىشىدۇر.

## شەيخ شىبلىي ۋە ناۋاي ھېكايىتى

بىر شەھەردە بىر ناۋاي ياشاركەن. ئۇ ئەبۇبەكرى شىبلىينىڭ شۆھرىتىنى ئىشىتىپ، شەيخنىڭ ئۆزىنى كۆرمەي، ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىغانىكەن. ئەمما شەيخنى بىر كۆرسەم دېگەن ئىشتىياق بىلەن ياناركەن. ئۇ كۆرۈپ ئاشىق بولمىغان، بەلكى ئىشىتىپ ئاشىق بولغان سەۋەبلىك شەيخنىڭ قىياپىتىنى خىيالىدا گەۋدىلەندۈرەر، ھەر خىل ئادەملەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆرەرئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەيخ ئەبۇ بەكرى شىبلىي ناۋاي ياشايدىغان شەھەرگە كىرىپ كەلدى. شەيخ شەھەرنى ئايلىنىپ، ھېلىقى ناۋاي دۇكىنى يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى ۋە بىر پارچە كۆيۈك نانىنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. شۇ پەيتتە ناۋاي بۇنى كۆرۈپ، نانىنى شىبلىي قولىدىن تارتىپ ئالدى ۋە قاتتىق دەشنەم بەردى. شىبلىي نائۈمىد بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ناۋاينىڭ يېنىدىكى ئادەم ئاڭا قاراپ دېدى:

— بۇ ئادەمنى تونۇمسەن، بۇ ئەبۇ بەكر شىبلىي بولىدۇ. شىبلىيگە شۇنچە ئېتىقادىڭ بارۇ، لېكىن بۇردا نانىنى راۋا كۆرمەي قولىدىن تارتىپ ئالدىڭ.

ناۋاي ئەتتەك - ئەپسۇسلار قىلىپ، شىبلىينىڭ ئارقىسىدىن چاپتى. شىبلىي ئاللىقاچان شەھەردىن چىقىپ، چۆلگە راۋان بولغانىدى. ناۋاي يېرىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاخىرى يېتىشىۋالدى. شەيختىن ئۆزرە سورىدى، ساداقىتى، مۇھەببىتىنى ئېيتتى، يالۋۇردى. شۇندا

ئەبۇبەكرى شىبلىي ئاڭا دېدى:
— بولمىسا، بىر زىياپەت مەجلىسىنى ھازىر قىلغىن، مېنى زىياپەتكە چاقىرغىن.
ناۋاي بۇ سۆزدىن خۇرسەند بولۇپ، دەرھال شەيخنىڭ ئېيتقانلىرىنى بېجىردى. شاھانە زىياپەت ھازىرلاندى، شەھەرنىڭ قازى ـ قۇزاتلىرى، تۈرلۈك تائىپىلاردىن مېھمان تەكلىپ قىلدى. ھەممە ئېسىل تائاملار قويۇلغان دەستۇرخان ئەتراپىغا يىغىلدى. شەيخ شىبلىي دۇئايى پاتىھە قىلدى. مېھمانلار ئەمدى تائامغا قول ئۇزاتقاندا، ئولتۇرغان ئەزىزلەردىن بىرى شىبلىيگە مۇراجىئەت قىلىپ، سورىدى:
— ئەي شەيخى مۇرشىد، ئېيتىڭچۇ دوزىخى كىم ۋە جەننەتى كىم؟
شىبلىي جاۋابەن دېدى:
— ئەگەر دوزىخنى كۆرمەكچى بولساڭ، شۇ زىياپەتنىڭ ساھىبىغا قارا. شۆھرەت ئۈچۈن شۇنچە كۆپ پۇل سەرپلەپ بىزنى چاقىردى، ئەمما خۇدا يولىغا بىر بۇردا ناننى دەرۋىشكە بەرمىدى. ئەگەر ئۇ موھتاج دەرۋىشكە ساخاۋەت، ھىممەت كۆرسىتىپ ناننى بەرگەندە جەننەتى بولاردى.
خۇداپەرەست بولساڭ، ئىخلاس، ئېتىقاد بىلەن ياشا، خۇدانى ئەۋۋەلا ئىخلاس بىلەن سۆيمەك كېرەك. ئىخلاس ـ ئىخلاس، يەنى خۇداغا ئىخلاسى بار كىشى قالغان بارچە تەمە، شۆھرەت، غەرەزلەردىن خالاستۇر. رىيا خۇداپەرەستلىك ئەمەس، بەلكى ئېتپەرەستلىكتۇر. ئىت ئۈچۈن ھازىرۇ نازىر بولىسەنۇ ھەق ئۈچۈن تەييار بولمىساڭ، شۈبھىسىز كاپىرسەن.
سۆز ئېيتتىم، تەمسىل كەلتۈردۈم، مەنىسىنى ئۇقۇۋال، دانا كىتابخان. ھېرىس نېمە، نەپس نېمە، بىلىپ ئال. ھەقنى سۆيگەن ئىنسانلارنىڭ ئىمانى ساڭا يار بولسۇن! ھەق تائاللاھ ھەم ئىمان، سائادەتنى بارلارنى سۆيىدۇ.

## خاتىمەتۇل كىتاب

ئەتتار سۆزىنى تىڭلا، ئەتتار شېئىرىنى ئوقۇ. مېنىڭ شېئىرىمنىڭ دېڭىزى قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، تېشىپ چىقتى، ئۇندىن بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقتى. بۇ بۇلاقلاردىن نۇر بەزمىلىرى يارالمىشتۇر، بۇ ئىشق ۋە مەرىپەت نۇرى بولۇپ، قىيامەتكىچە ئۇشبۇ شېئىر بۇلاقلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ، ئەتتار «ئىلاھىنامە» سىنى كۆكتە مەلەكلەر، جەننەتتە روھلار مۇتالىئە قىلىدۇ. چۈنكى مېنىڭ شېئىرىم بارچىسى پاك تەۋھىددۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەھلى تەۋھىد ئوقار ئىكەن، ئەجەبلەنمە، ئىلاھىي خەزىنە ئىشىكىنى ئېچىپ، «ئىلاھىنامە» نى بايان ئەتتىم. ئاخىر مەن غايىبتىن بىنەسىپمەن. نېمىشقا ئەمدى بىچارىلەر، ئاجىزلار كەبى بەندگە گىرىپتار بولاي؟
ئەي ئەتتار، سۆزۈڭ ئادەملەر قەلبىگە غۇلغۇلا سالسۇن، غاپىللارنى ئاگاھ ئەتسۇن، ئۇيقۇلۇقلارنى بىدار قىلسۇن، شەرەپلىكلەرگە شەرەپ بېغىشلىسۇن!

## شەيخ سەنئان قىسسىسى

شەيخ سەنئان ئۆز زامانىسىنىڭ پىرى مۇرشىدى ئىدى، ئىلمۇ ئىرپان، كارامەتۇ كەشپتە يېگانىدى. ئۇنىڭ كامالىي ھەققىدە گەپ قىلىش ئارتۇقچە، چۈنكى مەككىنىڭ ئۆزىدە ئەللىك يىل شەيخلىق قىلغانىدى، تۆت يۈزدەك مۇرىتى بار ئىدىكى، ھەر بىرى تەرىقەتتە بىر يارقىن سىما ئىدى. ئەمما، ئۆزىمۇ مۇرىتلىرىمۇ رىيازەت ۋە قانائەتتىن توختىماس ئىدى. كېچە ـ كۈندۈز خۇدانى ياد ئېتىپ ياشايتتى. شەيخنىڭ ئىلمى ۋە ئەملى باراۋەر بولۇپ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا رەۋىشتە ئىشارەت ۋە ئەسرار كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەللىك مەرتە ھەج قىلغانىدى. بىرندىن تاشقىرى ئۆمر ھەجىنى ھەم ئۆمۈر بويى كەم قىلمىدى. بىرەر سۈننەتنى تەرك ئەتمىدى ۋە ناماز روزىنى ھېسابسىز كۆپ ئادا قىلاتتى. بارچە پېشۋالار بۇ پېشۋا

شەيخنى ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن ھېسابلايتتى. بىمارلار ۋە كېسەلمەن ئادەملەر ئۇنىڭدىن شىپا تاپاتتى. دېمەك، شادلىق ـ غەمدە خەلق بىلەن بىرگە ۋە مەدەتكار ئىدى.

دەۋرىنىڭ يېگانىسى بولغان بۇ ئۇلۇغ مۇرشىد بىر كېچە چۈش كۆردى. چۈشىدە كۆردىكى، رۇمدا يۇرگەنمىش ۋە بىر بۇت سەنەمگە سەجدە قىلىۋاتقانمىش. كۆڭلى بىدارلارنىڭ بىدارى، ئاگاھلارنىڭ ئاگاھى بولغان بۇ ئۇلۇغ شەيخ كۆرگەن چۈشىدىن غەمكىن بولدى: ئەي ئەتتەڭ، ئىمان تاپاي دەپ شۇنچە جان تىكتىم، ئەپسۇسكى، تائەتلىرىم خۇداۋەندى كېبرىمگە ماقۇل بولمىدى؟ داۋانلار ئېشىپ، مەنزىلگە يېتىمەن دېگەن ئادەم ئاخىرقى داۋاندا پۈتۈن ئىشلىرىنىڭ يوق بولغانلىقىنى سەزگەندەك، مەنمۇ پەرۋەردىگار مەرھەمىتىدىن نائۇمىد بولۇپ قالسام، ئېسىت.

ئاقىۋەت شەيخ سەنئان مۇرىتلىرىنى يىغىپ، رۇمغا بېرىشنى نىيەت قىلغىنىنى ئېيتتى. «بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى بىلمەكچىمەن» دېدى ئۇ. تۆت يۈز مۇرىتمۇ شەيخكە ئەگىشىپ، رۇم سەپىرىدە ئاڭا يولداش بولدى. كەيىدىن رۇم مەملىكىتىگىچە ئۇزاق يول بېسىشقا توغرا كەلدى.

شۇنداق قىلىپ، شەيخ بىلەن مۇرىتلىرى: بىرنەچچە ئاي يول يۈرۈپ، ئاخىر رۇم مەملىكىتىگە يېتىپ كەلدى.

ئۇلار بىر شەھەرنىڭ كوچىلىرىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئېگىز ئايۋانلىق ھەشەمەتلىك بىر بىناغا كۆزلىرى چۈشۈپ، ئاڭا يېقىنلاشتى. ئېگىز ئايۋاندا بىر گۈزەل ناسارانىي قىز ئولتۇراتتى. روھانىي قىياپەتلىك بۇ ناسارانىي قىز ھۆسنۇ جامالدا تەڭسىز، گۈزەللىك ئالىمىدە قۇياشتەك پارلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جامالىغا قارىغاننىڭ كۆزى قامىشار، ئەقلى ھوشى يوقار ئىدى. ھالقا ـ ھالقا زۇلپى ئاشىقلار دامى، ئويناق كۆزلىرى، كامان قاشلىرىدىن يۈرەكلەرگە ئىشق ئوتىنى ئاتار، قىپقىزىل ياقۇتتەك لەۋلىرى چوغ بولۇپ دىلنى ئۆرتەر، ئاغزى ئابى ھاياتتەك جان بەخش ئىدى. چاچلىرىنىڭ ھەر تال تارىسى مىڭ مۇسۇلماننى كوپۇرغا يوللاپ، بېلىگە زۇننار باغلاشقا مەجبۇر ئېتەتتى. بىر دەستە ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرغان يۈزىنىڭ يېرىمىنى چاچلىرى توساپ تۇرار، گويا قۇياش بۇلۇت پەردىسى ئارقىسىدىن باققاندەك ئىدى. قىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى دىلكەش ۋە مالاھەتلىك، دىلبەر ۋە خىلۋەت بەخش ئىدى. ئۇ نەفاسەت ھەيكىلىدەك كۆركەم ئايۋاندا ئولتۇرار، چېچىغا تاقالغان بىر دانە گۆھەر كۈندەك پارلار، يۈزىگە تارتىلغان قارا نېپىز تور گاھ ـ گاھىدا شامالدىن يەلپۈنۈپ، ئېچىلغاندەك بولار ئىدى.

قىزغا يېقىنلاشقاندا، شەيخ سەنئان ئېتىنى توختىتىپ، ئاڭا تىكىلدى. نە ئەجەبكى، شۇ پەيت تەرسا قىز يۈزىدىن نېپىز قارا پەردە كۆتۈرۈلدى. بۇلۇت كەينىدىن كۈن پارلاپ چىققاندەك ئالەم مۇنەۋۋەر بولدى. شەيخ سەنئان بۇ گۈزەل چېھرىنى كۆرديۇ ئۆزىنى يوقاتتى. ھالسىزلىنىپ، ئەزايى بەدىنى بوشاشتى. ئەۋۋەلدە سىر بەرمەسلىككە ھەرىكەت قىلىپ كۆردى، ئەمما ئىشق ئاتەشى لاۋۇلداپ يېنىپ، ئەتراپىدىكىلەرگە سىرىنى ئاشكارا ئەتتى. بۇ قىز ئاشۇ مەككىدە شەيخ چۈشىگە كىرگەن سەنەم ئىدى. شەيخنىڭ ۋۇجۇدى تىترەر، ئىچىگە ئوت چۈشكەندەك بىتاقەت بولار ئىدى. ئۇنىڭ ئىختىيارى قولدىن كەتكەن، دىلى دىلبەر ئىختىيارىغا ئۆتكەنىدى، شەيخ ئەللىك يىللىق تائەت ـ ئىبادىتى، ئابروي ـ ئېتىبارى، ئىمان ـ ئېتىقادىنى تەرسا قىزى ئىشقىغا تىكىشتى. تەرسا قىزى ئۇنىڭ ئىمانىنى سېتىۋالغان، ئىمانۇ دىن ئورنىغا رەسۋالىق بەدناملىق ئىنئام ئەتكەنىدى. شەيخ سەنئان ھەممىسىگە كۆنۈشكە باشلىدى. كۆڭلىدىن ئۇمىدىنى ئۈزدى، چۈنكى ئەمدى ئاڭا ئىتائەت ئەتمەس ئىدى. جېنىنى ھەم جانانىسى ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرار ئىدى. شەيخنىڭ سۆزى ھەم، سازى ھەم ئىشق بولۇپ قالدى. ئۆزگە گەپ قۇلىقىغا كىرمەس، ئۆزگە نەرسىلەر مۇتلەق ئېتىبارىنى تارتماس ئىدى. تەرسا قىزى ئۇنىڭ مەزھىبى، قىبلىسىگە ئايلاندى.

شەيخنىڭ مۇرىتلىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ، قاتتىق قايغۇردى، نېمە قىلىشنى بىلمەي ھەيران قالدىلەر. سەرسانۇ سەرگەردان بولۇپ، گاھ شەھەر كېزەر، گاھ شەيخ ئالدىدا

يىغلىشىپ، ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇنار ئىدى. ئەمما شەيخ سەنئانغا گەپ ھەم، نەسىھەت ھەم كار قىلماس، ئالەمنى ئۇنتۇغانىدى. قەلبى تەرسا قىزنىڭ، پەرمانىدا تۇرسا باشقىنىڭ گېپى قۇلىقىغا كىرەرمىدى؟ بىقارار ئاشىقنىڭ پادىشاھىمۇ ئەمرۇ پەرمان بەرگۈچىسىمۇ مەشۇقىدۇر. بۇ دەردنىڭ بىداۋالىقىنى ئىشق دەردىگە ئەسىر بولغانلار بىلىدۇ. بىدەردلەر بۇنى قەيەردىن بىلسۇن؟ شەيخ ئۈچۈن كېچە ۋە كۈندۈز باراۋەر ئىدى. كۈندۈز كېچىدەك قاراڭغۇ، تۈن خۇددى پىراق زۇلمىتىدەك ئۇزۇن ۋە ۋەھىمىلىك ئىدى.

شەيخنىڭ ئىشقى توغىيان ئۇرۇپ، ئۆزىمۇ، ئالەمنىمۇ ئۇنتۇشقا باشلىدى، بېشىغا تۇپراق چېچىپ، ئۆز ھالىغا ئۆزى ماتەم تۇتتى. كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەس، گاھ نالە چېكەر، گاھىدا ئۆرتىنىپ يانار ئىدى. قاپقارا تۈنلەرنىڭ زۇلمىتى، يەنى پىراق زۇلمىتى پايانسىزدەك ئىدى. ئەي خۇدا، دەپ نالە قىلاتتى شەيخ سەنئان، ئەپسۇسكى، بۇ تۈنلەرنىڭ ئاخىرى كۆرۈنمىسە، ناھات مېنىڭ قۇياشىم پارلاپ چىقمىسا؟ يا پەلەك مەشئىلى ئۆچتىمۇ؟ تىرىكلىك يالقۇنى يوقالدىمۇ؟ بىھەد كۆپ تۈنلەرنى رىيازەتتە ئۆتكۈزگەن ئىدىم، ئەمما بۇنداق زۇلمەت تۈنلىرىنى كۆرمىگەنىدىم. شامدەك يېنىپ ئادا بولۇۋاتىمەن: جىگىرىم يېنىپ، ئىچىمدىكى ئوت لاۋۇلدىماقتا! نەپسىمدىن ئوت چىقىدۇ، ئەي پەرۋەردىگار! ئىشق مېنى ئۆز قېنىمغا تەشنا قىلدى، ياق، ياق، باش - ئايىغىمنى قانغا مىلىدى. بىر كېچىدە يۈز كېچىنىڭ ئازاۋىنى تارتىۋاتىمەن، بىلمىدىم، كۈندۈزۈم قانداق ئۆتەر ئىكىن؟ تۈن ئادەمزات ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇشەققەتلىك، شۇنچە ئازابلىق ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم. كېچە - كۈندۈز قىزىتما ئىچىدىمەن. قاچان كۈندۈز باشلىنىپ، قاچان كەچ كىرىشىنى سەزمەيمەن. ئەگەر ۋۇجۇدۇم تەرھىنى تۈزگەندە پەرۋەردىگار شۇ بىر كېچە ئۈچۈن ئاسراپ قويغانمىدۇ مېنى؟ دۇنيادا غەم شۇنچە كۆپمۇ، ئىشق شۇنداق تەڭداشسىز قۇدرەتمۇ؟ بۇ قىيامەتنىڭ ئالامىتىمۇ، يا ئاھىمدىن گەردۇن شەمئىي خىرەلەشتىمۇ، يا دىلبىرىمدىن ئۈزۈلۈپ، قۇياش پەردە ئىچىگە كىرىپ كەتتىمۇ؟ بۇ تۈن ئازابىدىن كۆيدۈمۇ ياندىم. دەردنىڭ ئىلاجىنى تاپالمىدىم، ئەمدى تاقىتىممۇ قالمىدى. تاغدەك ساباتىم - سەبرىم قېنى، ھەشەمەتۇ ماتانىتىم قايان كەتتى؟ ئۆتكۈر زېھنىم، زاكاۋىتىمدىن ئايرىلدىم: قىلنى قىرىققا يېرىپ، نى - نى مۇشكۈل مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپقان ئەقلىم خىرەلەشتى. بىراق ئىشق ئۈچۈن ئەقىل نېمە كېرەك، ئىشقتا ئەقىلنىڭ كۈچى يېتەرمىدى؟ يارنى ئىزدەپ ئىشىكىگە باراي دېسەم، ئايىغىم قىمىرلىمايدۇ. ئاۋاز چىقىرىپ مەھبۇبەمنى چاقىراي دېسەم، تىلىم سۆزگە كەلمەيدۇ، قان ئاقىۋېرىپ كۆزلىرىم كۆرمەيدىغان بولدى.

ئەقىل كەتتى، سەبىر كەتتى، كەتتى جان،
بۇ نې سەۋدا، نې ئازابۇ نې پىغان.

شەيخ سەنئاننىڭ مۇرىتلىرى يىغلىشىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرماقچى بولدىلەر. يېقىن مەھرەملىرىدىن بىرى دېدى:

— ئەي، شەيخ، ئورنۇڭدىن تۇر، ۋەسۋەسىنى ئۆزۈڭدىن تاشلا، تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇ، شەيتانى لەئىننى نېرى قوغلىغىن.

شەيخ دېدى:

— ئەي بىخەبەر، بۇ كېچە جىگەر قېنىم بىلەن يۈز قېتىم تاھارەت ئالدىم، تەڭرىگە مەھبۇبەم ۋەسلىگە يەتكۈزگىن دەپ، يۈز رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم.

باشقىسى دېدى:

— تەسبىھىڭ قېنى، تەسبىھسىز شەيخ شەيخ بولامدۇ؟ تەسبىھىنى ئېلىپ زىكرىگە چۈش.

شەيخ دېدى:

— بېلىمگە زۇننار باغلاش قولاي بولسۇن ئۈچۈن قوللىرىمنى تەسبىھدىن بوشىتىپ ئالدىم.

باشقىسى دېدى:
ـــ ئەي مويسىپىت، ئەگەر گۇناھۇ خاتا سادىر بولغان بولسا، تەۋبە قىل، پەرۋەردىگار رەھىم قىلغۇچىدۇر.
شەيخ دېدى:
ئاللىقاچان تەۋبە قىلغانمەن، ئەمما شەيخلىق ئارۇ نومۇسىمدىن قالۇ قىلىمدىن تەۋبە قىلغانمەن.
باشقىسى دېدى:
ـــ پۇشايمان قىلمامسەن، شەيخ؟ بۇ ئىشىڭ ئاخىر مۇسۇلمانلىقتىن ئەمەس.
شەيخ دېدى:
ـــ ھە، نېمىشقا شۇ پەيتكىچە ئاشىق بولمىدىم، دەپ پۇشايماندىمەن.
باشقىسى دېدى:
ـــ سېنى دېۋە يولدىن ئازدۇرۇپتۇ، بەتبەختلىك ئوقى بىلەن قەلبىڭنى پارە قىلىپتۇ.
شەيخ دېدى:
ـــ توغرا ئېيتتىڭ، ئىشق دېۋىسى بىزنىڭ قورۇغا ئوت قويدى، ئېيتقىن، يەنە ھەم گۇكۇرتىسەن يالقۇننى. ئاھ، قانداق چىرايلىق ئوت قالار ئۇ!
باشقىسى دېدى:
ـــ خەۋەر تاپقان ئاشنالار، بۇرادەرلىرىمىز نېمە دەيدۇ، بۇندىن ئاگاھ بولغانلار شەيخى كەبىر گۇمراھ بولۇپتۇ، دېمەسمۇ؟
شەيخ دېدى:
ـــ مەن نامۇ ئاتاق، يەنى ئابرۇي - ئىززەت تالىشىشتىن قۇتۇلدۇم. رىيا شېشىسىنى تاشقا ئۇرۇپ چۇل - چۇل قىلىپ سۇندۇردۇم.
باشقىسى دېدى:
ـــ كەل، دوستلىرىڭغا قوشۇلغىن، بۇ كېچە كەبىگە قاراپ يول ئالايلۇق.
شەيخ دېدى:
ـــ ئەگەر كەبە بولمىسا، دەيىر (ناسارانىيلار ئىبادەتخانىسى) بارغۇ. قارىغىن، مەن ھوشيارۇ كەبەم دەيىردە مەستدۇر، يەنى مەشۇقەم ناسارانىيلار ئىبادەتخانىسىدا ياشار ھۆسنى بىلەن مەغرۇر.
باشقىسى دېدى:
ـــ كونا يارۇ دوستلىرىڭ سەندىن خاپا، كۆڭۈللىرى يېرىم بولۇپ، سەرسان - سەرگەردان يۇرۇپتۇغۇ، ئاخىر.
شەيخ دېدى:
ـــ تەرسا قىزى قانداق گۈزەل! كۆڭلۈم باشقا كىشىلەرگە يات. مېنىڭ دوستۇم دەيىردە، پەردە ئارقىسىدا. بېشىمنى ئۇل نىگارنىڭ ئاستانىسىغا قويۇپ، ئۆزرە سورايمەن. باشقا نەرسە كېرەك ئەمەس، مېنى يولدىن توسما، تەنھا قوي.
باشقىسى دېدى:
ـــ ئەي شەيخ، بۇ يول دوزاخ يولى. ئاگاھ بولمىغان ئادەم دوزىخىدۇر.
شەيخ دېدى:
ـــ مەيلى، ماڭا دوزاخ ھەمراھ بولسۇن، بىر ئەمەس، يەتتە دوزاخ مېنىڭ ئاھىمدىن كۆيەر.
باشقىسى دېدى:
ـــ جەننەتتىن نا ئۇمىد بولما، ئەي شەيخ، جەننەتتىن ئۇمىدۋار بولساڭ، بۇ يامان ئىشنى قىلما.
شەيخ دېدى:
ـــ جەننەت مېنىڭ يارىمنىڭ يۈزىدۇر. ئەگەر جەننەت كېرەك بولسا، ئۇنىڭ كوچىسىغا

بارمەن.
باشقىسى دېدى:
— ئەي شەيخ، خۇدادىن ئۈيالغىن، ھەق تائاللاھدىن ئىنساپۇ ئادالەت، ھايا ۋە ئىمان تىلە.
شەيخ دېدى:
— بۇ ئوتنى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا ھەقنىڭ ئۆزى سالدى؟ مەن بۇنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئۈزۈمدىن كەتكۈزەلمەيمەن.
باشقىسى دېدى:
— ئۆزۈڭگە كېلىپ، ھوشۇڭنى يىغ، خاتىرجەم بول، يېڭىدىن ئىمان كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان بولغىن.
شەيخ دېدى:
— مەندەك ھەيرانۇ زاردىن باشقىسىنى سورىما. كاپىر بولغان ئادەمدىن ئىمان تەلەپ قىلىسەنمۇ؟
شەيخ سەنئانغا سۆز تەسىر قىلمىدى. مۇرىتلىرىنىڭ قەلبى قانغا تولدى. ئۇلار ئالدىدا يەنە قانداق ھادىسىلەر يۈز بېرىشىنى بىلمەستىن ھەيران ئىدى. غايىب پەردىسى ئارقىسىدا نې ھېكمەتلەر بار، قىسمەت كىمنىڭ بېشىغا نېمە سالىدۇ، — نامەلۇم ئىدى.
تۈن يورۇپ، يورۇقلۇق سۇلتانى قۇياش لەشكىرىنى تارتىپ چىقىپ كەلدى. شۇ چاغدا خىلۋەتتە ئولتۇرغان شەيخ سەنئان تەرسا قىزى ئۆيى تامان يول ئالدى. قىزنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغانىدى، ئەمما خىزمەتكارلار ئۇنى قوغلاپ ھەيدىدى، ئارقىسىدىن ئىتلىرىنى قويۇپ بەردى. شەيخ ئائىلاج تاشقىرىغا چىقىپ تۇردى، تاشقىرىدا نىگارى ئۆيىنىڭ يولىدىكى تۇپراقتا ئولتۇردى. يارىم چىقارمىكىن دەپ ئىككى كۆزى تۆت ئىدى. مەشۇقەسى دەرگاھى يولىدىكى تۇپراقنى كۆزىگە سۈرتەر، كېچە - كۈندۈز ئۆي يېنىدىن كەتمەس، دەشنام - تەنىلەرگە، مالامەتلەرگە چىداپ، سەبرۇ تاقەت بىلەن قىزنىڭ تاشقىرىغا چىقىشىنى كۈتەر ئىدى. ئاقىۋەتتە، گاللىرى قۇرۇپ، كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ نالە - پىغانى ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ باغرىنى ئېزەر، ئادەملەر ئەتراپىغا توپلىنىپ، قىزنىڭ بىلەن تاماشا قىلار ئىدى، ئېچىنار ئىدى. بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان قىز بىر كۈنى تاشقىرىغا چىقتى ۋە شەيخنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:
— ئەگەر سەن ھەقىقەتەن ئاشىق بولساڭ، بۇ يولغا مەردانىلاردەك كىرىشكەن بولساڭ، تۆۋەندىكى تۆت ئىشنى بېجىرىشىڭ كېرەك: بىرىنچىدىن، بۇتقا سەجدە قىلىسەن، ئىككىنچىدىن، قۇرئاننى ئوتقا سېلىپ ياندۇرىسەن، ئۈچىنچىدىن، شاراب ئىچىسەن، تۆتىنچىدىن، ئىماندىن قايتىسەن.
شەيخ دېدى:
— مەيلى شاراب ئىچىمەن، قالغان ئۈچىسى بىلەن ھېچبىر ئىشىم يوق. جامالىڭ ھەققى مەي ئىچىشكە رازىمەن، ھۆسنىڭنى مەيگە قوشۇپ ئىچەرمەن، ئەمما قالغان ئۈچ شەرتنى بېجىرەلمەيمەن.
قىز دېدى:
— مەيلى، تۇرغىن، مەي بېرەي ئىچ، قېنىڭنى قىزىتىپ، ھوشۇڭنى يوقاتسۇن، كېيىن كۆرىمىز.
شەيخنى دەيىر مۇغان — ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كىردى. مۇرىتلارنىڭ پىغانى ئاسمانۇ پەلەككە كۆتۈرۈلدى. شەيخنى بىر مەجلىسكە ئېلىپ باردى. قىز ئۇندا تەڭسىز ھۆسنىنى نامايىش قىلىپ، مىزبان كەبى مېھرىبانلىقلار كۆرسىتەر ئىدى.
شەيخ ئۇنىڭ ھۆسنى جامالىنى تاماشا قىلىپ، ئەقلۇ ھوشىدىن بىر زەررە قالمىدى، ئاھ چېكىپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردى. شەيخ ئۆزىنى قىزنىڭ يېنىدا كۆردى، ئۇنىڭ ياقۇتتەك لەۋلىرى، خۇشبۇي زۇلپى بىلەن ئۇرتاقلاشتى، قىزنىڭ كۆلكىلىرىنى كۆردى. قىز قولىدىن

بادە ئىلىپ ئىچتى، مەھبۇبىسى چاچلىرىنى تۇتۇپ سىلىدى. شەيخ دىن ئىلمىدە يۈز خىل كىتابنى تۈت مەزھەپتە مۇتالىئە قىلغانىدى. قۇرئاننى يادقا بىلەتتى. ئەمما ھەممىسى بىردىن يادىدىن كۆتۈرۈلدى. بادە كېلىپ بەرىنى بەرباد قىلدى. مەي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى لەۋھەنى يۇيۇپ، خاتىرىدىكى يېزىقلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. ئۇ سەنەم قولىدىن بادە ئىچكەندىن كېيىن، شەيخنىڭ پۈتۈن ئىختىيارى قولدىن كەتتى. مەي تەسىرىدە سەرخۇش بولۇپ، قولىنى قىزنىڭ بوينىغا سالماقچى بولدى.

قىز دېدى:

— ئەي شەيخ، سەن ئەقىل ئىگىسى ئەمەس ئىكەنسەن. ئىشقتا بىرەر مۇددىئانى كۆزلىگەن كىشى مەرد ئەمەس. مۇددىئا ئەھلىنىڭ ھەقىقىي ئىشق بىلەن ئالاقىسى يوق. ئاقىل كىشى ئاشىقلىقنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. ئەگەر ئىشقتا قەدىمىڭ مەھكەم بولسا، بۇ ھەلقە زۇلپىمنىڭ مەزھىپىگە كىرمەكچى بولساڭ، مېنىڭ پىكرۇ ئادىتىمگە ئىقتىدا قىل، شۇندا مەن بىلەن ئولتۇرۇپ، قولۇڭنى بوينۇمغا سالىسەن. ئەگەر ئىقتىدا قىلماس ئىكەنسەن، مانا ھاساڭ، ئەنە تونۇڭ، ئال - دە، جۆنە.

شەيخ سەنئان ئەمدى ئاشىق بولۇپ قالغان، ئىشق دامىغا گىرىپتار ئادەم ئىدى. ئاشىق شەيخ مەست بولۇپ، دىلىنى قولدىن بېرىپ قويغان، ئۆزىمۇ بىھوش ۋە بىخود ئەھۋالدا ئىدى. مەي كونا ۋە ئۆتكۈر ئىدى، شەيخنىڭ مېڭىسىگە تېز تەسىر ئەتتى، مەي كونا، ئىشق ياش، ئاشىق بولسا قېرى ئىدى. ئەمما دىلبەر ئاشىقنىڭ ئالدىدا ھازىر ئىدى، شۇنداق بولغاچقا، سەبىر قىلىپ بولارمىدى؟

شەيخ دېدى:

— ئەي ئاي يۈزلۈكۈم، تاقىتىم قالمىدى، مەن بىچارىدىن يەنە نېمە كۈتىسەن، ئېيت، ھوشيارلىقىمدا بۇتپەرەست بولمىغان بولسامۇ، بىراق مەستلىكتە بۇتقا سېغىنىپ، قۇرئاننىمۇ كۆيدۈرۈشكە تەييارمەن.

— مانا ئەمدى مېنىڭ ئادىمىم بولدۇڭ، — قىز دېدى، — مېنىڭ مەزھىپىم، تەبىئىتىمگە بويۇن ئەگدىڭ. شۇ پەيتكىچە سەن ئىشقتا خام ئىدىڭ، ئەمدى پىشتىڭ، ۋەسسالام! بۇ خەۋەر بارچە تەرسالار ئارىسىدا تارقالدى، شۇنداق ئۇلۇغ شەيخ تەرسالار مەزھىپىگە كىرىپتۇ، دەپ شادلاندى.

شەيخ سەنئاننى مەست ھالدا ئىبادەتخانىغا ئېلىپ كەلدى ۋە بېلىگە زۇننار باغلىدى. شەيخ ئۆز دىنىدىن كۆڭلىنى ئۈزدى. كەبىنىمۇ، شەيخلىقىنىمۇ پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقاردى.

شەيخ تەرسا قىزغا قاراپ دېدى:

— ئەي دىلبەر قىز، نېمە دېگەن بولساڭ، قىلدىم، بارچە شەرتلىرىڭنى بېجىردىم، خوش بىزنىڭ ئارىمىزدا توسقۇنلۇق قىلىدىغان يەنە نېمە قالدى؟ ئىشق تۈپەيلى مەي ئىچتىم، بۇتقا سەجدە قىلدىم. ئىشق يولىدا كۆرگەن ئازابلىرىمنى ھېچكىم كۆرمىسۇن. ئەللىك يىل شەيخلىق قىلدىم، كۆڭلۈمدە روز دەرياسى مەۋج ئۇراتتى. ئەمما ئىلىمدىكى پۇختىلىق ئىشقىدا ئېلىپبە ئوقۇغانچىلىك كەپ ئىكەن. غايىپ سىرلارنى بىلگۈچىلەر ئىشق يولىدا سەرگەردانۇ ئاۋارە ئىكەن.

قىز يەنە دېدى:

— ئەي ئىشق ئەسىرى بولغان چال، سەن ناھايىتى پەقىر - نامراتسەن. ئەمما مېنىڭ تويلۇقۇم كاتتا، كۈچۈڭ يېتەرمىكىن؟ مەن كۆپ مىقداردا ئالتۇن ۋە كۈمۈش تەلەپ قىلىمەن. ئالتۇنىڭ بولمىسا، ئىشىڭنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەندىن ئۈمىدىڭنى ئۈز، قۇياش كەبى يالغۇزلۇق يولىنى تاللا، مەردلەر كەبى سەبىر قىلىپ، تەنھالىقتا چىدىغىن.

شەيخ دېدى:

— ئەي سەۋرى بويلۇق گۈزىلىم، ئېيتقانلىرىڭ توغرا، لېكىن مېنىڭ سەندىن ئۆزگە بۇ شەھەردە ئادىمىم يوق. سېنىڭ ئىشقىڭ يولىدا بار - يوقۇمدىن

ئاجرالغانمەن، بارچە يارۇ مۇرىتلىرىممۇ مەندىن يۈز ئۆرىگەن، مېنىڭ دۈشمىنىمگە ئايلىنىپ قالغان. سەن بىلەن دوزاختا بىرىشقىمۇ تەييارمەن، سەنسىز بېھىش مەن ئۈچۈن دوزاختۇر.

ئاقىۋەت ئۇ گۈزەلنىڭ شەيخكە رەھمى كەلدى. شەيخنىڭ سىدقۇ ۋاپاسى مۇستەھكەملىكىنى يەنە سىناش مەقسىتىدە دېدى:

— تويلۇق پۇلى ئورنىغا ماڭا بىر يىل چوشقىلىرىمنى بېقىپ بېرىسەن. بىر يىل ئۆتكەندە، سېنىڭ خاھىشىڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ، بىرگە ئۆمۈر ئۆتكۈزىمىز.

كەبىنىڭ ئۇلۇغ شەيخى شەيخ سەنئان چوشقا باقارلىق كەسپىنى قوبۇل قىلدى. دېمەك، ھەر بىر ئادەم ئىچىدە يۈز چوشقا بار، يا كىشى ئىچىدىكى چوشقىنى ئۆلتۈرۈشى كېرەك يا زۇننار باغلىشى كېرەك، سەن بۇ ئىش پەقەت شەيخ سەنئان بېشىغا چۈشكەن دەپ گۇمان قىلىسەن. لېكىن بۇ خەتەر ھەر بىر كىشى ئىچىدە بار. ئۇ ھەر زامان بېشىنى چىقىرىپ، ئادەم بالىسىنى بىزەۋىتە قىلىدۇ. ئەگەر سەن ئۆزۈڭدىكى چوشقىدىن ئاگاھ بولمىساڭ، تەرىقەت يولىغا كىرگەن سالىك ئەمەسسەن، ئەگەر تەرىقەتكە قەدەم قويماقچى ئىكەنسەن، بۇ يولدىكى بۇتلار، چوشقىلار كەبى مىڭ تۈرلۈك بالالاردىن قورقما. ئەگەر تەرىقەت يولى شۇنداق ئازابلىق بولمىغاندا، شەيخ سەنئاندەك دىن ئادىمى رەسۋا بولۇپ، رۇم شەھرىدە غەۋغا كۆتۈرمەس، سەرگەردان بولماس ئىدى.

## شەيخ سەنئان مۇرىتلىرىنىڭ چارە تاپالماي كەبىگە قايتىشلىرى

شەيخ سەنئاننىڭ مۇرىتلىرى نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي ھەيران قالدى. شەيخنىڭ شەيدا ۋە ئاشىقلىقى، تەرسا قىزى ئۈچۈن تەرسالار دىنىغا كىرىپ، مۇسۇلمانلىقنى تەرك ئەتكىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتى، غەمكىن ۋە دىلتەڭ بولۇپ، ئەتتەڭ - ئەپسۇس دەپ شەيختىن يۈز ئۆرۈدى. مۇرىتلار ئارىسىدا شەيخكە يېقىن بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ شەيخنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى:

— ئەي ئىشقدا ئىنانى ئىختىيارىنى قولدىن بەرگەن پىر، بىز ئەمدى كەبە تامان قايتىمىز. نېمە ئىستىكىڭ بار، ئېيت، بەلكى بىزگە بىرەر كۆرسەتمە بېرەرسەن ياكى ھەممىمىز سەن كەبى تەرسالىق يولىغا كىرىپ، رەسۋا بولۇشىمىز كېرەك ياكى بۇ يەردىن كېتىپ، سېنىڭ بۇ ئەھۋالىڭنى كۆرمەي، يىراقراق تۇرغىنىمىز تۈزۈك. كەبىگە بېرىپ، خاتىرجەم ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمىز بۇ يەردە كۆرۈۋاتقىنىمىزدىن ياخشىراق ئەمەسمۇ؟

شەيخ دېدى:

— قەيەرگە بارساڭلار بېرىڭلار، مېنى تىنچ قويۇڭلار. تا تېنىمدە جېنىم بار ئىكەن، ناسارانىيلار دەيرى مېنىڭ جايىمدۇر. ماڭا شۇ ناسارانىيلارنىڭ روھانىي قىزى بولسا بەس. ئەگەر سىز ھەم ئاشىق بولغىنىڭىزدا ماڭا ھەمدەممۇ ھەمراز بولاردىڭىز. ئەي ئەزىزلەر، قايتىپ بېرىڭلار، مېنىڭ ھالىم نېمە كېچىشنى خۇدا بىلىدۇ. ئەگەر مېنى سورىسا، راست گەپنى سۆزلەڭ، شەيخ سەنئان ئاشىقۇ خەستە دەڭ، كۆزلىرىدە قانلىق ياش، شېكەر يېسە زەھەرگە ئايلىنىدۇ دەپ ئېيتىڭ. ھېچبىر مۇسۇلمان بېشىغا بۇ سەۋدانى سالمىسۇن. ئەگەر مېنى تەنە بىلەن تىلغا ئالسا، دەرد كۆرمىگەن بىدەردلەر ئۇلار.

شەيخ سەنئان شۇ گەپلەرنى ئېيتىپ، يۈزىنى دوستلىرىدىن ئۆرۈدى، ئۇلار بىلەن ۋىدالاشمىدى. تايىقىنى ئېلىپ، چوشقىلارغا قاراش ئۈچۈن دالاغا يول ئالدى. مۇرىتلار بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يىغلاپ قالدى، ھەرقانچە «ئەي شەيخ، قايتىڭ» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما شەيخ ئېتىبار قىلمىدى. گويا مۇرىتلىرىنى ھېچ كۆرمىگەندەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مۇتلەق يات كىشىلەردەك ئىدى. شەيخ بىپەرۋا چوشقا باقارلىقنى داۋام ئەتتۈرەر ئىدى.

شۇندىن كېيىن مۇرىتلار بارچىسى مەككىگە قاراپ يولغا چۈشتى، جانلىرى كۆيەر،

يۈرەكلىرى ئېچىشار، ئەمما ئىلاجىسىز ئىدى. مۇرىتلار مەككىگە بېرىپ يەتتى. لېكىن
ھېچكىمگە ھېچبىرنەرسە دېمىدى. شەيخ ئەھۋالىدىن سۆز ئاچمىدى. ئۇلار پىرسىز،
رەھبەرسىز ئىدى، پىرلىرى رومدا تەرسا بولۇپ قالغانىدى. پىر يولىنى يوقاتقاندىن كېيىن
مۇرىتلار نېمە قىلسۇن، پىر كەبىدىن يۈز ئۆرۈگەندە، مۇرىتلارنىڭ كەبىگە قاراپ
يۈزلىنىشلىرى ئەجەب. ئەي ئىشق، نېمىلەر قىلدىڭ سەن، ئەي پەلەك، ئادەم بېشىغا نې
كۆرگۈلۈكلەرنى سالىسەن؟!

شەيخ سەنئاننىڭ يەنە بىر تەقۋادار مۇرىتى بار ئىدى. شەيخ رومغا كەتكەن ۋاقىتتا ئۇ
مەككىدە ئەمەس ئىدى. شەيخ يوقلۇقىدا سەپەردىن قايتىپ، مەككىگە كەلگەن ۋە شەيخنى
كۈتۈپ، خىلۋەتتە ئولتۇرار ئىدى. مۇرىتلارنىڭ شەيخسىز قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ،
كۆڭلى بۇزۇلدى ۋە ئۇلاردىن پىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. بۇرادەرلەر ئاڭا شەيخ بېشىغا
چۈشكەن سەۋدانى بىر - بىر ھېكايە قىلىپ بەردى. شەيخنىڭ ئاشىق بولغىنى، تەرسالارغا
قوشۇلۇپ مەيخورلۇق قىلغىنى، ھازىرقى ۋاقىتتا چوشقا باقار بولۇپ يۈرگىنىنى ئېيتىپ
بەردى.

تەقۋادار مۇرىت بۇرادەرلىرىدىن بۇ قىسسىنى ئىشىتكەچ، غەمكىن قىياپەتتە دېدى:

— ئەي نائەھلى بىۋاپالار، يارلىق ۋە دوستلۇقتا مۇۋاپىق ئىش قىلماپسىلەر. ئەكسىچە،
نامەردلەرنىڭ ئىشىنى قىلىپسىزلەر. ساداقەتلىك مۇرىت، جان پەيۋەندلىك يار بولسىڭىز
ئېغىر پەيتتە، بىرگە بولۇپ، دەردىگە مەلھەم بولاتتىڭىز. ئەگەر ئۆز شەيخىڭىزنىڭ يارى
بولسىڭىز، ھەرقانداق شارائىتتا ئۇنىڭ يېنىدا بولمىغىڭىز لازىم، ئاخىر. ئويلىڭلار،
ساداقەتۇ ۋاپا شۇمۇ، پىر ھەققىنى ئادا ئېتىش مۇشۇمۇ؟! ئەگەر شەيخىڭىز بېلىگە زۇننار
باغلىغان ئىكەن، سىز ھەم دەرھال بەلگە زۇننار باغلىشىڭىز، ئەگەر تەرسا بولسا، ھەممىڭىز
ئاڭا قوشۇلۇپ تەرسا بولۇشىڭىز كېرەك. سىز قىلغان ئىش پەقەت دوستلۇق ۋە مۇۋاپىقلىق
ئەمەس، بەلكى مۇناپىقلىق ۋە دۈشمەنلىكتۇر. ئۆز يارىنىڭ دوستى بولىدىغان ئادەم، يارى
ئەگەر كۇپار بولسىمۇ دوستلۇقنى تەرك ئەتمەسلىكى كېرەك. شەيخ دېڭىزگە چۆكۈپ، لەھەڭ
ئېغىزىغا چۈشۈپتۇ، سىلەر قورقۇپ، ئۇنى تاشلاپ قاچتىڭلار.

ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن: «بىز شەيخنى كۆپ مەرتە ئاگاھلاندۇردۇق، بىرگە
يۈرۈپ، دەردكە شېرىك بولماقچى بولدۇق. ئەمما شەيخ بىزدىن بىزار ئىدى، بىزنى
كۆرۈشتىن ئاغرىناتتى. ئالدىدىن بىزنى قوغلاپ ھەيدىدى. چۈنكى بىزنىڭ دوستلۇقىمىزدىن
ئاڭا ھېچ پايدا يوق ئىدى، بىزنىڭ مەككىگە قايتىشىمىز ھەم ئۇنىڭ ھۆكمي پەرماندۇر»
دېدى. سادىق مۇرىت يەنە دېدى:

— سىزنىڭ بىز مۇرىت دېيىشكە ھەققىڭىز يوق، نامەردلەرنىڭ ئىشىنى قىلغانسىز.
ھەق ئالدىدا پىرىڭىزغا زۇلۇم قىلدىڭىز. شۇنىڭ بىلەن ھەق يولىدىن ھەم قايتتىڭىز.

مۇرىتلار بۇ سۆزنى ئىشىتكەچ، ئۆز - ئۆزلىرىدىن كايىشقا باشلىدى. ناتوغرا ئىش
قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

— بىز ھەممىمىز ھەق دەرگاھى دەپ تەلەپكار بولۇپ يۈرۈپتىمىز، شەيخكىمۇ،
ئۆزىمىزگىمۇ زۇلۇم قىلىپتىمىز. ئەمدى قەغەزدىن كۆڭلەك كېيىپ - قانات چىقىرىپ،
رومغا ئۇچايلى، پىرنىڭ ھۇزۇرىغا يېتەيلى، — دېدى بارچىسى بىر ئېغىزدىن.

## رومغا قايتىپ كەلگەنلىكى

بارچە مۇرىتلار مەككىدىن چىقىپ، رومغا راۋان بولدى. ئۇلار خاتا قىلغانلىرىنى
تونۇپ، ھەق دەرگاھىغا زارۇ نالە قىلىپ، ئۆزرە سورايتتى. ھەربىرى قىرىق كېچە - كۈندۈز
مەقامدىن باش تارتماي، دۇئا قىلدى، شاپائەت تىلىدى. يېشىل كىيىم كىيىپ يۈرگەن
مۇرىتلار ئەمدى ماتەم تۇتۇپ، كۆك لىباسلىرىنى كىيدى. ئاخىر ئۇلارنىڭ دۇئاسى قوبۇل
قىلىندى: پاكلىق ۋە سادىقلىق ئوقى نىشانغا تەگدى. تاڭ سەھەردە بىر ئىپار ھىدلىق

خۇشبۇي شامال ئەستى، كەشپو كارامەت ئالىمى ئاشكارا بولدى. ئەۋۋەلدىن پىرگە سادىق بولغان زاكاۋەتلىك مۇرىت مۇھەممەد مۇستافانى چۈشىدە كۆردى. قارىسا، ھەزرىتى رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئىككى قارا زۇلفىنى يېيىپ، خىرامان كېلەر ۋە تەبەسسۇم قىلار ئىدى. كىمكى ئۇنى كۆرسە مەدھۇ سانا ياغدۇرار ئىدى. مۇستەفانى كۆرگەن مۇرىت جايىدىن چاپچىپ تۇردى ۋە دېدى:

— ئەي رەسۇلى ئەكرەم، قولۇمنى ئالغىن، سەن خەلققە رەھنەما - ھەق يولىنى كۆرسەتكۈچى بەرھەق پەيغەمبەر. بىزنىڭ شەيخىمىز يولدىن ئازدى. ئۇنى تۈز يولغا باشلا.

مۇستافا ئاتا دېدى:

— ئەي ھىممىتى بەلەند ئۇممىتىم، بار، شەيخىڭنى بەندىدىن ئازات ئەتتىم. شەيخ بىلەن ھەق ئارىسىدا شۇ پەيتكىچە گەردۇ غۇبارلار بار ئىدى. قارا داغ كۆرۈنەر ئىدى. مەن شۇ غۇبارنى ئۇنىڭ يولىدىن كۆتۈردۈم. ئۇنى زۇلمەت ئىچىدە داۋاملىق قېلىشقا قويمىدىم. شاپائەت يۈزىدىن بىر شەبنەم ئاتا قىلدىمكى، شەيخنىڭ ھاياتىغا ھەم بۇ پەيزى ساپا كىرگۈزىدۇ. سەن شۇنىڭغا ئىشەنكى، ئالەم - ئالەم گۇناھ بولسىمۇ، بىر تۈۋە تۈپەيلى كېچىرىلىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم بۇ سۆزلىرىنى دېدىيۇ زاكاۋەتلىك مۇرىت نەزىرىدىن غايىب بولدى. ئەمما، مۇرىت بۇ چۈشنىڭ مەناسىدىن شۇنچىلىك خۇرسەند بولدىكى، ئۆزىدىن كېتىپ قالدى. ئۆزىگە كېلىپ، شۇنداق بىر نەرە تارتتىكى، گويا ئاسماندا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك بولدى. بارچە ھەمراھلىرىنى بۇندىن خەۋەردار قىلدى، ئۇلارغا ياخشىلىق ئالامىتىنى يەتكۈزۈپ، تەخىرسىز يولغا چىقتى. ھەممىسى شاد - خۇراملىقتىن كۆزلىرىدە ياش، ئاتلىق ۋە پىيادە دەشتۇ باياۋانلارنى بېسىپ، شەيخ مەنزىلىگە يەتتى. شەيخنى كۆردىكى، ئەۋۋەلقىدەك چوشقا باقارلىق قىلاتتى، ئەمما بىقارارلىقتىن قۇرۇپ، قاق سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى، گويا بىر پارچە ئوتتەك ياناتتى. شەيخ ئۆزىنىڭ سادىق مۇرىتىنى كۆردى، ئەھۋالى ئۆزگەردى. قەلبىدە بىر ئىلاھىي ئۇچقۇن لىپ ئېتىپ ياندى. ھەق بىلەن رازىلىشىشقا باشلىدى. ناقۇس - قوڭغۇراقنىمۇ، زۇننارنىمۇ تاشلىدى. شەيخ سەنئان كۆڭۈل دوستلىرى، مۇرىتلىرىنى ئۇزاقتىن كۆرۈپ، گويا ئۆزىنى نۇر ئىچرە سەزدى. خىجالەت چېكىپ، تونىنى پارە - پارە قىلدى، ئەپسۇس - نادامەت چەكتى. گاھىي ئاھ - نالە ئېتەر، گاھىدا ھەسرىتىدىن تېنىدىكى قېنى مۇزلاپ قالغاندەك بولار ئىدى.

قۇرئان ھېكمەتلىرى، ئىلاھىي ئەسرار ۋە ھەدىسلەر سۈننىتى خاتىرىسىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلگەنىدى، لېكىن بىردىن ھەممىسى يەنە يادىغا چۈشتى، جاھىللىق ۋە بىچارىلىكتىن قۇتۇلدى. خىجالەت ۋە ئۇياتتىن كۆڭۈل قېنىغا گۈل كەبى مىلەنگەنىدى. دوستلىرى ئۇنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىلەر، تەڭرى - تائالاغا مىڭ - مىڭ شۈكرى قىلدى.

شەيخكە دېدى:

— ئەي سىرلارنى پەردىسىز كۆرگۈچى زات، قۇياشىڭنى توسۇپ تۇرغان بۇلۇت تارقالدى. كۇفۇر كەتتى، ئىمان قايتىپ كەلدى. رۇمنىڭ بۇتپەرەستى يېڭىدىن ھەقپەرەست بولدى. ئىجاۋەت ۋە شاپائەت دەرياسى ئۆركەشلىدى، سېنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزى ئارىغا كىرىپ، شەفى بولدى. بۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئالەم ئاخىرىسىغىچە قىلساڭمۇ ئادا بولماس، تۇر شۈكرانە قىل، ماتەمنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ پاكلىق ئوتى قەلبىڭگە كىردى، ئەمدى كېرەكسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈر!

قىسسىنى شۇ يەردە توگىتىمەن، چۈنكى يەنە ئۇلۇغ يول ئەزىمىتى باشلاندى، شەيخ سەنئان تاھارەت ئېلىپ پاكلاندى، ناماز قىلدى ۋە خىرقەسىنى ئۈستىگە كىيدى. كېيىن مەككىگە قاراپ سەپەرگە ئاتلاندى، ئۇلۇغ ھەشەمەتلىك كارۋان كەبە تامان يۈرەتتى.

## تەرسا قىزنىڭ چۈش كۆرۈشى ۋە شەيخ كەيىندىن بېرىشى

شەيخ سەنئان رۇمنى تەرك ئېتىپ، مەككىگە قايتقاندىن كېيىن تەرسا قىزى چۈش كۆردى. چۈشىدە ئاپتاپ قوينىغا كىرگەنمىش. شۇنداق ئاپتاپ تىلغا كىرىپ، شەيخنىڭ ئارقىسىدىن يولغا چۈش، دېدى. شەيخ مەجاز تەرىقىسىدە سېنىڭ يولۇڭغا كىرگەندى، سەن پەقەت ئۇنىڭ كەينىدىن بارساڭ، ھەق يولىغا كىرىسەن. سەن ئۇنى يولدىن تايدۇرغانىدىڭ، ئەمدى ئۇنىڭ يولىغا كىر، شەيخ قايتىپ ھەق يولىنى تاپتى، سەنمۇ ھەمراھى بولغىن.

تەرسا قىزى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، قەلبىدە بىر نۇر شولىلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، كۆڭلىدە ئەجەب بىر دەرد پەيدا بولدى ۋە سەبرۇ قارارىنى ئالدى. ئەمدى قىزنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىشق ئوتى قامراپ ئالدى. كۆڭلىدىكى ئاتەش شۇنداق ئۆرتەر ئىدىكى، ھېچ نەرسىگە قولى بارماس، ھېچ نەرسە بىلەن ئاۋۇنماس ئىدى. قىزنىڭ بېشىغا ئىشق چۈشكەنىدى، بۇ مۇھەببەت ئىدى. بۇ دەردنى بىراۋغا ئېيتىپ بولمايتتى، يېنىدا ھەمدەمى يوق ئىدى. ئىلگىرىكى ھالىدىن ئەسەر قالمىدى، ئۆزىنى بىر ئاجايىپ ئالەم ئىچىدە كۆردى: بىر ئەسرار زەۋقىدىن سەرمەستۇ سەرخۇش بولدى، بۇنى تەبىئىي ھالەت چۈشەنچىلىرى بىلەن ئاڭلىتىپ بولماستى. ئاھ ئۇرۇپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ، تاشقىرىغا ئېتىلدى، چاچلىرىنى چۇۋۇپ، دىۋانىلەردەك لەھزە - لەھزە بېخود بولاتتى. قىز تاقەت قىلالماي، شەيخ ۋە مۇرىتلىرى ئارقىسىدىن يولغا چۈشتى. قىزنىڭ ئەھۋالىغا ئادەملەرنىڭ رەھمى كېلەر، چۈنكى ئۇ ئاجىز، بىقارار ئىدى. قىز زارلىنىپ دەيتتى:

— ئەي بارچە مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلغۇچى پەرۋەردىگار! بىر ئايال بېشىم بىلەن قەيەرگە بارىمەن. باللار گىردابىغا گىرىپتار بولدۇم. ئەگەر شەيخنى قىيىنىغان بولسام، مېنى قەھرىڭ دېڭىزىغا تاشلىما، ئۆزرە سورايمەن، رەھىمىلىك تەگرىم. خاتا قىلدىم، ئەمما تۆۋە كەلتۇرۇپ، گۇناھىمنى بوينۇمغا ئالدىم. مەندەك مىسكىن بىچارىنى قىينىما، ئەگەر مۇبادا ئۆلسەم، بىراۋ مەدەتكار بولماس، مېنىڭ خارۇ زارلىقتىن ئۆزگە مەرتىۋەم يوق.

تەرسا قىزى ۋەقەسىنى شەيخ سەنئانغا يەتكۈزدى، تەرسا قىزى تەرسالىقتىن چىقىپتۇ، بىزنىڭ دىنغا كىرىپ، مۇسۇلمان بولۇپتۇ، ئەمدى ئۇ ساڭا ئاشىقى بىقارار دەپ ئېيتتى. شەيخ بۇنى ئىشتىپ، قىزنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى.

مۇرىتلار ئاڭا تەنە قىلىپ: «يەنە بۇت ئالدىغا باردىڭمۇ، تۆۋەڭ بۇ ياقتا قالدى، ئازابلىرىڭنى ئۇنۇتتىڭمۇ؟» دېدى.

شەيخ سەنئان قىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى. تەرسا قىزى ھەق يولىغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈردى. مۇرىتلار بۇنى ئىشتىپ، ھەيران بولدى ۋە قىزغا رەھمىلىرى كەلدى. بۇ سەپەر شەيخ مۇرىتلىرى، سۆھبەتداشلىرىنى ئېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، قانائەت ھاسىل قىلسۇن دەپ شۇنداق قىلدى. ئۇلار قىزنى بىر ئەھۋالدا كۆردىلەر. ئۇنىڭ ياقىسى چاك، بېشى ئوچۇق ئىدى، بىر جانسىز جەسەتتەك تۇپراقتا مىلىنىپ ياتار ئىدى. قىز ئۆز دەردىنىڭ سەۋەبچىسى شەيخنى كۆرۈپ، يۈرەكتىن ئوتلۇق ئاھ چىقاتتى. شەيخكە نەزەر تاشلايتتى، كۆزلىرى پەقەت تىنماي ياش تۆكەتتى. شەيخكە قاراپ دېدى:

— سېنىڭ ئىشقىڭ ئوتىدىن جېنىم كۆيمەكتە، بۇندىن كېيىن بۇ دەردنى يوشۇرالمايمەن، بۇ دەردنىڭ سەۋەبى نېمە، پەردە ئارقىسىدىكى سىرنى ماڭا چۈشەندۈر، پەردىنى كۆتۈرۈپ ئاگاھ ئەت، ئەمدى مېنى ئىسلام يولىغا باشلا!

شەيخ سەنئان ئاڭا شاھادەت كەلىمەسىنى ئۆگەتتى. قىز ئىمان كەلتۇرۇپ مۇسۇلمان بولدى. بۇ ۋەقەدىن بارچە ئەسھابۇ يارلار ئارىسىدا غەۋغا كۆتۈرۈلدى. ئاخىر - ئاقىۋەت، ئول سەنەم ھەق يولىنى تېپىپ، ئىمان زوقىدىن خۇشال ۋە مۇنەۋۋەر بولدى.

قىز دېدى:

— ئەي شەيخ، تاقىتىم تاق بولدى، يىراق ئوتىغا چىدىيالماسمەن، تۇپراق تۇدا تىزلا

بۇ پانىي ئالەمدىن كېتەرمەن، ئەي ئالەم شەيخى، ئەلۋىدايۇ ـ ئەلۋىدا!

ئۇ ئاي شۇ كەپنى ئېيتتىيۇ جاننى ئىگىسىگە تاپشۇردى، يېرىم بولغان جاننى جانانغا پىدا ئەتتى. ئۇ مەجاز دېڭىزىدا بىر قەترە ئىدى، يەنە ھەقىقەت دەرياسى تامان كەتتى. ھەممىمىز ئاشۇ سەنەم كەبى ئالەمدىن بىر ـ بىرلەپ سەپەر ئېتىمىز. ئىشق يولى شۇنداق يولدۇر، بۇنى ئىشقتىن، دەردتىن ئاگاھ كىشىلەر ئاڭلىغاي. نەپس بۇ ئەسرارنى ئىشتمەيدۇ ۋە ئاڭلىمايدۇ، بىنەسىپلەر بۇ كويغا كىرەلمەيدۇ. بۇنى جانۇ دىل قۇلىقى بىلەن ئىشتىپ ئالماق كېرەك، باتىن ئالىمى بۇ سىرنى بىلىدۇ، تەن ـ ۋۇجۇد بۇنى قەيەردىن ئاڭلىسۇن!

قىزنىڭ ئۆلۈمى شەيخكە قاتتىق تەسىر قىلدى، جېنى ئىچىندى، يارىنىڭ يۈزى يېپىلغاچ، كۆزىنى ئالەمدىن ئېلىپ قاچتى. غەمزەدە ۋە ماتەمزەدە شەيخ ئۆز دوستلىرىغا دېدى:

— ئەي دوستلىرىم، بىز ئاشىقلارنىڭ ھالىنى كۆرۈڭ، ئەھۋالىمىزغا نەزەر تاشلاڭ، قۇشۇم ئۇۋامغا ئىلىنگەندى، ئۇنى قانىتىم ئاستىغا ئالغاندىم، ئەمما ئۇ ئۇچۇپ كەتتى، بىلىڭ، ئەمدى مەن ھەم بۇ دۇنيادا قالماقچى ئەمەسمەن. بۇ جاھاندىن جەننەتسېرى سەپەرگە چىقىمەن، جانانىم ئىزىدىن كەتمەكچىمەن.

ئەگەر قىز تاڭدا ۋاپات ئەتكەن بولسا، شەيخ سەنئان چۈش پەيتتە جان بەردى. مۇرىتلار ئاشىقۇ مەشۇقنىڭ تاۋۇتىنى ئىزمۇ ئىز كۆتۈردى. شەيخنىڭ قەبرىنى قىزنىڭ قەبرى يېنىدىن قازدى. ئىككىلىسىنى يانمۇ يان تۇپراققا قويدى. ئاشىق ۋە مەشۇقلار پىرى خۇتبە ئوقىدى، جان بىلە جانان بىرلەشتى، ئاشىق ۋە مەشۇق بىرگە ئىدى. گويا ئۇلار بىرگە تىرىك ئىدى، ۋىسال پەيزىنى، بىرلىشىش لەززىتىنى تېتىپ كۆردى، گويا ۋەسلىدىن بىھوش بىر ـ بىرلىرىنى ئاغۇشكە ئېلىپ ياتاتتى. ئىككى قەبر ئۈستىدە ئىككى تىك قامەت سەرۋ دەرىخى ئۆستى. پەرۋەردىگارى باكەرەم ئۆز لۇتپى بىلەن ئۇ يەردە زىلال سۈلۈق چەشمە ئاتا قىلدى. بۇ چەشمە سۈيىدىن نەچچە پەرسەخ يەرلەر ئاۋات بولۇپ، ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇراتتى. ئەھلى دىللار كېلىپ، قەبرىلەرنى زىيارەت قىلار، ئاشىق ـ مەشۇقلار روھىغا فاتىھە ئوقۇر ئىدى. گويا بۇ يەردە تۆت پەسىل ھەم باھار ئىدى. ئەتراپى باغ ـ ۋارانلار، چىمەنزارلار بىلەن ئورالغانىدى. ھەر دائىم دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى پىشىپ تۇراتتى، يەر يۈزىدە جەننەت پەيدا بولغاندەك ئىدى. كەبە يېنىدا ئىدى، ئۇ مەنزىل خاسۇ ئاۋامنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلاندى.

ئەتتارنىڭ قىسسىسى بىر ئايىۇزلۈك قىز ئۈچۈن ئەمەس، تەڭرى سىرلىرىنى بەندىسى بىلىپ بولالمايدۇ.

## گۈزەل شاھ ھېكايىتى

ھۆسنۇ جامالدا تەڭسىز بىر پادىشاھ بار ئىدى. گويا يۈزىدە ئىلاھىي روھ ئەكس ئەتكەندەك ئىدى. تاڭ ئۇنىڭ يۈزىدىن بىر شولا، مۇقەددەس خۇشبۇيلۇقلار پەقەت ئۇنىڭ ھۆزۈرى بېغىدىن چىققان بىر سەلكىن، ئالەمنىڭ گۈزەللىكى، نەفاسەتى ئۇنىڭ ئەسرارىدىن بىر سەھىپە، زىبالىق دىلبەرلىكتە ئۇنىڭ دىدارىدىن بىر ئايەت كەبى ئىدى. بۇ گۈزەل شاھنىڭ ئاۋازى ئالەمگە تارقالغان، بارچە ئۇنىڭ ھۆسنىگە شەيدا بولغانىدى، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرۈش ئىشتىياقىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، غەۋغا كۆتۈرەتتى. ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى نامىنى تىلغا ئېلىش بىلەن دىلدا ھاياجان قوزغىلاتتى.

پادىشاھ يۈزىگە پەردە تارتىپ يۈرەر ئىدى، چۈنكى ئەگەر يۈزىنى ئاچسا ئادەملەر ئۇنىڭ قۇياشتەك ھۆسنىگە تاقەت قىلالمايتتى. ھېچكىم جۈرئەت قىلىپ، پادىشاھقا باقالماس، جۈرئەت قىلغان كىشىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلار ئىدى. ئۇنىڭ جامالى ھەققىدە ئويلىغان، پىكىر يۈرگۈزگەن ئادەملەر ھەم خاراب بولار ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىشقى كىرگەن كۆڭۈلنى تىنجىتىپ بولماس ئىدى. مۇبادا يۈزىنى كۆرگەن كىشى بولسا، شۇ زامان جان

بىرەر ئىدى، تاقەت قىلالماستى. ئەركەكلەرمۇ، ئاياللارمۇ ئاڭا مەپتۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئەسرارى - رازىنى بىلىش شەۋقىي بارچىنىڭ قەلبىنى بەند ئەتكەنىدى. كۆرمەسلىككە سەۋرلىرى چىدىماس، ئەمما كۆرۈشكە ھەم تاقەت قىلالماس ئىدى. ئادەملەر ئۇنى كۆرۈشكە سەۋر - تاقەت قىلالمىغاندىن كېيىن پەقەت نامىنى ئاڭلاش بىلەن لەززەت تاپىدىغان بولدى. شۇنىڭدەك ئەگەر شاھ ئۆز يۈزىنى ئاچسا، ھېچكىم ئۇنىڭ يۈزى شولىسىغا چىداپ تۇرالماس ئىدى. جاھان خەلقلىرى ئۇنىڭ يولىدا مەجنۇندەك ئاۋارە بولدى، بارچىنىڭ يادىدا - خىيالىدا ئاشۇ ئىدى.

پادىشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ، يوغان ئەينەك ياساشنى بۇيرۇدى. ئەينەك تەييار بولغاندا، شاھ كېلىپ ئاڭا قارايتتى، يۈزىنىڭ شولىسى ئەينەكتە ئەكس ئېتىپ، بۇ ئەكىستىن نۇر ئەتراپقا تارقىلار ئىدى ۋە ئادەملەر شۇ نۇردىن بەھرىمەن بولۇپ، شادۇ خۇرسەند بولاتتى.

ئەي ئىنسان، سېنىڭ پادىشاھلىق ھەم ھىلال ئاي قەسرىدۇر، قەسىر پەقەت قۇياش نۇرىدىن روشەندۇر. ئۆز پادىشاھىڭنى كۆڭلۈڭدە تونۇغىن. دېمەك، ئەرشنى زەررىدە كۆرگىن! بۇ بىپايان ئالەم سەھراسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ھەر بىر سۈرەت، ھەر بىر لىباس گۈزەل سۇمۇرغنىڭ سايىسىدۇر. ئەمما سايە سۇمۇرغدىن بۆلەك ئەمەس، سەن بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالمىساڭمۇ، سايە بىلەن سۇمۇرغ بىر - بىرىگە سىرداش ۋە مەھرەمدۇر، ئۇلار بىر - بىرىنى ئىزلەيدۇ، ئەگەر سۇمۇرغقا يېتىشسەڭ، پەردە ئىچىدە ئاپتاپنى كۆرىسەن، شۇندا سايە بىلەن سۇمۇرغ بىرلىشىدۇ، سەن ئۆزۈڭنى ھەم قۇياش ئورنىدا كۆرىسەن.

## غايىب بولغان ئىسكەندەر

جاھانگىر ئىسكەندەر بىر كۈنى مەملىكەتكە ئەلچىلەر ئەۋەتمەكچى بولدى. بىر نەچچە ئادەمگە بىر خىل كىيىم كىيىندۇردى ۋە ئۆزىمۇ ئەشۇلارنىڭ لىباسىدىن كىيىپ، ئەلچىلەرگە قوشۇلۇپ جۆنىدى. ھېچكىم ئىسكەندەر قايسى، ئەلچىلەر قايسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەستى. ئىسكەندەر كۆزى ھېچكىمدە يوق ئىدى، ئەگەر بىرەرى مەن ئىسكەندەرمەن دېسىمۇ ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

ئىسكەندەر پەقەت ھەممىنى كۆرۈپ تۇرار ۋە ھەممىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى. شاھنىڭ ھەر بىر كۆڭۈلگە يول تېپىشقا ئىمكانى، ئىختىيارى بار ئىدى. ئەمما گۇمراھ دىللارغا يول تېپىش قىيىن. گۇمراھلارنىڭ يولى گۇمراھلىق ۋە غەپلەت، ئادىشىش يولىدۇر. شاھ گەرچە ھۇجرا تاشقىرىسىدا بېگانىدەك بولۇپ تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ھۇجرا ئىچىدە ھەممىگە مەھرەم — ھەمخانە ئىدى.

## ئالتۇن ھېرسى

بىر پاك ئىنسان ھۇزۇرىدا مۇھەببەت ھەققىدە سۆز بارار ئىدى. ئولتۇرغانلاردىن بىرى دېدى:

— مەن ئالتۇن ئاشىقمەن، پۇلنى، بايلىقنى سۆيىمەن. ئالتۇن ئىشقى ۋۇجۇدۇمدا جان كەبى، ئەگەر قولۇمدا زەرگۇلدەك ئېچىلىپ، چاراقلاپ تۇرمىسا، مەن ھەم گۈل كەبى كۇلۇپ تۇرالمايمەن. دۇنيا ئىشقى مېنى غەملەردىن ئازاد قىلدى، ئادەملەر ئارىسىدا ئابرۇيلۇق - ئېتىبارلىق بولدۇم. زەر پەرەستمەن، مېنىڭ سېغىنغىنىم زەر ئالتۇندۇر، تەڭرىم.

شۇ چاغدا پاك ۋە خۇدا پەرەست ئادەم ئاڭا قاراپ دېدى:

— ئەي ئەسلىگە ئەمەس، سۈرەتكە شەيدا بولغان، سۈرەت كويىغا چۈشكەن ئادەم. كۆڭلۈڭدىن ساپا سەھىرىنىڭ نۇرى يىراق، سەن چۈمۈلىگە ئوخشايسەن، كاۋاكلاردىن باشقا نەرسىنى بىلمەيسەن. كېچە - كۈندۈز دۇۋانىدەك چاپىسەن. سۈرەتكە گىرىپتارسەن. مەنەنى

ئىزلە. سۇرەتكە ھېرىلمىگىن، ئەسلى ماھىيەت مەنەدۇر، سۇرەت ئەرزىمەستۇر، ھېچدۇر، ئالتۇن كۆرۈنۈشتە ھويالغان تاشتۇر، سەن ياش بالا كەبى رەڭ ـ بوياقلارنىڭ شەيداسىسەن. سېنىڭ ئالتۇنلىرىڭ بىرەر نەرسىگە يارىمايدۇ. قىيامەت كۈنى بۇ ئالتۇنلار بىلەن ھېچكىمگە ياردەم بېرەلمەيسەن. سەن ئويۇنچۇقلاردىن لەززەت تاپىسەن. نۇرنىڭ نۇرىدىن شادسەن. سەن ئەسلىگە ئىنتىلمەيسەن، نۇرنىڭ مەنبىئىنى ئىستىمەيسەن. پاك جېنىڭنى ئالتۇن كويىدىن خالاس ئەت. ئەي جان، ئاخىر، ماھىيەت ـ مۇتلەقىيەت ئاشىقى بولمىقى كېرەك.

## ئاشىق دەرۋىش ھېكايىتى

بىر دەرۋىش بىر شاھزادىگە ئاشىق بولدى، كېچە ـ كۈندۈز شاھزادە يادىدا ئاھۇ نالە چېكەتتى، ئەمما شاھزادىنى ھېچ كۆرمىگەنىدى. ئادەملەر دەرۋىشكە تەنبىھ بېرىپ، نەسىھەت قىلاتتى. «سەن قەيەردىيۇ، پادىشاھ قەيەردە، ئەگەر بۇ ئىشىڭ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتسە، سېنى قاتتىق جازالايدۇ، ئۆز خۇنۇڭغا ئۆزۈڭ زامىن بولىسەن»، دەر ئىدى. ئەمما دەرۋىش بۇ گەپلەرگە ئېتىبار قىلماس، شاھزادىنى ئۆز قىبلىسى، كەبىسى دەپ بىلەر. ئۇنىڭ ھۆسنۇ جامالىنى ماختار، بىقارارلىقىنى، ئاشىقلىقىنى ئىزھار ئېتەر ئىدى.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئىشىتىپ، رەنجىدى ۋە دەرۋىشنى تۇتۇپ، قەتل ئېتىشكە ھۆكۈم قىلدى. دەرۋىش بۇ گەپنى ئىشىتىپ، خاپا بولۇش ئورنىغا شاد بولدى، نەرە تارتىپ، بېشىنى تاشلارغا ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەقىل ـ ھوشىنى يوقاتتى. شۇ ھالدا ئۇنى قەتلگاھقا ئېلىپ باردىلەر. دەرۋىش قەتلنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ھاكىمدىن بىر مۇددەت مۆھلەت سورىدى، بىر رەكەت ناماز ئوقۇۋالاي، دېدى. ھاكىم ئىجازەت بەردى.

دەرۋىش كۆزىدىن ئىسسىق ئاتەشلىك ياشلىرىنى تۆكۈپ، يۈزىنى تۇپراققا يېقىپ دېدى:

— ئەي ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى تەڭرىم، شاھىمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن، دۆلىتىنى زىيادە ئەت، ئۇنىڭ ھېچبىر گۇناھى يوق. ئەمما جېنىم تېنىمدىن چىقىشتىن بۇرۇن ماڭا شاھزادىنىڭ جامالىنى بىر قېتىم كۆرسەت، ھېچبولمىسا، ئاخىر بىر قېتىم ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەي، كېيىن ئۆلسەم مەيلى، ئۇنىڭ ئالدىدا جان بېرەي، جېنىمنى ئاڭا تاپشۇرۇپ، ئىسمائىلغا ئوخشاش قۇربان بولاي. بىر ئەمەس، مىڭ جېنىم بولغاندا ھەم ئاڭا بېغىشلىغاي بولارئىدىم. ئەي پەرۋەردىگار، مىڭلاپ ئادەملەرنىڭ ھاجىتىنى چىقىرىسەن، مېنىڭ ھەم ھاجىتىمنى چىقار ...

پەرۋەردىگار ئول دەرۋىشنىڭ نالىسىنى ئىشىتتى ۋە پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە رەھىم سالدى. ھاكىم شاھ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتتى ۋە دەرۋىشنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتقان ئىلتىماسىنى بىلدۈردى. فەقىر دەرۋىشنىڭ ھالىتى ۋە سۆزى شاھقا تەسىر قىلدى، شاھنىڭ قەلبىدىمۇ دەرد پەيدا بولدى. شاھ ئوغلىنى چاقىرىپ، دېدى:

— دەرۋىشتىن يۈز ئۆرۈمە، ئۇنى ئۆزۈڭگە يېقىنلاشتۇر، ھازىر پەقەت ۋەزىر بىلەن بىرگە ئاشۇ بىچارە ئاشىق ئالدىغا بېرىڭلار ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈڭلار.

شاھزادە ئاتىسىنىڭ سۆزىگە كىرىپ، دەرۋىشنىڭ قېشىغا يول ئالدى. گويا گەۋھەر سەدەپ تامان، دەريا بولسا قەترە تامان يول ئالغاندەك بولدى. ياق، قۇياش تۇپراق ئالدىغا كەلگەندەك بولدى، شاھزادە دار ئاستىغا، دەرۋىش ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، پۈتۈن يىغىلغان خالايىق ھەيرەتتىن توۋلىشىپ كەتتى. قىيامەت قوپقاندەك بولدى. شاھزادە دەرۋىشنى تۇپراققا مىلەنگەن ھالدا كۆردى. دەرۋىش گويا يوقالغانىدى. ئۇنىڭ جىسمى قارىيىپ كۆرۈنەتتى، ئۇ خەلق نەزىرىدىن يوشۇرغاندەك ئىدى. شاھزادە بىچارە دەرۋىشنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى، رەھمى كەلدى.

دېمەك، كىمكى ئىشقتا سادىق ۋە مۇستەھكەم بولسا، مەشۇق ھۇزۇرىغا كېلىدۇ، ئاشىقۇ مەشۇق بىر ـ بىرىدىن ئاجرالماستۇر، ئىشق بار جايدا ھۆسن، ھۆسن بار جايدا ئىشق مەۋجۇت.

(ئاخىرى 94 ـ بەتتە)

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتشۇناسلىق ۋە شەمسى قەيسى رازىنىڭ «ئەل - مۇئجەم» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا

## زەمىر سەيدۇللازادە

بىز يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە ئالدى بىلەن ئەرەب ۋە پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ، كېيىنرەك تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىپ، بىر - بىرىگە ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىش، شۇنداقلا ئەتراپتىكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئوزۇقلىنىپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولى بىلەن شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز. بۇ ئوخشىمىغان مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئوخشىمىغان ساھەلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىكى ئورتاق بىر تەرەپ — سەلبىي تەسىرلەرگە قارىغاندا ئىجابىي تەسىرلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان. بۇ ھال مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ساھەلىرىدىن بىرى بولغان ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

8 - ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتە كەڭ دائىرىدە تارقىلىشى، تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىشى ۋە گارمونىيىلىك تەسىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە يېڭى يۈزلىنىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ چوڭ قاينام ئىچىدە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىكى ئەدەبىياتلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇنداق تەرەققىياتنىڭ يالقۇنلۇق ئۇتلىرى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتقىمۇ مەلۇم دائىرىدە تۇتىشىپ، بۇ ئەدەبىياتلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە جاھانشۇمۇل ئەسەرلەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى.

ھەرقانداق ئەدەبىياتنىڭ يېڭى تەرەققىياتى تەبىئىي رەۋىشتە ئالدىنقى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق زامانغا لايىق يېڭىلىق يارىتىش يولى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەدەبىياتتىكى ۋارىسلىق ماددىي ماتېرىيالغا ئايلانغان زور بىر سالماقنى ئىگىلەيدىغان مىراسقا ئاساسلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشى كۈچلۈك نەزەرىيىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇنداق نەزەرىيە دەل شۇ مىراسقا ئايلانغان ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پەيدىنپەي يىغىنچاقلاش ۋە خۇلاسىلەش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە بىر تەرەپتىن كېيىنكى ئەدەبىياتنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ يېڭى تەرەققىيات يولىنى يورۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى نەتىجىلەر بىلەن بېيىپ تاكامۇللىشىدۇ. يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتنىڭ 8 - ئەسىردىن كېيىنكى

گۈللىنىشمۇ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىنلا ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىگە ماس كېلىدىغان كۈچلۈك نەزەرىيىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكەنىدى. يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەدەبىيات ئوخشىمىغان تىللاردا راۋاجلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەدەبىياتلارنىڭ ئىجادىي ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان نەزەرىيە ئومۇميلىقتا ئىگە بولۇپ، تۆۋەندىكى ئۈچ بۆلەك بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇلغان: 1) ئارۇز ئىلمى (علم عروز)، بۇ شېئىرىي ئەسەرلەردىكى ۋەزىن ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك قائىدىلىرى توغرىسىدىكى بارلىق ئىلمىي خۇلاسىلەر ۋە بايقاشلارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ئېموسىئوناللىق تەسىرىنى ئاشۇرۇش ۋە بەدىئىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنە ناھايىتى مۇھىم يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىغان. 2) قاپىيە ئىلمى (علم قافيه)، شېئىرىي ئەسەرلەردىكى قاپىيە ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ رولى توغرىسىدىكى بايقاشلارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇپ، تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىشتە ئەھمىيىتى ھەقىقەتەن زور بولغان. 3) بالاغەت ئىلمى — يەنى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بالاغەتكە يېتىشكە ئائىت ئىلىم (علم بلاغت - بەزىدە علم بديع - گۈزەللىك ئىلمى دەپمۇ ئاتالغان)، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك بەدىئىي سەنئەتلەر، ئەدەبىي ژانىرلار ۋە شەكىللەرگە ئائىت نەزەرىيىۋى بىلىملەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپ خىل شەكىللەر بويىچە تەرەققىي قىلىشىنىلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي سۈپىتىنى ئۆستۈرىدىغان بارلىق ئامىللارنىڭ ئاڭلىق قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈلۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. كلاسسىك ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىياتنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئائىت تەلىماتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاساسەن مۇشۇ قىسىمدا بايان قىلىنغان.

ئارۇز ئىلمىنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى داڭلىق ئەرەبشۇناسلار گ. ئېۋالد (1803 - 1871) ۋە ر. ۋېستپال (1826 - 1892) لارنىڭ قارىشىچە قەدىمكى يونان شېئىرىي رېتىملىرىدىن، ف. ئې. كارش (1843 - 1925) ۋە ئا. كرىستېنسېن (1945 - يىلى ۋاپات بولغان) لارنىڭ قارىشىچە ئىراننىڭ ساسانىيلار دەۋرىدىكى شېئىرىي رېتىملىرىدىن، ئىرانلىق داڭلىق ئەدەبىياتشۇناس پەرۋىزى ناتىلى خانلەرىنىڭ گۇمانىي قارىشىچە قەدىمكى ھىندى سانسكرىت مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەرەب ئەدەبىياتىدا خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ مىلادى 767 - يىلىدىكى شېئىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك رېتىمنىي قانۇنىيەتلەر توغرىسىدىكى تەلىماتىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئارۇز ۋەزنى نامى بىلەن ئېلان قىلىشتىن باشلانغان بولسا، پارس تىللىق ئەدەبىياتتا 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەبۇلھەسەنى ئەخفەشى بەلخى (830 - 833) نىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئارۇز قائىدىلىرىنى پارس تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە تەدبىقلاپ، ئۆزىنىڭ بۇ ساھەدىكى يېڭى تەلىماتلىرىنى ياراتقانلىقى بىلەن باشلاندى. ئارۇز ئىلمى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن ۋە قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە شۇ ئاساستا بارلىققا كېلىدىغان سۆزلەردىكى قىسقا ۋە ئۇزۇن بوغۇملارنىڭ مىسرالاردىكى تاناسىپلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆلچەملەر بىلەن تەكشەپ، تۈرلۈك رېتىملارنى ھاسىل قىلىشنى ئاساس قىلىدىغانلىقى، ئەمما ئەرەب تىلى بىلەن پارس تىلىنىڭ فونېتىكىسىدا ئوخشاش ئۆلچەملەرگە سالغىلى بولمايدىغان زور پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى تۈپەيلى، باشلىنىشىدا نۇرغۇن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان ئارۇز ئىلمى ئىككى مۇستەقىل

بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا راۋاجلىنىشقا يۈزلەندى. پارس ئەدەبىياتىدىكى ئارۇز ئىلمى 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردە يۈسۈفى ئارۇزى، ئەبۇلئەلايى شۇستەرى، بەھرامى سەرەخسى، بوزۇرجمېھر قاتارلىق ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ تولۇقلىشى ۋە پىششىقلىشى بىلەن ناھايىتى مۇكەممەل بىر نەزەرىيىۋى سىستېمىغا ئايلىنىپ، پارس تىللىق ئەدەبىياتتا يىرىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن مۇكەممەللىشىشىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى قىسمەن ئۆزگەرتىشلەر بىلەن تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتقا تەدبىقلىنىپ، بۇ ئەدەبىياتنىڭمۇ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك نەزەرىيىۋى ئاساس بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئارۇز ۋەزنى نەزەرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا سامانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كەسپىي مۇزىكا ساھەسىگە تەدبىقلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇزىكا بايلىقىنىڭ كەڭ دائىرىدە توپلىنىپ، سىستېمىلىق رەتلىنىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇقام مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىپ، تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئاچتى.

بالاغەت ئىلمى بىلەن قاپىيە ئىلمىمۇ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىكى ئەدەبىياتلاردا كۆپلىگەن ئورتاق ئامىللار ئاساسىدا ئارقا ـ ئارقىدىن شەكىللىنىپ، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ئاساسىدا تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ، خېلىلا مۇكەممەل بولغان بىر نەزەرىيىۋى سىستېمىلارغا ئايلاندى.

مەيلى ئەرەب ياكى پارس تىللىق ئەدەبىياتتا بولسۇن، بالاغەت ۋە قاپىيە ئىلمى توغرىسىدىكى نەزەرىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلامىيەتتىن خېلىلا ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان ئىلمىي مەنبەلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەرەب ئالىمى جاھىز ئەبۇئۇسمان ئەمر ئىبنى بەھر (مىلادى 775 ـ 868) ئۆزىنىڭ «كىتابۇل ـ بەيان ۋە تەبيىن»، «كىتاب ئەناسىرىل ـ ئاداب» غا ئوخشاش نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە ئىراننىڭ سامانىيلار دەۋرى (مىلادى 3 ـ 4 ـ ئەسىرلەر) دىلا بالاغەت ۋە قاپىيە ئىلمىگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا كۆپ قېتىم مەلۇمات بېرىدۇ. بۇلاردىن باشقا دەۋرىمىزدىكى شەرقشۇناسلىق ئىلمى يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدىكى بالاغەت ۋە قاپىيە ئىلمىنىڭ شەكىللىنىپ، مۇكەممەل بىر سىستېمىغا ئايلىنىشىدا ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بايقاشلىرىدىن باشقا يەنە قەدىمكى يونان پەيلاسوپلىرىدىن ئارستوتېلنىڭ «پوئېتىكا» ۋە «رىتورىكا» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭمۇ مۇھىم رول ئوينىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن ئىلمىي پاكىتلارنى قولغا كەلتۈردى. قايسى مەنبەلەرگە ئاساسلانغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئەرەب ئەدەبىياتىدا بالاغەت ئىلمى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدىكى مۇھىم دۆلەت ئەربابلىرىدىن ۋە شۇ دەۋرنىڭ يېتىشكەن ئالىملىرىدىن بىرى بولغان ئىبنى مۇتەز (مىلادى 861 ـ 908) نىڭ «كىتاب ئەل ـ بەد ىـئ ‹بديع›» (سۆز گۈزەللىكى توغرىسىدىكى كىتاب) ناملىق ئەسىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن باشلىنىپ، قۇدامە ئىبنى جەفەر (مىلادى 922 ـ 942 ـ يىللىرى ئەتراپىدا قازا قىلغان)، ئەبۇھىلال ئەل ئەسكەرى (مىلادى 1005 ـ يىلى قازا قىلغان)، ئەبدۇلقاھىرى جۇرجانى (مىلادى 1089 ـ يىلى قازا قىلغان)، ئىبنى رەشىقى كەيرەۋانى (11 ـ ئەسىر)، زەمەخشەرى ئەبۇيەئقۇب يۈسۈفى خارەزمى (م. 1129 ـ يىلى قازا قىلغان)، مىرسەئىد شەرىفى جۇرجانى (12 ـ ئەسىر) قاتارلىق ئەرەب ۋە ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازىدىغان ئىران قان تىپىدىكى ئالىملارنىڭ تولۇقلىشى بىلەن مۇكەممەل بىر سىستېمىغا ئايلانغان بولسا، پارس تىللىق ئەدەبىياتتا ئەبۇ يۈسۈف (10 ـ ئەسىر)، ئەبۇلئەلايى شۇستەرى (10 ـ ئەسىر) لەرنىڭ ئاساس سېلىشى بىلەن باشلىنىپ، مەنشۇرىيى سەمەرقەندى (11 ـ ئەسىر)، ئۇنسۇرۇلمەئالى كەيكاۋۇس (1020 ـ 1099)، مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەرى رادۇيانى (11 ـ ئەسىر)، بەھرامىيى سەرەخسى (م. 1106 ـ يىلى قازا قىلغان) قاتارلىق نۇرغۇن

ئالىملارنىڭ ئۆزلۈكىدىن تولۇقلىشى بىلەن مۇكەممەل بىر سىستېمىغا ئايلاندى.
10 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرگىچە مەيلى ئەرەب ۋە پارس تىللىق ئەدەبىياتتا بولسۇن ياكى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا بولسۇن ئارۇز ئىلمى، بەلاغەت ئىلمى ۋە قاپىيە ئىلمىنى مەزمۇن قىلغان ئاز بولمىغان ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىلدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ بىرلا ساھەسىگە بېغىشلانغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭ ھەر ئۈچ بۆلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىخنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدىكى بايلىقلار خېلىلا تولۇق قېزىلغان بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىلمىي يەكۈنلەر شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتشۇناسلىقى ساھەسىدە مەيلى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتشۇناسلىقتا قولغا كەلتۈرۈلگەن بارلىق نەتىجىلەرنى تولۇق ۋە توغرا يەكۈنلەپ، ئۇلارنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشتا بولسۇن ياكى كېيىنكى ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن يېتەكلەش، ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ يارىتىلىپ، ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش جەھەتلەردە بولسۇن، 13 ـ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن شەمسى قەيسى رازىنىڭ «ئەل ـ مۇئجەم» ناملىق ئەسىرى ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى جەھەتتىكى مۇكەممەللىكى، ئەمەلىي ۋە ئىلمىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگىدۇر.
شەمسى قەيسى رازىنىڭ تولۇق ئىسمى شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى قەيسى رازى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ ھاياتىغا دائىر ھېچقانداق مەلۇمات ساقلانمىغان. ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدىكى مەلۇماتقا تايانغاندا، ئۇ ئىراننىڭ رەي شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، مىلادى 1205 ـ يىلى ئىلىم تەھسىل قىلىش مەقسىتىدە شۇ دەۋردىكى ئەڭ بۈيۈك ئىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇخارا شەھىرىگە كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنى 20 ـ 30 ياش دەپ قىياس قىلساق، ئۇنداقتا ئۇنى 12 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا تۇغۇلغان، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. شەمسى قەيسى رازى بۇخاراغا كېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1207 ـ يىلى مۇھەممەد خارەزمشاھ ئىبنى تەكەش مەلىك سەنجەر قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشنى باھانە قىلىپ، بۇخارا شەھىرىنى ئىگىلىۋالغاندىن تارتىپ تاكى 1219 ـ يىلى موڭغۇل قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا باستۇرۇپ كىرگەنگە قەدەر خارەزمدە خارەزمشاھ ئوردىسىدا تۈرلۈك ۋەزىپىلەردە بولىدۇ. خارەزمشاھ موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن قېچىپ يۈرگەن يىللاردا، باشقا خىزمەتكارلار قاتاردا شەمسى قەيسى رازىمۇ خارەزمشاھقا ھەمراھ بولۇپ، سەرگەردانلىقتا ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئىككى قېتىم ئەسىرگە چۈشۈپ قېيىن ـ قىستاققا ئېلىنىدۇ. ئۇ 1226 ـ يىلى پارسقا① قايتىپ، شۇ يەرنىڭ ھاكىمى ئەتابەك سەئىد ئىبنى زەنگى ئىبنى مەۋدۇدنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ، قىسقا ۋاقىتتىلا ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولىدۇ. 1231 ـ يىلى ئەتابەك سەئىد ئىبنى زەنگى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇبەكر ئىبنى سەئىد ئىبنى زەنگىنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ ۋە بۇ دەۋردىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى ئەتىۋارلىنىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا دائىر ھېچقانداق مەلۇمات يوق. پەقەت «ئەل ـ مۇئجەم» دە ئەبۇبەكر ئىبنى سەئىد ئىبنى زەنگىنىڭ بەھرەين، ئۇممان ۋە پارس قولتۇقىدىكى بىر نەچچە ئارالنى ئۆز ئىتائىتىگە كىرگۈزگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىدۇ. بۇ ۋەقە مىلادى 1238 ـ 1239 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.
شەمسى قەيسى رازىنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن ئۇنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئالدى بىلەن ئۇ خارەزمشاھ ئوردىسىدىكى ۋاقتىدا «تىبيانۇل ـ لۇغەتەت ـ تۈركى ئەلا لىسانول قەنغەلى»

① پارس (pars) ـ ئىراننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئۆلكىلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ مەركىزى شىراز شەھىرى.

(تۈرك ۋە قەنغەل[1] تىللىرى توغرىسىدا تەپسىلىي بايان) ناملىق لۇغەت تۈزگەنلىكى توغرىسىدا «ئەل ـمۇئجەم» دە نەچچە يەردە مەلۇمات بېرىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئاپتور يەنە «ئەل ئۇيۇب فى مۇقەففى ئەشئارۇل ـ ئەرەب» (ئەرەب شېئىرىيىتى قاپىيىلىرىدىكى نۇقسانلار)، «كىتابۇل كافى فىل ئەرۇزەين ۋەل قەۋافى» (ئارۇز ۋە قاپىيە ئىلمى توغرىسىدىكى مۇكەممەل كىتاب) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغانلىقى توغرىسىدا توختىلىدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسىرى «ئەل ـ مۇئجەم فى مەئايىرى ئەشئارىل ـ ئەجەم» (ئەجەم[2] شېئىرىيىتى ئۆرنەكلىرى لۇغىتى) بولۇپ تارىختا كۆپرەك «ئەل ـ مۇئجەم» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان.

ئاپتور ئەسەرنىڭ دىباچىسىدە يېزىشىچە، 1218 ـ يىلى مەرۋى شەھىرىدە[3] شۇ يەردىكى ئەدەبىيات ئەھلىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بۇ ئەسىرنى يېزىشقا كىرىشكەن. لېكىن ئەسەر تېخى پۈتمەيلا موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى باشلىنىپ، ئاپتور خارەزمشاھقا ھەمراھ بولۇپ، قاچقۇنلۇقتا ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1220 ـ يىلى خارەزمشاھ ئىراقتىكى فەررەزىن قەلئەسى ئەتراپىدا موڭغۇللارنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، بارلىق ئەسەرلىرىنى ئۆز يېنىدىن ئايرىماي ئېلىپ يۈرۈيدىغان شەمسى قەيسى رازى پەقەت ئۆز جېنىنى ئاران ساقلاپ قالالايدۇ. «ئەل ـ مۇئجەم» نىڭ پۈتۈش ئالدىدىكى ئورىگىنالىمۇ باشقا ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا يوقايدۇ.

شەمسى قەيسى رازى پارسقا بارغاندىن كېيىن، ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان پارستىكى ئىلىم ئەھلى نۇرغۇن ئىزدىنىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، فەررەزىن قەلئەسى ئەتراپىدا ياشايدىغان دېھقانلارنىڭ ياردىمىدە «ئەل ـ مۇئجەم» نىڭ بىر قىسىم قوليازمىلىرىنى تېپىپ كېلىپ، ئاپتوردىن بۇ ئەسەرنى تېزدىن تاماملاشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. قوليازمىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى تېپىلغانلىقى ۋە ئەينى چاغدىكى پارسنىڭ سىياسىي مۇھىتىمۇ تىنچ بولغانلىقى ئۈچۈن، شەمسى قەيسى رازى ناھايىتى تېزلىكتە، يەنى 1233 ـ ئەسەرنى يېزىپ تاماملايدۇ. ئاپتور پارس شېئىرىيىتى ۋەزىنلىرىنى ئەرەبلەرگە تونۇشتۇرۇشنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى ئەرەب تىلىدا يېزىپ، پارس شېئىرىيىتىدىكى ۋەزىن شەكىللىرىنى ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى ۋەزىن شەكىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا چۈشەندۈرىدۇ. نەتىجىدە ئەسەرنىڭ ھەجمى ناھايىتى چوڭىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا، پارستىكى ئىلىم ئەھلى ئەسەرنىڭ ھەجمى ۋە ئەرەب تىلى بىلەن ئانچە تونۇشلۇقى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن بەھىر ئېلىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاپتوردىن ئەسەردىكى پارس شېئىرىيىتىگە ئائىت قىسمىنى پارس تىلىدا ئايرىم ۋە ئەرەب شېئىرىيىتىگە ئائىت قىسمىنى ئايرىم كىتاب قىلىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئاپتور بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، پارس شېئىرىيىتىگە ئائىت قىسمىنى ئايرىپ چىقىپ پارس تىلىدا شەرھلەپ، ئۇنىڭغا بەلاغەت ئىلمىگە ئائىت مەزمۇنلارنى قوشۇپ تولۇقلىغاندىن كېيىن «ئەل ـ مۇئجەم فى مەئايىرى ئەشئارىل ئەجەم» دەپ نام قويىدۇ. كىتابنىڭ ئەرەب شېئىرىيىتىگە ئائىت قىسمىنىمۇ ئەرەب تىلىدا قايتا تولۇقلاپ، ئۇنى «ئەل ـ مۇرەب فى مەئايىرى ئەشئارىل ئەرەب» (ئەرەب شېئىرىيىتى ئۆرنەكلىرى لۇغىتى) نامى بىلەن ئاتايدۇ.

«ئەل ـ مۇئجەم» دىباچە، ئىككى قىسىم ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەرنىڭ دىباچىسى تەرجىمىھاللىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئىلمىي پائالىيەتلىرى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ۋە مەزكۇر

---

[1] قەنغەل تىلى ـ خارەزم دۆلىتى تەۋەسىدىكى بىرلىك تىللاردىن بىرى بولسا كېرەك.
[2] ئەجەم ـ غەيرى ئەرەب، پارس ـ تاجىكلار.
[3] مەرۋى شەھىرى ـ ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ بەيرەمەلى شەھىرى يېنىدا.

ئەسەرنىڭ يېزىلىش جەريانى توغرىسىدا توختىلىدۇ. «ئەل - مۇئجەم» نىڭ بىرىنچى قىسمى ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلانغان بولۇپ، تۆت بابقا بۆلۈنىدۇ. ئىككىنچى قىسمى بەلاغەت ئىلمى (بەدىئىي سەنئەتلەر توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەر) بىلەن قاپىيە ئىلمىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئالتە بابتىن تۈزۈلگەن. ئاپتورنىڭ تەقرىزچىلىككە (ئەدەبىي تەنقىدكە) ئائىت تەلىماتلىرىمۇ مۇشۇ قىسمىدا بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ خاتىمە قىسمىدا ئاپتور شېئىر ۋە شائىرلىق ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئاساسىي شەرتلىرى، شائىر بىلەن مۇنەققىد (ئەدەبىي تەنقىدچى) نىڭ پەرقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ياخشى ۋە يامان يېزىلغان شېئىرلارنى، ھەقىقىي شائىرلار بىلەن شېئىرىي ھەۋەسكارلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى قاتارلىق ئومۇمىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىدۇ. ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتتىكى شېئىرىي شەكىللەرنى سېلىشتۇرىدۇ. مەزكۇر ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى بىر ئالاھىدىلىك — ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئىلمىي مەسىلە ئىلگىرىكى ئوخشاش مەزمۇندىكى ئەسەرلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا تەرتىپ بويىچە ئايرىم بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، تەپسىلىي شەرھلەنگەن. بۇ ھال ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئاپتور ئەسەرنىڭ قايسى بۆلىكىدە بولمىسۇن، ئەدەب ئەھلىگە بەدىئىي ئەسەرلەردىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، مەزمۇننى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، مۇرەككەپ شەكىللەرنى قوغلىشىشتىن قول ئۈزۈپ، چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئاددىي شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەش، ئىستېمالدىن قالغان ۋە باشقا تىللارغا مەنسۇپ بولغان سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىپ، تىلنىڭ ساپلىقى ۋە گۈزەللىكىنى قوغداشنى تەكىتلەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە: «يېڭى مەزمۇندىن خالىي ھەرقانداق شەكىل ساپ تىنەتلىك كىشىلەرنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە قارىتالمايدۇ. ئۇ خۇددى ئىچى قۇرۇق پار - پۇر قاچىغا ئوخشايدۇ ...»[1]. ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ تەشەببۇسىنى پۈتۈن ئەدەبىيات ئەھلى ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ئەنئەنىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىر ئەدەبىي شەكىل ۋە تەسۋىر ۋاسىتىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىپ، فولكلور ۋە شۇ دەۋرگىچە يارىتىلغان يازما ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدىن كۆپلىگەن مىساللارنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى تۈرلۈك نۇقتىلاردىن ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق قانداق مەزمۇنغا قانداق شەكىلنىڭ باب كېلىدىغانلىقىنى، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكىنى قانداق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئالدى بىلەن «ئەل - مۇئجەم» ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ ھەر ئۈچ مۇستەقىل بۆلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل ئىلمىي ئەسەر. شەمسى قەيسى رازىدىن ئىلگىرىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە بىر نەچچە ئەسەر يارىتىلغان. لېكىن، ئۇلار ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ بىرلا ساھەسىگە بېغىشلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەل - مۇئجەم» دە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى شەرھلەشتە تامامەن يېڭىچە ئۇسۇل قوللىنىلىپ، ئۇلار ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىلىپ بايان قىلىنغان. ئاپتور ئالدىنقىلارنىڭ نۇرغۇن كۆز قاراشلىرىنى يېغىلاپ، يېڭى تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنىڭ كۆپ قىسمى بۈگۈنكى كۈندىمۇ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. مەزكۇر ئەسەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تۈرتكە بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تېخىمۇ راۋاج تېپىشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇنداق تەسىر پارس تىللىق ئەدەبىيات دائىرىسىدىلا

[1] شەمسى قەيسى رازى «ئەل - مۇئجەم»، تاجىكىستان «ئەدەب» نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشرى، 18 - بەت.

چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ ئىجادىي ئەمەلىيىتى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسىدىمۇ خېلى كەڭ دائىرىدە ئىپادىلەندى. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مىزانۇل ئەۋزان» ى ۋە زەھىرىددىن بابۇرنىڭ «مۇختەسەر» ى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

«ئەل - مۇئجەم» دە يەنە 13 - ئەسىرگىچە بولغان كۆپلىگەن ئەدىبلەر، شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىي مۇھىتى، تۈرلۈك ئەدەبىي ھادىسىلەر بىلەن بىرگە ئاپتور بىۋاسىتە شاھىدى بولغان نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر توغرىلىق خېلى ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلگەن. شۇڭا ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى بىلەن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، مەزكۇر ئەسەردە تىلشۇناسلىق، مەنتىق، نۇجۇم، جۇغراپىيە قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەر بويىچە قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. شۇڭا، «ئەل - مۇئجەم» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتشۇناسلىقى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئىلمىي ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگىدۇر.

---

(بېشى 87 - بەتتە)

دەرۋىش شاھزادىنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتكەن بولسىمۇ، لېكىن يۈزىنى كۆرمىگەنىدى. شاھزادە ئاتتىن چۈشۈپ، دەرۋىشنىڭ يۈزىنى تۇپراقتىن كۆتۈرۈپ ۋە تىزىغا قويدى. ئۇ شاھنىڭ يۈزىنى يېقىندىن كۆردى. دەرۋىش بىر ئوت، شاھزادە بولسا بىر رەھمەت دەرياسى ئىدى. ئوت نۇر دەرياسىغا يەتكەنىدى. دەرۋىش شاھزادىگە قاراپ دېدى:

— ئەي شەھرىيار، مۇنچە زار ئەتتىڭ!

كېيىن بۇ بەختلىك سائادەتنى يەتكۈزگەن تەڭرىگە شۈكۈر ئەتتى ۋە بىر نەرە تارتىپ، جېنىنى ئاللاغا تاپشۇردى. گويا ئۇ ئالەمدە يوق ئىدى. بىر شەمئى لىپ قىلىپ ئۆچكەندەك بولدى. دىلبەرنىڭ ۋىسالى مەلۇم بولغاچ، مۇتلەق فانىي بولۇپ، يوقالدى، كەتتى. بۇنى سالىكلار بىلۇر، ئىشق نې كويلارغا سېلىشى، نې - نې مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىشى ئۇلارغا مەلۇم.

مەردلەرنىڭ ھەممىسى يولدا فانا بولدى، ھەققە فانىي بولۇپ، ھەقتىن ئاگاھ بولدى، ئەي ۋۇجۇدۇڭ يوقلۇققا يۇغۇرۇلغان، سېنىڭ لەززىتىڭ ئالەم بىلەن بىرگىدۇر، بىر مۇددەت ئاستىن - ئۈستۈن بولمىغۇنچە، ئارامۇ خاتىرجەملىكنى كۆرمەيسەن. ئىشق — كىمىيا، سېنى پاكلىغۇچى خۇمدان، مۇنچە پىكىرگە غەرىقسەن. ئەقىل - قورقۇنچ كەلتۈرىدۇ. ئەقىل مەردلىكنى بوغىدۇ، ئەقىلنى قوي. قومدانغا كىر، مەن كەبى ئۆزۈڭدىن كەچكىن، بىر نەپەس ئۆز ئالىمىڭنى تەرك ئەت. ماڭا قارىغىن: مەنكى - مەن ئەمەسمەن، مەن يوقمەن، مەندىن باشقا ھەم قالغان ئەمەس. مەن ئىستىگەن نەرسە ئەقىلدىن ھەم، خەيرۇ شەررىدىن ھەم يۈكسەكتۇر. ماڭا فەقىر ئاپتاۋى نۇرىنى چاچقاچ، ئىككى ئالەم كۆزۈمگە تېرىقچە قىممەتكە ئىگە بولماي قالدى. ئۇ قۇياشنىڭ شولىسىنى كۆرگىنىمدىن كېيىن مەن پۈتۈنلەي يوقالدىم قەترە دەرياغا قوشۇلغاندەك بولدى. نىكى، ئىزلىگەن بولسام، تاپقان بولسام، ئاقار سۇغا ئاتتىم. بىر قەترە ئىدىم - يوقالدىم. گەرچە يوقىلىش ھەركىمنىڭ قولىدىن كەلمىسە ھەم. ئەمما مەندەك بىر كىشىنىڭ بەرھەق فانىي بولۇشى يېتەرلىكتۇر.

# چاغاتاي ئەدەبىياتى[1]


## كۆپرۈلۈزادە مۇھەممەد فۇئاد

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى


**تۈركىستان ۋە ئىراندىكى تۈركىي ئەدەبىيات:** 13 ـ 14 ـ ئەسىرلەردە ماۋەرائۇننەھر ۋە ئىراندا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىي تىلى بىلەن ئەسەرلەر يېزىلغانلىقى ۋە بۇ ئەدەبىي تەرەققىياتنىڭ، بولۇپمۇ 14 ـ ئەسىردە زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدە قولىمىزدا تارىخىي دەلىللەر بولغان بولسا ئىدى، بارتولد ـ سامايلوۋىچ نەزەرىيىسى بەلكىم بىر بالداق مۇداپىئە قىلىنىغان بولار ئىدى. بىز ئالتۇن ئوردا ۋە خارەزمدىكى ئەدەبىي پائالىيەتنىڭ ئۇلار ئويلىغاندىكىدىن خېلى كەڭ بولغانلىقىنى، بۇ ئالىملارغا مەلۇم بولمىغان بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئىزاھلىدۇق. لېكىن بۇنداق بولۇشىغا قارىماي، موڭغۇل دەۋرىدىكى دەسلەپكى تەرەققىياتنىڭ خارەزم ۋە ئالتۇن ئوردىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەققىدىكى پىكىرنى قوبۇل قىلىشقا زادى بولمايدۇ. تۈركىي مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەمدە بۇنى بەلگىلىگەن تارىخىي شەرتلەر ئېتىبارىغا ئېلىنماي تۇرۇپ، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن قولغا چۈشكەن بىر ئىككى ئەسەردىن مۇشۇنداق كەڭ نەتىجىلەرنى چىقىرىش توغرا بولمىغان ئۇسۇل ئىدى؛ چۈنكى تېپىلغۇسى ھەرقانداق يېڭى بىر ئەسەر مۇشۇنداق قىياسنى تۈپتىن يېڭىلايدۇ. ئەمما بارتولد ـ سامايلوۋىچ قىياسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان تارىخىي دەلىللەر تېخى 1928 ـ يىلىلا تۈركىي ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئەمدى بەزى يېڭى دەلىللەرنى قوشۇمچە قىلىپ، بۇ مەسىلىنى قىسقىچە خۇلاسىلەيمىز. قولىمىزدىكى تارىخىي ھۆججەتلەردىن ئىلخانىيلار دەۋرىدە ئىراننىڭ غەربىي رايونلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي دىئالېكتى بىلەن بىرمۇنچە ئەسەرلەر يېزىلغانلىقىنى ئۆگەنگەن ئىدۇق. ۋاسساف تارىخىدا ۋە رەشىدىددىننىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە ئۇچرىغان شېئىر پارچىلىرى بۇنى كۆرسەتكىنىدەك، 13 ـ ئەسىر ئەرەبلىرىدىن قەزۋىنلىق ئىفتىخارۇددىن مۇھەممەدنىڭ سىندبادنامە تەرجىمىسىنىڭمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى بىلەن يېزىلغانلىقى مەلۇم. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پارس (ئىران) دا ھۆكۈم سۈرگەن ئىنجۇ خاندانىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدارى ئەمىر شەيخ ئەبۇئىسھاقنىڭ باش قوماندانى ئەمىر ئايدەمىر نامىغا يېزىلغان بىر مەجمۇئەدە ئەتەبەتۇلھەقايىقتىن بەزى پارچىلار بىلەن بىرمۇنچە تۈركىي شېئىرلارنىڭ ئۇچرىشى، بۇ دەۋردە تۈرك ئەمىرلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىراندا تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ۋە خاقانىيە دىئالېكتى ئەسەرلىرىنىڭ خېلىلا ھۇزۇر بىلەن ئوقۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇندىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە بۇ جەھەتتە بىرمۇنچە يېڭى بىلىملەرنىڭ قولغا كېلىشى كۈچلۈك ئۈمىد ئېلىپ كەلدى. بىز چاغاتاي

---

[1] بېشى ئۆتكەن ساندا

ئىمپېراتورلۇقى مەملىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى تۈركىي مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە قەدىمكى ئەدەبىي پائالىيەت داۋاملاشقان ياكى ھەرقانداق ئۈزۈكلۈكتىن (مەلۇم مەزگىل توختاپ قالغاندىن) كېيىن قايتا باشلانغان دېگەن پىكىردىمىز؛ قەشقەر، بالاساغۇن، خوتەن، ئالمالىق، تاشكەنت، خوجەند ۋە سەمەرقەندكە ئوخشاش مەركەزلەردە ئىلمىي ۋە ئەدەبىي پائالىيەتنىڭ داۋاملاشقانلىقىنى، 14 ـ ئەسىردە چاغاتاي سۇلالىسىغا مەنسۇپ بولغان قابىل شاھنىڭ شائىرلىق بىلەن شۆھرەت قازانلىقىنى بىلگىنىمىزگە ئوخشاش، ئىبن بەتۇتەگە ئوخشاش سەيياھلارنىڭ ئىپادىلىرى ۋە پۇل ھەم مېدال يادىكارلىقلىرى ياردىمىدە بۇ ئەسىردە مۇسۇلمان چاغاتاي خانلىرىنىڭ تۈركىي تىلنىمۇ قوللانغانلىقلىرى، ئۇردىلاردا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىرگە باخشىلارنىڭ ئىشقا قويۇلغانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلىنى رەسمىي تىل سۈپىتىدە قوللانغانلىقلىرىمۇ مەلۇم. بۇخاراغا ئوخشاش پارس تىلىنىڭ تەسىرلىرى كۆپرەك بولغان بىر شەھەردىمۇ، مەشھۇر شەيخ سەيفىددىن باھەرزىگە مەنسۇپ بولغان ئىبادەتخانىدا تۈركىي تىل بىلەن بىرگە، تۈركىي تىلدىكى شېئىرلار ئوقۇلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان ئىبن بەتۇتەنىڭ خاتىرىسى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. قىسقىسى ئىلخانىيلار ۋە چاغاتاي خانلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىي تىل بىلەن ئەسەرلەر يېزىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بار. بارتولد ۋە سامايلوۋىچ يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلىرىمىزدىن خەۋەرسىز قالمىغان بولسا ئىدى، تارىخىي ۋەقەلەرگە زىت كېلىدىغان قىياسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشمىغان بولاتتى.

**تېمۇر دەۋرىدىكى ئەدەبىي تەرەققىيات:** بۇ قىياسنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزدىكى مەقسەت، بۇنى بارلىق پاكىتلارغا قوشۇمچە قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلىنىڭ تېمۇر دەۋرىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت. چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ 15 ـ ئەسىردىكى تېمۇر ئوغۇللىرىنىڭ سارايلىرىدا كۆرسەتكەن زور پائالىيەتلىرى تېمۇر دەۋرىدىكى مۇشۇ تەرەققىياتنىڭ بىۋاستە داۋامى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ دەۋر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە مەجبۇرمىز. چاغاتاي خانلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغانلىقى مۇقەررەر بولغان تېمۇر دەۋرىدە رەسمىي تىل ۋە ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تۈركىي تىلىنىڭ قوللىنىلغانلىقى، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يازغان باخشىلارنىڭ ئوردا خىزمىتىگە قويۇلغانلىقى ۋە يارلىقلارغا ئوخشاش ئەھمىيىتى زور بولغان رەسمىي ھۆججەتلەرنىڭ مۇشۇلار تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى مەلۇم. تارىخىي جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئىبن خەلدۇننى ھەيران قالدۇرغان تېمۇر، قەدىمكى جۇڭگو ئەنئەنىسىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۆز دەۋرىگە ئائىت ۋەقەلەرنى رەسمىي ئوردا تارىخچىلىرىغا يازدۇرغان موڭغۇل خانلىرىغا ئوخشاش، ئۆز دەۋرىگە ئائىت مۇنتىزىم تارىخىي ۋەقەلەرنى رەتلەتكۈزدى. بۇلار باخشىلار (كاتىپلار، خەتتاتلار) تەرىپىدىن ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلى بىلەن يېزىلغان ئىدى ھەم نەزم شەكلىدە، ھەم نەسرىي شەكلىدە ئايرىم نۇسخىلىرى بولغان، ھەتتا ئىرانلىق مۇئەللىپلەر تەرىپىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت شەرەفىددىن يەزدى «زەپەرنامە» سىنى يېزىش ئۈچۈن، بۇلاردىن ۋە شۇ دەۋردە يېزىلغان پارسچە ۋە تۈركىيچە باشقا بىرمۇنچە نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەردىن پايدىلانغانلىقىنى ئېيتقان ۋە تۈركىي تىلدىكى رەسمىي تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ نەزمىي شەكلىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، تېمۇر ئوغۇللىرى دەۋرىدىمۇ ئوردا خىزمىتىدە بولغان بۇ باخشىلار ھەققىدە توختىلىپ، «تۈركىيدان»، يەنى «تۈركىيچە بىلگەن» دېگەن سۈپەتنى قوللانغاندى.

16 ـ ئەسىردە يېزىلغان «زۇبدەتۇل ـ ئاسار» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئابدۇللاھ بىن مۇھەممەد بىن ئەلى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى يېزىشتا پايدىلانغان مەنبەلەرنى كۆرسىتىپ كېلىپ «تارىخىي خانى» ناملىق كىتابنى تىلغا ئالىدۇ ۋە بۇ كىتابنى «ئۇيغۇر باخشىلىرى تەرىپىدىن، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى بىلەن يېزىلغان ئىدى» دەيدۇ. تېمۇرىيلارغا ئائىت بولۇپ، ئىلىم دۇنياسىدا ئىسكەندەر ئانونىمى (كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى مەلۇم بولمىغان ئىسكەندەر ھەققىدىكى ماتېرىيال) دېيىلگەن ۋەقەئىنامەنىڭ ئاپتورىنىڭمۇ پايدىلانغانلىقى مەلۇم بولغان بۇ «تارىخىي خانى» دېگەن كىتاب يوقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن باشقا ۋەقەئىنامىلەرگە ئوخشاش، 14 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي ئەدەبىي بىلەن يېزىلغانلىقى ئېنىق. «زۇبدەتۇل ـ ئاسار» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپىنىڭ بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچە دەپ ھېسابلىغانلىقى، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە 14 ـ ئەسىر دىئالېكتى بىلەن يېزىلغانلىقىدىن ئىدى. مۇشۇ دەۋر ئالىملىرىدىن شافىدىن ھۇتتەلانى يازغان تۈركىيچە تېمۇر تارىخىمۇ ئاشۇ دىئالېكت بىلەن يېزىلغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن بۇمۇ ھازىرغا قەدەر قولىمىزغا چۈشمىدى. تېمۇرنىڭ تۈركىيچە رەسمىي سىستېمىلىق تارىخىنى نەزمە شەكلىدە يازدۇرۇشىدا، قەدىمكى ئىران شاھنامىچىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، بۇنىڭدا تۈرك، موڭغۇل كۆچمەنچىلىكىنىڭ داستان ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرى تەسىرلىرىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. تېمۇر دەۋرى ئەدەبىياتى ھەققىدىكى بۇ مەلۇمات بۇ ھۆكۈمدارنىڭ توقتامىشقا قارشى سەپەرگە ئاتلانغان مەزگىلىدە يېزىلغان بولۇپ، شۇ ئاخىرقى يىللار قازاقىستاندىكى قاراساكپاي دېگەن يەردە 1391 ـ يىلى يېزىلغان بىر كىتابتىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن 19 ـ ئەسىردە شەرقشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ نەشر قىلىنغان «بەختىيارنامە»، «مىراجنامە» ۋە «تەزكىرەتۇل ـ ئەۋلىيا» ناملىق پارسچە ئەسەردىن ئالدىنقى ئىككىسىنىڭ قولىمىزدىكى يازمىلىرى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېزىلىش بىلەن بىرگە، تېمۇر دەۋرىگە ئائىت بولۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» غا كەلسەك، بۇنىڭ كېيىنكى زامانلاردا قولىمىزغا چۈشكەن ئەرەبچە يېزىلغان بىر نۇسخىسىغا قارىغاندا، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا ئائىت ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن تىل جەھەتتىن بۇلار بىلەن تېمۇر دەۋرىدە تۈركىي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرقىنىڭ يوقلۇقى ئىشەنچ بىلەن سۆزلىنىدۇ.

تېمۇر دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان تۈركىي تىللىق مۇھەررىر ۋە شائىرلىرى ئىچىدىكى شۇ دەۋرنىڭ ئىككى بۈيۈك دۆلەت ئەربابىنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك: ئۇلار ئەمىر سەيفىددىن بارلاس ۋە ئارسلان خوجا تارخانلاردىن ئىبارەت. «تەزكىرە تۇش ـ شۇئەرا» نىڭ ئاپتورى دەۋلەتشاھ، تېمۇرنىڭ بۈيۈك ئەمىرلىرىدىن سەيفىددىننىڭ سەيفى تەخەللۇسى بىلەن، پارسچە ۋە تۈركىيچە ياخشى شېئىرلار يازغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. تېمۇرىلار زامانىسىدىكى ماتېرىياللاردا ئىسمى دائىم ئۇچرايدىغان ۋە شاھرۇخ زامانىسىدا ئۆلگەن بۇ شائىرنىڭ پەقەت ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىسىغا قوشۇپ قويۇلغان تۈركىيچە نەزمە شەكلىدە يېزىلغان تەقرىزى قولىمىزغا چۈشتى. ئارسلان تارخانغا كەلسەك، تېمۇر ۋە ئوغۇللىرى زامانىسىدا دۆلەتنىڭ بۈيۈك ۋە نوپۇزلۇق ئادەملىرىدىن بولغان ۋە تارخان قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، 830 ـ يىلى يەنىلا ھايات بولغان بۇ ئەمىرنىڭ سىياسىي ۋە ئەسكىرىي خىزمەتلىرى ئارىسىدىكى تارىخىي مەنبەلەردە خېلى تەپسىلاتلار بولسىمۇ، شېئىر ۋە سەنئەت بىلەن بولغان ئالاقىسى مەشھۇر چاغاتاي شائىرى سەككاكىنىڭ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان تۈرلۈك قەسىدىلىرىدىن مەلۇم. ئۇنىڭ ئىلىم ۋە سەنئەت ئادەملىرىنى

ھىمايە قىلغانلىقى ۋە تۈركىي تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن، تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە 816 ـ يىلى ئۇنىڭغا ئاتاپ يېزىلغان شاتىبى تەرجىمە قىلغان بىر ئەسەردىن مەلۇم. قولىمىزدا پەقەت «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قا يازغان نەزمىي تەقرىزىلا بولغان بۇ زاتنىڭمۇ ئەمىر سەيفىددىنگە ئوخشاش، تۈركىي تىلدىكى باشقا ئەسەرلەرنى يازغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ تەقرىزلەردىن مەلۇم بولغىنىدەك، تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ قەدىمكى مول نەتىجىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان بۇنىڭغا ئوخشاش نوپۇزلۇق دۆلەت ئادەملىرىنىڭ ۋە خانىدانغا مەنسۇپ شاھزادىلەرنىڭ ھىمايە قىلىشى ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشلىرى بىلەن تېمۇر زامانىسىدا ماۋەرائۇننەھر ۋە خوراساندا بىر مۇنچىلىغان تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى، ئەرەبچە ۋە پارسچىدىن بىرمۇنچە ئەسەرلەرنىڭ تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ۋە تارىخىي ئەسەرلەر يېزىلغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

ئەسەرلىرى ياكى يوقاپ كەتكەن ياكى بولمىسا تېخىچە ئوتتۇرىغا چىقىرىلمىغان بۇنىڭغا ئوخشاش شائىرلار ئىچىدە ھازىرچە «لەتافەتنامە» ناملىق مەسنەۋىسى قولىمىزدا بولغان خوجەندىنى خاتىرىلەشنى يېتەرلىك دەپ بىلىمىز. تارخان قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ئەمىرزادە مەھمۇد تارخان ئىسىملىك ئۇلۇغ ئەمىرگە تەقدىم قىلىنغان بۇ گۈزەل نەزمىگە پارس ۋە تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ بۇ تۈردىكى نەتىجىلىرىگە ئوخشاش، مۇناجات، نائىت (مۇھەممەد پەيغەمبەرگە بېغىشلانغان مەدھىيە)، كىتابنىڭ يېزىلىشىدىكى سەۋەب ۋە شائىرنىڭ ھامىيسى بولغان مەھمۇد تارخانغا مەدھىيە قىسىملىرىدىن كېيىن 10 مەكتۇپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. مەفائىيلۇن، مەفائىيلۇن، فەئىلۇن ۋەزنى بىلەن يېزىلغان بۇ قىممەتلىك نەزمىنىڭ ئىگىسى، ئەسىرنى شائىر خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» سىگە جاۋابەن يازغانلىقىنى قەيت قىلغان ۋە ئەگەر خارەزمىمۇ بۇ نەزمىنى كۆرسە ئۆزىنى ماختايدىغانلىقىنى ئىپتىخارلىق بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدى. ۋەزىن، شەكىل، تەرتىپ ۋە ماۋزۇلار جەھەتتىن «مۇھەببەتنامە» گە ئادەتتىكىچە بىر نەزىرە ھېسابلانغان بۇ مەسنەۋىنى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياكى 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان دېسەك ئانچە خاتا بولمايدۇ. مۇئەللىپنىڭ «جاھاننىڭ پەخرى»، «زاماننىڭ شاھىنشاھى» دېگەنگە ئوخشاش پارلاق ئۇنۋانلار بىلەن خاراكتېرلەندۈرۈپ، شېئىر ۋە ئەدەبىياتتىن كۆرۈپ ھەم شائىرلارنىڭ ھامىيسى بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن مۇھەممەد تارخاننىڭ ئارسلان خوجىغا ئوخشاش، بۈيۈك تارخان ئەمىرلىرىدىن بولغانلىقى مەلۇم. نەزم مېتودىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان ۋە كۈچلۈك سەنئەتكار بولغان خوجەندىنىڭ، پەقەت ئەجەم ئەدەبىياتىنىلا ئەمەس، ئۆزىدىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭمۇ ئەسەرلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭ 13 ـ ئەسىردە بۈيۈك خانلار نامىغا تۈركىستاننى ئىدارە قىلغان مەھمۇد يالۋاچ ۋە ئوغلى مەسئۇدنىڭ ئولتۇرغانلىقى، مۇسۇلمان ـ تۈرك مەدەنىيىتى ئۈچۈن مۇھىم بىر مەركەز بولۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقى، خوجەند شەھىرىگە مەنسۇپ بولۇشىمۇ يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىمىزنى دەلىللەيدۇ. تېمۇر زامانىسىدىكى ئالىملار ئارىسىدا خارەزملىق ئەبدۇل جاپپاربىن ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر فىقىھنىڭ مۇتەزىلە پىكىرلىرىگە مايىل بىر ئالىم بولۇپ، ئەرەب، ئەجەم ۋە تۈرك تىللىرىنى پاساھەت بىلەن قوللانغانلىقى، ئەخمەد بىن شەمسۇل ئىممە ئەس ـ سەرايى ئىسىملىك بىر ۋائىزنىڭمۇ ئۈچ خىل تىلدىكى پاساھىتى تۆپەيلى، مالىكەل ـ قەلەم نامىنى ئالغانلىقى ھەققىدە، بىئوگرافىك مەنبەلەردە ئۇچرايدىغان بىرمۇنچە قەيتلەر تېمۇر دەۋرىدە تۈركىي تىلنىڭ ماۋەرائۇننەھر، خارەزم ۋە خوراسان قاتارلىق جايلاردا مەدەنىيەت تىلى دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ

بىلەن بىرگە تېمۇر ۋە ئوغۇللىرى زامانىسىدا چاغاتايلار، بولۇپمۇ ئىلخانىيلار دەۋرىدىن بۇيان داۋاملىق قۇدرەت تېپىپ كەلگەن بىر جەرياننىڭ يەنى پارسچىنىڭ تەسىرىنى يوقىتا چىقىرىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈرك ۋە موڭغۇل ئىرقىدىن بولغان ئىلخانىيلار ئەمىرلىرىنىڭ پارسچىنى ناھايىتى ئاز بىلىدىغانلىقلىرىنى ۋەسسافنىڭكى مۇھىم بىر قەيت بىزگە بىلدۈرىدۇ. لېكىن تېمۇرنىڭ قول ئاستىدىكى بىرمۇنچە ئەمىرلەرنىڭ ۋە شاھزادىلەرنىڭ پارس مەدەنىيىتىگە لايىقى بىلەن ھاكىم ۋە ئىگە بولۇپ، پارسچە شېئىرلارنى يازغانلىقىنى، شاھزادە مىرانشاھنىڭ ئىبنۇل ئەسىر تارىخىنى پارسچىغا تەرجىمە قىلدۇرغانلىقىنى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خېلى كۆپ مەزمۇنلۇق ھادىسىلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، پارسچىنىڭ تېمۇرىيلار دەۋرىدىكى ئەھمىيىتىنى ئۆز مەنىسى بويىچە بىلەلەيمىز. تۈركىي تىلغا ۋە ئەدەبىياتىغا بېرىلگەن قىممەت ۋە ئەھمىيەت بىلەن پاراللېل كەتكەن بۇ تاكامۇللۇق، چاغاتايچىنىڭ ئەرەب ۋە ئەجەم ئامىللىرى بىلەن ئاز ـ ئازدىن ئارىلىشىشىغا، پەقەت ئەينى زاماندا ئەجەم ئۆرنەكلىرىگە ھەر كۈنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن يېقىنلاشقان ۋە ئېرىشكەن كلاسسىك چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولدى. شۇنداق قىلىپ، بىز كۆرسەتكەن بارلىق شەرھلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تۈركىي تىلىنىڭ، 13 ـ ئەسىر ۋە بولۇپمۇ 14 ـ ئەسىردە بارتولد ھەم سامايلوۋىچنىڭ خاتا نەزەرىيىلىرىگە ئوخشاش پەقەت خارەزمدە ۋە ئالتۇن ئوردىدىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇ يەرلەردىكىدىن خېلى بۇرۇنلا ئىلخانىيلار ۋە چاغاتايلار مەملىكەتلىرىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە مۇھىم تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئىسپات بولالايدۇ.

**ئالتۇن ئوردىدا ئەدەبىي تەرەققىيات:** بىر تەرەپتىن بۇ تارىخىي ھەقىقەتنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، خارەزم ۋە ئالتۇن ئوردا ئەرەبلەرنىڭ، بولۇپمۇ 14 ـ ئەسىردە بۇ دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىي تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم مەركەزلىك ۋەزىپىسىنى ئوينىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر. 150 يىل ئالتۇن ئوردىغا تەۋە بولغان خارەزمنىڭ كارۋان يوللىرى ئۈستىدە بولۇشى سەۋەبلىك ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىن ئىنتايىن تېز يۈكسىلىشى ھەم خارەزمنىڭ، ھەم ئالتۇن ئوردىنىڭ موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقىنىڭ باشقا مەملىكەتلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تىنچ ھالدا تەرەققىي قىلىشى بىرمۇنچە ئالىملارنى ۋە سەنئەتكارلارنى بۇ جايلارغا جەلپ قىلغان ئىدى. ئالتۇن ئوردىدا ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى تېزلا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشى، شۇ ئەسىردە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق بىر ساھەسى بولغان مىسىر ـ سۈرىيە مەملۇك ئىمپېراتورلۇقى مەملىكەتلىرى بىلەن سىياسىي مۇناسىۋەتلەر جەھەتتە سەمىمىيلىكى، يەسەۋى تەرىقىتىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ۋە يەسەۋىلىكنىڭ پەقەت تەسەۋۋۇپنى ئەمەس، ئەدەبىي سەنئەتلىرىنىمۇ داۋاملاشتۇرغان خارەزملىك تۈركىي دەرۋىشلىرىنىڭ بۇ يەردىكى ئىسلاملىشىش ھەرىكىتىدە زور رول ئوينىغانلىقلىرى ۋە بۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى بۇلغار دەۋرى مۇسۇلمان ـ تۈركىي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرلىرىمۇ، بۇ ئەدەبىي تەرەققىياتتا ئەھمىيەتلىك ئامىللاردىن بولغان ئىدى. خارەزمى تەخەللۇسلۇق بىر تۈركىي تىللىق شائىرنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق مەسنەۋىسىنى ئالتۇن ئوردىدا يازغانلىقى، بىرىنچى مۇزېيى تۈركچە يازمىلار كاتالوگى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولۇش بىلەن بىرگە، ئالتۇن ئوردا ساھەسىنىڭ ئەدەبىي پائالىيەت مەركىزى بولغانلىقىنى بىلىپ ئالغىلى بولىدۇ. شەرقشۇناسلار ۋە تارىخچىلار ئالتۇن ئوردىنى ھەر تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر تەرەققىي قىلمىغان دېگەن قاراشتا بولۇشقان ئىدى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ۋەكىلى فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ئې. بلوشت ئىدى. بارتولد ئەڭ دەسلەپتە 1914 ـ يىلى يازغان بىر ئاخباراتىدا بۇ نۇسخىدىن، 1924 ـ يىلى يازغان يەنە بىر ئاخباراتىدا بولسا، ئۇيغۇر

ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان ئىككىنچى بىر نۇسخىسى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۇ ساھەدە يېزىلغان بىردىنبىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. پەقەت بۇ ئەسەرنىڭ نامىغا ئاتالغان مۇھەممەد خوجابەينىڭ شەخسىيىتى ھەققىدە رىيۇ (Rieu) تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن مۇتائىلەنىڭ توغرا بولمىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىش بىلەن بىرگە، ئۇبرازىنى تىكلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى.

1917 - يىلى ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالەمدە، بارتولدنىڭ ماقالىسىدىن پەقەتلا خەۋىرىم بولمىغاچقا، رىيۇنىڭ مۇھەممەد خوجابەي ھەققىدىكى مۇتائىلەسىنى تەنقىد قىلغان ۋە بۇ زاتنىڭ بەردى بەي خان (758 - 762) سەلتەنەت سۈرۈۋاتقان زامانلاردا مۇسكۋاغا قاچقان خانزادە مۇھەممەد خوجا بەي ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالغان ئىدىم. دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىي پائالىيەتلىرى ئىچىدە، ئالتۇن ئوردىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى بىلەن يېزىلغان كلاسسىك ئەجەم كاتېگورىيىسىگە ئۇيغۇن بىر ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، تۇنجى قېتىم 1919 - يىلى تۈركىي ئەدەبىياتتا دەسلەپكى مۇتەسەۋۋۇپلارمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. 754 (1353) - يىلى يېزىلغان «مۇھەببەتنامە» بىلەن ھۇسام كاتىبنىڭ 770 - يىلى يازغان «جۇمجۇمە سۇلتان ھېكايىسى» گە ۋە باشقا بىرمۇنچە تارىخىي دەلىللەرگە تايىنىپ، موڭغۇل ئىستىلاسى نەتىجىلىرىدىن بولۇش بىلەن بىرگە، ئالتۇن ئوردا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ سارايلىرى ئەتراپىدا ئەجەم ئۆرنەكلىرىگە ئۇيغۇن ۋە يۇقىرى تەبىقىگە خاس كلاسسىك بىر ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ھەم بۇنىڭ چاغاتايچە، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلىغا تايانغانلىقى ھەققىدىكى پىكرىمنى ئىلگىرى سۈردۈم. بۇ مۇتالىئە ئەينى ۋاقىتتىكى چۈشەنچىگە پۈتۈنلەي زىت بولۇش بىلەن بىرگە، شۇنىڭدىن كېيىن قولغا چۈشكەن يېڭى مەلۇماتلار بۇ دەسلەپكى تەخمىنىي پىكىرلىرىمنى ئاساسەن دېگۈدەك قۇۋۋەتلىدى. 1928 - يىلى نەشر قىلىنغان «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» دىمۇ بۇ جەھەتتە ئەتراپلىق مەلۇمات بەردىم. 1926 - يىلى ئىلگىرىكى پىكرىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان «15 - ئەسىر چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ 14 - ئەسىردە خارەزم ۋە ئالتۇن ئوردا ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تەرەققىي قىلغانلىقىنى» ئىلگىرى سۈرگەن بارتولدنىڭ بۇ قىياسى 1928 - يىلى سامايلوۋىچ تەرىپىدىن يېڭى پاكىتلار بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەكچى بولغانلىقىنى، بۇنداق بولىدىغان بولسا، خاتاغا يول قويۇلىدىغانلىقى ھەققىدە يۇقىرىدا بىرمۇنچە پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. ئەمدى بۇ يەردە ئالتۇن ئوردىدىكى ئەدەبىي تەرەققىيات توغرىسىدا «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن كىتابىمىز نەشر قىلىنغاندىن بۇيان توپلانغان يېڭى مەلۇماتلارنى ئىلاۋىسى بىلەن قوشۇپ بەرگەن كىچىك خۇلاسىدە، بارتولد - سامايلوۋىچ قىياسلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن يېڭى پاكىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.

14 - ئەسىردە ئالتۇن ئوردىدا يېزىلغان دەسلەپكى ئەسەر بۈگۈنكى مەلۇماتلىرىمىزدىن قارىغاندا، قۇتب ئىسىملىك بىر شائىرنىڭ 1341 - ، 1342 - يىلى يازغان «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» مەسنەۋىسى بولۇپ، پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزبېك خان (1320 - 1340) زامانىسىدا ئۇنىڭ ئىماملىق خىزمىتىدە بولغان بەدرىددىن قەۋامىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلغان تۈركىيچە - ئەرەبچە بىر رۇبائىسى قولىمىزدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ تەخمىن توغرا بولىدىغان بولسا، قۇتبىنىڭ ئەسىرى بىرىنچىلىك شەرىپىنى يوقاتقان بولىدۇ. قۇتبىنىڭ بۇ نەزمىسى ئالتۇن ئوردا ھۆكۈمدارى بولۇپ، شائىرنىڭ بىشارىتىدىن قارىغاندا، شېئىر بىلەنمۇ ئالاقىسى بولغان تىنى بەي خان زامانىسىدا ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولغان ئايالى نامىغا يېزىلغان ئىدى. نىزامىنىڭ مەشھۇر مەسنەۋىسى ئۆرنەك قىلىنىپ يېزىلغان بۇ ئەسەردە، شائىر كلاسسىك نەزم قائىدىلىرىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە، 4 خەلپە ھەققىدىكى مەدھىيىنى «قۇتادغۇبىلىك»

ۋەزنى بىلەن يازغان بولۇپ، ئەجەم ۋە تۈركىي مەسنەۋىلىرىدە بۇنىڭدىن باشقىسىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ھېكايىدە ئومۇمەن نىزامىنىڭ تېكىستىنى ئىزدەش بىلەن بىرگە، بەزىدە ئۇنى قىسقارتقان ۋە بەزىدە ئۆز ئەينى تەرجىمە قىلغان قۇتبىنىڭ ئۇنىڭ تەسىرىگە خېلىلا ئۇچرىغانلىقىنى، مەسىلەن خۇسرەۋنى ئادەتتە ئالتۇن ئوردا خانى دەپ تەسۋىرلىگەنلىكى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. بۇ ئاتاقلىق سەنئەتكارنىڭ «تۇرلۇك ـ تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ، يىراق يەرلەردىن كەلگەنلىكى» نى سۆزلىگەنلىكىدىن ۋە تىلىدا ئەدەبىي خاقانىيە دىئالېكتى تەسىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن ماۋەرائۇننەھر تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرىنىڭ شۈبھىسىز ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە تەسىرى ئەڭ زور شائىرى بولغان خارەزمى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىمىزنى بىۋاسىتە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە» سىدىن ئالىمىز. ئېھتىمال ھەج قىلىش مەقسىتى بىلەن خارەزمدىن چىقىپ، مۇھەممەد خوجابەينىڭ يېنىغا كەلگەن ھەم ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە قىشنى ئۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئەسەرنى يازغان شائىرنىڭ پارسچە ۋە تۈركىيچە شېئىرلىرىنىڭ شۆھرىتى پەقەت خارەزمدىلا ئەمەس، ئالتۇن ئوردىدىمۇ تارقالغانلىقى مەلۇم بولغان بۇ شائىرنىڭ يېشىمۇ خېلى چوڭىيىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ نەزمىدىكى «قامۇغىنى سىر ياقاسىندا بىتىدىم» دېگەن مىسراسى بىلەن ئەسىرىنى سەيھۇن دەرياسى بويىدا يازغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. بىز بۇ مەلۇماتتىن مۇھەممەد خوجابەينىڭ ئۇ دەۋرلەردە ئالتۇن ئوردا خانلىرى نامى بىلەن بۇ جايلارنى ئىدارە قىلغانلىقى ۋە باشپاناھ بولغانلىقىنى تەخمىن قىلالايمىز ھەم بۇنىڭدىن بۇ ئەسەرنىڭ شۈبھىسىزكى خارەزم ئەسەرلىرىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان خوجەندىنىڭ بۇ ئەسەر ھەققىدە ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن توختىلىپ ئۆتۈشى، تۆۋەندە توختىلىپ ئۆتمەكچى بولغان سەيف سارايى ئىسىملىك شائىرنىڭ ئۇنىڭ تۈركىيچە بىر غەزىلىنى مەجمۇئەسىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا نەزىرە يازغانلىقى، «مۇھەببەتنامە» نىڭ بەزى پارچىلىرىنىڭ ئىستانبۇلدىكى مىللەت كۇتۇپخانىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان بىر مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ۋە ئاخىر شاھرۇخ دەۋرىنىڭ نوپۇزلۇق ئادەملىرىدىن مىللىي ئەنئەنىلەرگە، تۈركىي تىلغا ۋە ئۇيغۇر يېزىقىغا مۇناسىۋەتلىكلىكى بىلەن تونۇلغان ئەمىر جالالىددىن فىرۇز شاھ نامىغا 835 (1430) ـ يىلى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن بىر مەجمۇئەگىمۇ كىرگۈزۈلگەنلىكى ۋە ئاخىر بىرىنتىش مۇزېيى نۇسخىسىنىڭ 16 ـ ئەسىرگە تەۋە بولۇشى، شۆھرىتىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى ۋە داۋامىنى بىلدۈرىدۇ. مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇلۇن ۋەزنى بىلەن يېزىلغان 2 نامەدىن مۇرەككەپ بولغان بۇ مەسنەۋىدە ئارىلاپ قىتئە نامى ئاستىدا غەزەللەرنىڭمۇ ئۇچراپ قېلىشى، شائىرنىڭ ئەجەم ئەدەبىياتى بىلەن ناھايىتى ئاز مەشغۇل بولغىنىدەك، پارسچە بەزى پارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. كلاسسىك نەزم تېخنىكىسىنى مۇكەممەل بىلگەن، ئۇسلۇبى گۈزەل، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ۋە نازۇك تۇيغۇلارغا ئىگە بولغان بۇ ھەقىقىي سەنئەتكارنىڭ شۆھرەت دەرىجىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «مىزانۇلئەۋزان» دىكى بىر قەيتنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن. نەۋائى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى نەزم ۋە مۇزىكا شەكىللىرى ئۈستىدە توختالغاندا، «مۇھەببەتنامە» ناملىق بىر مۇزىكا نوتىسىنى تىلغا ئېلىپ، بۇنىڭ مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن فەئۇلۇن ۋەزنىدىكى تېكىستلەر بىلەن ئورۇنلانغانلىقىنى، لېكىن شۇ دەۋرلەردىلا تاشلىنىپ قالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئىزاھات بۇ نوتىنىڭ خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» سىگىلا خاس ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نەۋائىنىڭ تۈركىيچە يازغان شائىرلار ئىچىدە «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق كىتابىدا ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە خارەزمى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن، ئەمما «مۇھەببەتنامە» مۇزىكا نوتىسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالماسلىقى، بىزگە شەخسى بىر مۇددىئا بىلەن قىلىنغاندەك بىلىنىدۇ. بولمىسا شۆھرىتى شۇ قەدەر كەڭ تارقالغان بىر تۈركىي شائىرنى نەۋائىنىڭ

بىلمەسلىكى ئەقىلگە سىغمايدۇ.

قۇتبىنىڭ ۋە خارەزمىنىڭ ئەسەرلىرى ئالتۇن ئوردىدا يېزىلىش بىلەن بىرگە، بۇلارنى توغرىدىن - توغرا ئاشۇ مۇھىت يېتىشتۈرگەن يەرلىك مەھسۇلاتلار دەپ ھېسابلىساق توغرا بولمايدۇ. ھالبۇكى ھۇسام كاتىپنىڭ 770 (1368) - يىلى «داستانى جۇمجۇمە سۇلتان» نامى بىلەن يازغان «ئەيسا پەيغەمبەر - كېسىك باش ھېكايىسى» تېخىمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىغا خىتاب قىلغان يەرلىك مەھسۇلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەسلەپكى رۇس شەرقشۇناسى سالەمانىنىڭ دىققىتىنى تارتقان، فەرىدىدىن ئەتتارنىڭ دىيىلىۋاتقان «بىسەرنامە» ناملىق پارسچە كىچىك مەسنەۋىنى تەرجىمە قىلىپ، نەشرگە تەييارلىغان ژۇكوۋسكىيغا خەۋەر بېرىلگەن بۇ نەزمىي ئەسەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى بىر قەيتىنىڭ بولۇشىغا قارىماي، ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى. 995 - يىلى قىرىمدا قىلىنغان ئوسمانلىچە نەسرىي تەرجىمىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن، مەن تولۇق كۆرۈپ چىققان بۇ ئەسەرنى ئەڭ بۇرۇن «تۈرك ئەدەبىياتىدا دەسلەپكى تەسەۋۋۇپلار» دا توختىلىپ ئۆتكىنىمگە ئوخشاش، لېنىنگراد ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدىكى قولىيازمىلارنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىنمۇ، تۈرك ئەدەبىياتى تارىخىدا بۇ جەھەتتە ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن ئىدىم. كېيىنكى يىللاردا يەنە باشقا قولىيازمىلىرىمۇ بولغان بۇ ئەسەر، ۋەزىن، شەكىل ۋە ھېكايىنىڭ مەزمۇنى جەھەتلەردىن ئۇلاردىكى ئوخشاشلىقلارغا قارايدىغان بولساق، ئەتتارنىڭ ئەسىرىدىن تەرجىمە قىلىنغاندەك قىلىدۇ. لېكىن، توغرىدىن - توغرا خەلققە خىتاب قىلغان ۋە سەنئەت مىتودىدىن تامامەن خەۋىرى بولمىغان مۇئەللىپ، ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، جەننەتلەر ۋە دوزاخلار ھەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا توختىلىپ، پارسچە ھېكايىدىكى كىشىگە بېرىدىغان ھۇزۇرنى بۇزغان ئىدى. قولىمىزدا بار بولغان نۇسخىلار بەكلا تىتىلغان بولغاچقا، تىل ۋە ئەدەبىي تېخنىكىلىق جەھەتلەردىن توغرا بىر يەكۈن چىقىرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. تۈرلۈك باسمىلىرىمۇ بولغان بۇ ئەسەرنىڭ ئالتۇن ئوردىدا دىنىي مەقسەت بىلەن يېزىلغان ئاددىي بىر خەلق ئەسىرى ئىكەنلىكى ۋە ھۇسام كاتىپنىڭ ئەسلىدە بىر سەنئەتكار ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى.

ئالتۇن ئوردىدا ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئەجەم ئەدەبىياتىدىن تامامەن خەۋەردار بولغان يەرلىك شائىر ھەم مۇئەللىپلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى، ئاساسلىقى 14 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ۋە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ساراي شەھىرى بىلەن قىرىمدا بولغان ئىدى. سىياسىي ۋە سودا جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلغىنىغا ئوخشاش، مەدەنىيەت جەھەتتىنمۇ تەرەققىي قىلغان بۇ مەركەزلەردە ھۆكۈمدارلارنىڭ، شاھزادىلەرنىڭ، ئەمىرلەرنىڭ ۋە باي مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، باشقا مەدەنىي تۈرك رايونلىرىدىن كەلگەنلەردىن باشقا، يەرلىك ئالىملار ۋە سەنئەتكارلارمۇ يېتىشىپ چىقىشقا باشلىغان ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ باشقا تۈرك مەملىكەتلىرىگە ۋە بولۇپمۇ مىسىر - سۈرىيە مەملۇك ئىمپېراتورلۇقى مەركەزلىرىگە بېرىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارمۇ بولغان ئىدى. 793 (1391) - يىلى مىسىر ئەمىرلىرىدىن بىرىنىڭ نامىغا سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق كىتابىنى تۈركىيچىگە تەرجىمە قىلغان سەيف سارايىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، لەيدىن كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان بىر مەجمۇئە ئىچىدە مەشھۇر ئەزەربەيجان شائىرى ھەسەن ئوغلى بىلەن خارەزمىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسھاق، ئىماد مەۋلەۋى، قازى مۇھسىن، تۇغلۇق خوجا، سارايلىق ئەھمەد خوجا ۋە ئابدۇلمەجىد ئىسىملىك شائىرلارنىڭ تۈركىيچە غەزەللىرى بىلەن سەيف سارايىنىڭ بۇلارغا يازغان نەزىرەلىرىمۇ بار ئىدى. شەخسىيەتلىرى بىزگە مەلۇم بولغان ئىككى شائىر بىلەن سەيف سارايىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇرساق، يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان بۇ شائىرلار ئالتۇن ئوردىدا يېتىشىپ چىققانمۇ ياكى باشقا جايلاردا يېتىشىپ چىققانمۇ، بۇ جەھەتتە ئېنىق بىر نەرسە دېيىشكە ئىمكانىيەت

يوق. پەقەت ئەھمەد خوجانىڭ ساراي شەھىرىدىن ئىكەنلىكى ۋە قولىمىزدىكى بىر غەزىلىگىلا قارايدىغان بولساق، ھەقىقەتەن ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك بىر شائىر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇلاردىن پەقەت ئابدۇلمەجىد ھەققىدە باشقا مەنبەلەردە مەلۇمات يوق. «ئابدۇل» تەخەللۇسى بىلەن يازغان بىر غەزىلىدىن سەنئەت جەھەتتىكى يۈكسەك تالانتىنى كۆرگىلى بولىدىغان شائىرنىڭ قىرىملىق بولۇپ «مۇنسەل - ئۇششاق» نامى بىلەن «يۈسۈپ ۋە زىلەيخا» ھېكايىسىنى يازغان ۋە بۇنىڭ بۇ ماۋزۇسىغا دائىر يېزىلغان تۈركىيچە ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى بولغان «كەشفۇز - زۇنۇن» دا ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن ئىدى. مەشھۇر ئىبن ئەرەبشاھنىڭ قىرىمدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى سۆزلىگەن «ئەلمىنھەش - شافى» نىڭ مۇئەللىپىنىڭ بۇ ئىپادىسىدىن قارىغاندا، بۇ شائىرنىڭ 814 - يىلىدىن كېيىنكى يىللاردىمۇ يەنىلا ھايات ئىكەنلىكى مەلۇم. سەيف سارايىغا كەلسەك «گۈلىستان» تەرجىمىسى بىلەن دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەڭ گۈزەل ئەدەبىي نەسىر ئۈرنىكىنى بەرگەن بۇ ئادەمنىڭ ناھايىتى ھۆرمەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق بىر شائىر ئىكەنلىكى، ئىلگىرىكى باشقا نەزمىلىرىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلارغا ئىلاۋە (قوشۇمچە) قىلىپ، 14 - ئەسىردە مەملۇكلەر رايونىدا ياشىغان ساراي شەھىرىدىن بولغان بەزى ئالىملارنىڭ پەقەت ئەرەبچە ۋە پارسچە ئەسەرلەرنىلا يېزىپ قالماستىن، تۈركىيچىمۇ بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازغانلىقلىرىنى، يەنە ئالتۇن ئوردىدىن جىھاد مەقسىتى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن بەركە فەقىھنىڭمۇ تۈركىيچە ئاددىي شېئىرلارنى يازغانلىقىنى بىلىمىز. 736 - يىلى ۋاپات بولغان ئۆتەمىش باخشىنىڭ موغۇلچىنى ۋە موغۇل تارىخىنى بەك ياخشى بىلىدىغانلىقىنى ئىبن ھاجەر سۆزلىگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ ئالتۇن ئوردىدىن ئەمەس، ئىلخانىيلار رايونىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ۋە بۇ يەردىكى موغۇلچە تەبىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تۈركىي تىلى مەنىسىدە ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بارلىق چۈشەندۈرۈشلەردىن شۇنىسى مەلۇم بولىدۇكى، ئالتۇن ئوردىدىكى ئەدەبىي تەرەققىيات، ئىلخانىيلار ۋە چاغاتايلار رايونلىرىدىن خېلى كېيىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەم مەيلى تىل ۋە مەيلى ئەدەبىيات جەھەتتىن بولسۇن كامالەتكە يېتىش جەھەتتە ئىز بېسىپ ماڭغان ئىدى. بۇ تەرەققىياتتا خارەزمىنىڭ قايسى دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدە تۆۋەندە توختىلىپ ئۆتىمىز. لېكىن يۇقىرىدا بېرىلگەن مەلۇماتنىڭ بارتولد - سامايلوۋىچ پەرەزلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ۋە خارەزمىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىنى چۈشەندۈرىدىغان، بۇنىڭغا ئائىت باشقا يەكۈن خاراكتېرلىق پاكىتلارنىمۇ بەرگەنلىكىمنى ئەمدى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. كېيىنكى يىللاردا ئالتۇن ئوردا تارىخى ھەققىدە ناھايىتى ياخشى بىر كىتاب چىقارغان ياكۇبوۋسكىي، ۋولگا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى پودگورنويى يېزىسىدا تېپىلغان بىر مازار ئىچىدە ياغاچ ئىشىككە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن «موغۇلچە ۋە بىر تۈرك دىئالېكتىدا» يېزىلغان 13 - ئەسىرگە ئائىت ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالتۇن ئوردا بىلەن ئالاقىسىنىڭ بار - يوقلۇقى ھەققىدە ھازىرغا قەدەر بىر نەرسە دېيىلمىگەن. ئالتۇن ئوردىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۈچىيىشى، ئىران ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىشى، باشقا مۇسۇلمان، تۈرك مەركەزلىرى بىلەن كۈچلۈك رىقابەتتە بولۇشى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، ئەجەم ئۈرنەكلىرى تەسىرىدە كلاسسىك بىر تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ھەر ھالدا ئۆزبېك خان زامانىسىدا (1312/1313 - 1340) بولغان بولۇشى مۇمكىن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# شەرق ئەدەبىياتىدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا

مېھرىئاي مەمتىلى

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھەققىدىكى كۆپلىگەن ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ مەنبەسى يۇنان تارىخىدىكى مەشھۇر ئىستېلاچى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 - 323 - يىللار) نىڭ شەرققە يۈرۈشى بىلەن بىۋاستە باغلىنىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشىدىن كېيىن، ئىران ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقىغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھىندى دەريا ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ئىسكەندەر ھەققىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ رىۋايەت - قىسسىلەر توقۇلدى. ئۇنىڭ ئاسىياغا قىلغان ئىستېلاچىلىق يۈرۈشلىرى داۋامىدا كەلتۈرگەن سورۇقچىلىقلىرى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ھەتتا كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ نامى «قۇرئان كەرىم» دە تىلغان ئېلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئوبرازى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى ھەمدە ئۇ پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئادىل پادىشاھ سۈپىتىدە غايىۋىلەشتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئېھتىمال شەرق دۇنياسىغا تونۇلغان جاھانگىرلار ئىچىدە بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئىسكەندەرچىلىك مەدھىيىلەنگەن شەخس بولمىسا كېرەك.

ئىسكەندەرنىڭ نامى شەرقتىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىدە، جۈملىدىن ئەرەبلەردە، پارسلاردا، ھىندىيلاردا، تۈركلەردە، ئافغانلاردا، تاجىكلاردا ۋە ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەردە «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن»، «ئىسكەندەر رۇمى»، «ئىسكەردەر مەقدۇن» دېگەن ناملار بىلەن مەشھۇردۇر.

ئىسكەندەر ھەققىدىكى دەسلەپكى خاتىرىلەر يۇنان تارىخچىلىرىدىن كاللىبېسفىن (مىلادىدىن ئىلگىرى 375 - 324)، ئارىئان (مىلادىدىن ئىلگىرى 175 - 117)، پلوتارىخ (مىلادىدىن ئىلگىرى 126 - 46) قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ.

شەرق ئەدەبىياتىدا «زۇلقەرنەيىن» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خىلمۇ خىل قاراشلار مەۋجۇت. بۇلارنىڭ ئىچىدە نىسبەتەن تىپىكرەك بولغان ئىككى خىل قاراش بار. بىرى «زۇلقەرنەيىن» دېگەن بۇ سۆز ئەرەب تىلىدىكى «زۇل» (ئىگە، ئىگە بولغۇچى) دېگەن سۆز بىلەن «قەرن» (باش، ئۇچ، يەنى ئالەم ياكى دۇنيانىڭ بېشى ياكى ئۇچى) دېگەن ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. شۇڭا، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «دۇنيانىڭ ئىككى بېشىنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمران» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە ئەرەب تارىخچىسى تەبەرى ئۆزىنىڭ «تارىخى تەبەرىي» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ: «ئىسكەندەر ئوتتۇز ئالتە يىل ئۆمۈر كۆردىلەر، ھەزرەتى ئىسكەندەرنى ئول ۋەجىدىن زۇلقەرنەيىن ئاتادىلەركىم ‹قەرن›، دەپ باشنى ئەيتۇرلەر؛ بۇ ئالەمنىڭ بىر باشى مەغرىبدۇر، بىر باشى مەشرىق. بەس، ھەزرەتى ئىسكەندەر مەشرىقدىن مەغرىبقە يۈردىلەر. ئەرسە، زۇلقەرنەيىن ئاتادىلەر. چۈنكى جاھان ئىككى باشىنى ئالدىلەر[1]. يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر «زۇلقەرنەيىن» سۆزى «قوش مۈڭگۈزلۈك ياكى قوش باشلىق ھۆكۈمران» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، چۈنكى ئىسكەندەر دائىم تۆپىسىگە ئىككى باغلام پەي ئورنىتىلغان دوبۇلغا كىيىپ جەڭگە چىققاچقا شۇنداق ئاتالغان دەپ قارايدۇ[2].

مىلادى 7 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان» دا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. «قۇرئان» نىڭ 18 - پارە 82 - ئايىتىدىن 97 - ئايىتىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىسكەندەرگە ئائىت مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «ئۇلار

(يەنى يەھۇدىيلار) سەندىن زۇلقەرنەين توغرۇلۇق سورىشىدۇ. سىلەرگە مەن ئۇنىڭ قىسسىسىنى (ۋەھيى ئاساسىدا) بايان قىلىمەن دېگىن. ئۇنىڭغا بىز زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلدۇق. ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق، ... زۇلقەرنەين ئىككى تاغ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا ئىككى تاغ ئالدىدا ھېچقانداق سۆزنى چۈشەنمەيدىغان (يەنى ئۆزىنىڭ تىلىدىن غەيرىي تىلنى بىلمەيدىغان) بىر قەۋمنى ئۇچراتتى. ئۇلار: «ئى زۇلقەرنەين! يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر. بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا بىر قىسىم مېلىمىزنى (باجغا ئوخشاش) تۆلىسەك بولامدۇ؟» دېدى. زۇلقەرنەين ئېيتتى: «ئاللانىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (يەنى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئارتۇقتۇر. ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار. ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي. ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ) ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا، كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار». تۆمۈر پارچىلىرى قىزىپ ئوتتەك بولغاندا، ئۇ: «ماڭا (ئېرىتىلگەن مىسنى) بېرىڭلار، ئۈستىگە تۆكەي» دېدى. ئۇلار (يەنى يەجۇج ـ مەجۇج) ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى» [3]. زۇلقەرنەيىنى «قۇرئان» نىڭ كەينىگە بېرىلگەن ئىزاھات قىسمىدا مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «كۆپچىلىك مۇپەسسىرلەر «قۇرئان» دا تىلغا ئېلىنغان زۇلقەرنەيىنى مەشھۇر ئىشغالىيەتچى ئىسكەندەر مەقدۇن دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئۇنى يەمەننىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئۇ بىر ياخشى بەندە بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بۈيۈك سەلتەنەت، ھېكمەت ۋە پايدىلىق ئىلىم ئاتا قىلغان دەپ قارايدۇ. زۇلقەرنەين ئىسكەندەر مەقدۇن ئەمەس دېگۈچىلەر ئىسكەندەرنىڭ قەدىمكى يۇنان ئىلاھلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارىستوتىلدىن پەلسەپە ئۆگەنگەنلىكىنى، «قۇرئان» دا تىلغا ئېلىنغان زۇلقەرنەيىننىڭ بولسا تەۋھىدكە، ئاللاغا ئىشىنىشكە مايىل ئىكەنلىكىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ قەدىمكى يۇنان ئىلاھلىرىغا ئېتىقاد قىلغان تەرەپلىرى بولسا، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزى ئىشغال قىلىۋالغان مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ مەبۇدلىرىنى ھۆرمەت قىلغانلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ مىسىرلىقلارنىڭ مەبۇدىي ئامۇنغا ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئارىستوتىلدىن پەلسەپە ئۆگەنگەنلىكىگە كېلىدىغان بولساق، «روھۇل مەئانى» تەپسىرىنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىسكەندەرنىڭ ئارىستوتىل پەلسەپىسىگە پۈتۈنلەي ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىغا قايىل ئەمەسمىز، چۈنكى بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە شاگىرت بولۇشى ئۇنىڭ ھەممە مەسىلىلەرگە بولغان قارىشى ئۇستازىنىڭ قارىشى بىلەن بىردەك بولۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ». ئىسكەندەر مەقدۇنى مىلادىدىن 356 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان ئاتىسى ئۇنى ئوبدان تەربىيىلىگەن، ئۇ پەلسەپە ۋە ئىلىم ـ پەن جەھەتتە كۆپ مەلۇمات ھاسىل قىلغان. ئۆز دەۋرىدە جاھاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلغان. مىلادىدىن 332 يىل بۇرۇن مىسىرنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭدىن پارسلارنى ھەيدەپ چىقارغان. ئۇ ئىران، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرغان. ئۇ مىلادىدىن 323 يىل بۇرۇن 33 يېشىدا بابىلدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ زۇلقەرنەين دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇنىڭ كېيگەن دوبۇلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى چوڭ باغلام ئۇزۇن ئاق پەي بار ئىدى [4]. شۇندىن باشلاپ تارىختىكى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى بىلەن ئىسلام رىۋايەتلىرىدىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ۋەقەلىكلىرى ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي ھىندىستان، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونلىرىغا قەدەر كەڭ تارقىلىدۇ. 9 ـ 10 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئەرەب تارىخچىلىرىدىن تەبەرى، بەيامى قاتارلىقلار ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى يازما خاتىرىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ 10 ـ ئەسىردە يازغان «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدە

ئىسكەندەر ئۇبرازىنى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر شەرقتىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى ئۆلمەس تېمىغا ئايلىنىدۇ.

ئەمدى ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەت ـ قىسسىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدىكى ۋارىيانتلىرىغا كەلسەك، خېلى زامانلار ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدا بۇ مەشھۇر ئىستېلاچى ھەققىدىكى كۆپلىگەن خەلق رىۋايەتلىرى پەيدا بولغان ئىدى. چۈنكى، شەرققە يۈرۈش قىلغان ئالېكساندىر ماكىدونىسكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ شەرققە يۈرۈشىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا گىرېك مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتى ئۆزئارا قوشۇلۇپ، ئېللىنىزم مەدەنىيىتى يارىتىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق ئاسىيانىڭ دەشت باياۋانلىرىدا ئالېكساندىرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىرمۇنچىلىغان شەھەرلەر بىنا قىلىنغان ئىدى. پەقەت ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باكتېرىيە بىلەن سۇغدىيانانى تايانچ قىلغان ئالېكساندىر نامىدىكى 8 ـ 10 غىچە شەھەر بىنا قىلىنغانىدى. بۇلاردىن ھىرات قېشىدىكى ئالېكساندىرىيە، قەندىھاردىكى ئالېكساندىرىيە، ھىندىقۇش تېغى ئېتىكىدىكى ئالېكساندىرىيە، كاۋكازدىكى ئالېكساندىرىيە ۋە مەرغىيانادىكى ئالېكساندىرىيە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن [5]. دېمەك، ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەت ـ قىسسىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا چوڭقۇر تارىخىي ئاساسى بار ئىدى.

خۇددى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئىسكەندەر ھەققىدە نىزامىدىن بۇرۇنلا يۇناندىن خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەرنىڭ توقۇغان تۈرلۈك تۈمەن رىۋايەتلىرى جاھان كېزىپ يۈرگەن. بۇ رىۋايەتلەر مەشھۇر سەركەردىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى بايان قىلىدىغان يېرىم تارىخىي، يېرىم ئەپسانىۋى كىتابلار بىلەن خەلق ئېپوسلىرىغا مەركەزلەشكەن. ئۇيغۇرلار ئىسكەندەر ھەققىدە ئۆز تۇرمۇشلىرىغا تەدبىقلاپ تۈرلۈك رىۋايەتلەرنى توقۇغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر قىسمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان» ىدا ئەكس ئېتىلگەن. جۈملىدىن، ئالىم «ئۇيغۇر» سۆزى، «ئالتۇن قان» نىڭ ئېتىمولوگىيىسى، قوجۇ، جانبالىق، بەشبالىق، يېڭىبالىق قاتارلىق ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىنا بولۇشى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندە، ئىسكەندەرگە باغلاپ توقۇلغان ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىن پايدىلانغان. ئەنە شۇ خەلق رىۋايەتلىرى ئەنئەنىۋى ئىسكەندەر تېماتىكىسىغا ئاساس بولغان [6]. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا «ئۇيغۇر» نامىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ نامى ... زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. بۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە: ‹ئىنان خۇز خورەند ــ بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن. بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ›، دەپتۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ ئەل ‹خۇزخور›، دەپ ئاتىلىپتۇ ۋە ئاستا ـ ئاستا ‹ئۇيغۇر›، سۆزىگە ئۆزگىرىپتۇ» [7]. ئۇندىن باشقا مەھمۇد قەشقەرى يەنە ئالېكساندىرغا باغلىق بولغان يەنە بىر مۇنچە نامىلارنى تىلغا ئالىدۇ: «بىر تۈرك ئەسكىرى ئىسكەندەرنىڭ بىر ئەسكىرىنى قىلىچ بىلەن چاپقاندا، ئۇنىڭ تۇۋرىسىمۇ چېپىلىپ كەتكەن. تۇۋرىدىكى ئالتۇنى چېچىلىپ قانغا مىلەنگەن. بۇ جاينى شۇندىن كېيىن ‹ئالتۇن قان›، دەپ ئاتاپ كەلگەن» [8]. «ئەتىياز پەسلىدە تۈرك يېرىدە يامغۇر يېغىپ پاتقاقچىلىق بولغاندا ئىسكەندەر: ‹ئىنىن چې گىل ئىست؟ دەپ سوراپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، بۇ نېمە دېگەن پاتقاقچىلىق دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. بۇ سۆزدىن ‹چېگىل›، دېگەن سۆزى تۇغۇلۇپ قەبىلە ھەم يەر نامىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپتۇ» [9]. دېمەك، ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا تىلغا ئالغان ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ۋەقەلىكلەردىن ئېلىنغان. بۇ رىۋايەت ـ قىسسىلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ

يۈرۈش جەريانىدا ئىسكەندەر ئوبرازى خېلى زور دەرىجىدە غايىۋىلەشتۈرۈلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىپ يۈرگەن ئىسكەندەر ھەققىدىكى تالاي قىسسىلەرنى شەرقچە ئۇتوپىك جەمئىيەت غايىسى بىلەن سۇغۇرۇپ، شەرق خەلقلىرى داستان ئەنئەنىسى بولغان «خەمسە» داستانلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن شەخس نىزامى گەنجىۋى (1114 ـ 1209) دۇر. نىزامى شەرق خەلقلىرىگە كەڭ تارقالغان خەلق رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن بەش داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «خەمسە» نى يېزىپ چىقتى ۋە شەرق ئەدەبىياتى، جۈملىدىن پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى «خەمسەچىلىك ھادىسىسى» گە بايراقدار سۈپىتىدە يول ئاچتى. نىزامى «خەمسە» نىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، يەنى بەشىنچىسى «ئىسكەندەرنامە» ئىدى. «نىزامى بۇ داستانىنى ھاياتىنىڭ ئاساسىي مەھسۇلى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن» ⑪ نىزامى «ئىسكەندەرنامە» نى يېزىشتا تارىخىي يازما مەنبەلەر بىلەن خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرگە تەڭلا مۇراجىئەت قىلدى. ئۇنى قىزىقتۇرغىنى ئىسكەندەرنىڭ سىياسىي تارىخى ئەمەس، بەلكى غايىۋىلەشكەن ئىسكەندەر ئوبرازىدا ئەكس ئېتىدىغان غايىۋى جەمئىيەت ئىدى. «ئىسكەندەرنامە» ئىككى قىسىمغا، يەنى «شەرەپنامە» ۋە «ئىقبالنامە» گە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئالدىنقى قىسىمدا، ئىسكەندەر يىراققا يۈرۈش قىلغان بىر جاھانگىر ئەمەس، بەلكى مىسىردىن ھىندىستانغىچە بولغان شەرق ئەللىرىنى زۇلۇمدىن، ئۇرۇش ماجىرالاردىن خالاس قىلغۇچى، ئادالەتنى ياقلاپ خەلققە بەخت كەلتۈرگۈچى شاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئىككىنچى قىسىمدا، يەنى «ئىقبالنامە» دە شائىر نىزامىنىڭ غايىۋى تەسەۋۋۇرى تولۇق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئىسكەندەر ۋەتىنى رۇمغا قايتىدۇ ۋە ئىران، ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن كىتابلارنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئۆز ئوردىسىغا ئارىستوتىل، سوقرات، ئەپلاتون، ۋەلىس، ھەرمىس قاتارلىق ئالىملارنى توپلاپ ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن ئىسكەندەر يۈز مىڭ ئەسكەر توپلاپ يىراققا يۈرۈش قىلىدۇ. ھەر تەرەپتىكى ئەللەرگە بارىدۇ. يەجۇج ـ مەجۇجلەرنىڭ يولىنى توسىغۇچى «سەدد» (تام) قۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئىسكەندەر گۈللەپ ياشنىغان، باي ـ كەمبەغەل بولمىغان، زۇلۇمدىن خالىي، ئادالەت ياقلانغان بىر مەملىكەتكە كېلىدۇ.

كىشىلەر پەقەت قېرىلىق يەتكەندە ئاندىن ئۆلىدۇ. ئىسكەندەر ئاخىر بەختىيار بىر جەمئىيەتنى تاپىدۇ ۋە قايتىشىدا شەھرىزوردا ۋاپات بولىدۇ ... دېمەك، نىزامىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر شەرقچە ئۇتوپىك جەمئىيەت مەنزىرىسىنى يارىتىدۇ.

نىزامىدىن كېيىن، شەرقچە ئۇتوپىيىنىڭ راۋاجى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى (1253 ـ 1325) نىڭ «خەمسە» سىگە كىرگۈزۈلگەن «ئىسكەندەر ئەينىكى» دە يەنە بىر بالداق كۆتۈرۈلدى، لېكىن ئۇنى ھەقىقىي كامالەتكە يەتكۈزگەن شەخس تۈركىي خەلقلەرنىڭ 15 ـ ئەسىردىكى بۈيۈك شائىرى، مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر نەۋائىي ئىدى.

نەۋائىي «سەددىي ئىسكەندەر» نى يېزىشتا نىزامىدىن بۇيانقى شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئىران تارىخىنى ۋە خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئىسكەندەرگە ئائىت قىسسەلەرنى تىرىشىپ ئۆگەندى. نەۋائىي ياراتماقچى بولغان ئۇتوپىك جەمئىيەتنىڭ كارتىنىسى بولسا ئىران باياۋانلىرىدىن تارىم ئويمانلىقلىرىغىچە بولغان خەلقلەر ئارزۇ قىلغان غايىۋى جەمئىيەت ئىدى. داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە ئىسكەندەر بىر يۇرت ياكى بىر مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل يەر يۈزىنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇ ئىستىبلاچىلىق مۇستەبىتلىكنى ئەمەس، بەلكى بىلىم ئادالەت ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان، تىنچ ۋە ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرگەن، غايىۋى باياشات جەمئىيەتنى ئىزدىگۈچى ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ قىرۋان دېگەن جايغا سورۇقچىلىق كەلتۈرۈۋاتقان يەجۇج ـ مەجۇجلەردىن مۇداپىئە كۆرۈپ، خەلقنى تىنچ ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن قەبىلە ۋە تائىپىلەردىن مىڭلىغان ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، غايەت زور سېپىل سالدۇرىدۇ. خۇددى نەۋائىي «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» دە ئېيتقاندەك: «ھەر تەقدىر بىلەن ئىسكەندەر پادىشاھ ئەردىكىم، ئاندىن بۇرۇنقى ۋە سوڭغى

سەلاتىن بۇگۇنگىچە ئۇل قىلغان ئىشنى قىلمادىلەر، ھەم ھەكىم ئەردى، ھەم ۋالىي، بەزى ئانىڭغا نۇبۇۋۋەت ئىسنادى ھەم قىلىپتۇرلەر، تۆرت يۈز ھەكىم ئانىڭ خىزمىتىدە ئەردىلەر. ئەفلاتون ئىلاھىي باشلىغ ۋە ئەرەستۇدەك ۋەزىرى بار ئەردى. سىككىز مىلك شاھ ۋە شاھزادە خىزمەتتىن قىلۇر ئەردىلەر ...» ⑪. دېمەك، نەۋائى پارس كىلاسسىكلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخىمۇ مۇھىمى ئەسەرگە تۈركىي سۈژىتلىرىنى قوشتى. بىز بۇ نۇقتىنى نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدىكى ئىسكەندەر بىلەن چىن خاقانى ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەردىن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئىسكەندەر بىلەن چىن خاقانى «شۇ» ئوتتۇرىسىدىكى سۈلھى تۈزۈشكە دائىر رىۋايەتلەردىكى زور ئورتاقچىلىقتىن چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. نەۋائى ئۆز داستانىدا ئىسكەندەر ئوبرازىنى يارىتىشتا خېلى زور دەرىجىدە مەھمۇت قەشقەرى خاتىرىلەپ قويغاندەك ئىسكەندەر ھەققىدىكى تۈركىيلەشكەن رىۋايەتلەر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇندىن باشقا نەۋائى يەنە بۇ داستاندا نىزامىغا ئوخشاش «پادىشاھسىز غايىۋى جەمئىيەت» ئىدىيالىنى ئەمەس، بەلكى يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» ئەسىرىدىكىگە ئوخشاش دۆلەتكە «ئادالەتلىك، بىلىملىك پادشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان» رېئال جەمئىيەت غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ نۇقتىدىن نەۋائى خۇددى رۇس ئالىمى بېرتىلس ئېيتقاندەك نىزامىغا ئەمەس بەلكى يۇسۇپ خاس ھاجىپقا يېقىنلىشىدۇ. نەۋائىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان كىلاسسىك شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ياكى كۆپ، ياكى ئاز ھالدا «ئىسكەندەرنامە» لەرنى يېزىشتى. 19 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن زايىت ئاخۇن پازىلباي 1881 ـ 1882 ـ يىللىرى يازغان «ئىسكەندەرنامە» ناملىق ئەسەردە ئاپتور نەۋائىي يازغان «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا قوللانغان سۈژىتنى ئاددىي ھالدىلا تەكرارلاپ قويماستىن، ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەسەرگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىيات، مۇلاھىزىلىرىنى قوشۇپ ئىجادىي ئىشلىگەن. خەلق ئېغىز ئەدەبىيات مىراسلىرىدا ئىسكەندەر ئادىل پادشاھ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. قىسقىسى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن باشلاپ تۈركىيلىشىشكە باشلىغان ئىسكەندەر ھەققىدىكى سۈژىتلار رابغۇزىنىڭ «قىسەسسۇل ئەنبىيا» ئەسىرى ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزغا تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

15 ـ ئەسىردىكى نەۋائىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانى ئىسكەندەر ئوبرازىنى تۈركىي ئەدەبىياتتىكى ئۆلمەس تىپقا ئايلاندۇردى.

## ئىزاھلار:

① تەبەرى: «تارىخى تەبەرىي»، 201 ـ بەت، ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى باستۇرغان نۇسخا، 1986 ـ يىل نەشرى.

②③④ «قۇرئان كەرىم»، ئىزاھات قىسمى، 303 ـ، 304 ـ، 617 ـ، 618 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى.

⑤ گاۋىن ھامبىلى [ئامېرىكا] «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تېزىسلىرى»، 38 ـ، 39 ـ بەتلەر، سودا نەشرىياتى 1994 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، غاپۇروف [تاجىكىستان] «تاجىكلار تارىخى»، 1 ـ كىتاب، 106 ـ، 107 ـ بەتلەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.

⑥ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن: «ئەلىشىر نەۋائى ۋە ‹سەددى ئىسكەندەر›»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىل، 4 ـ سان.

⑦⑧⑨ مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 135 ـ، 151 ـ، 152 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى.

⑩ «نىزامى گەنجىۋى خەمسەسىگە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر»، 8 ـ بەت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى، «پەن» نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى.

⑪ «ئون بەش توملۇق نەۋائى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 14 ـ توم، 202 ـ بەت.

# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى مىللىي تۈس ھەققىدە

## نۇرنىسا باقى

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئۇيغۇر خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئىنكاسى بولغان ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئەسىرلەر داۋامىدا پەيدىنپەي پىشىپ، تاۋلىنىپ، خەلق دانىشمەنلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ يېقىن ھەمراھى ۋە يېتەكچىسى، مەنىۋى مەكتىپى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن تىل، تەپەككۇر جەۋھەرلىرىدىن ئىبارەت.

ماقال - تەمسىللەر دۇنيانىڭ ھەممە قاتلاملىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل بەدىئىي قامۇس! ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلەردىن تارتىپ ئىجتىمائىي ھاياتلىقتىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكە قاتلاملىرىغىچە بولغان كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، ناھايىتى رەڭدار، چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار قانداقتۇر توغرىدىن - توغرا ئاددىي تىل بىلەن بايان قىلىنغان تۇرمۇش مەزمۇنلىرى بولماستىن، بەلكى قويۇق شېئىرىي پۇراق، يۈكسەك پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە تويۇنغان بولىدۇ. بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ ناھايىتى كىچىك بىر دائىرە ئىچىدە، يەنى مىللىي تۇرمۇشىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقال - تەمسىللىرى ھەققىدە دەسلەپكى تەسىراتىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

تۇرمۇش ناھايىتى كەڭ مەناغا ئىگە. ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى تۇرمۇش دېگەن مۇشۇ سۆزگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. تۇرمۇش ھاياتلىق، مەۋجۇتلۇق، ھەرىكەت، پائالىيەت، مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشى شۇ مىللەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدە — سەنئەتنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىدە، ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرلىرىدا، جۈملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ماقال - تەمسىللەردە ناھايىتى روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ توپ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولغان تارقىلىش، ئالمىشىش، ئۆزئارا سىڭىشىش خۇسۇسىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر مىللەت، بىر خەلقنىڭ ماقال - تەمسىللەر ئامبىرىغا جۇغلانغان بارلىق ماقال - تەمسىللەر جۇغلانمىسىنىڭ ھەممىسىنى پەقەتلا شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتلىق زېمىنىدىلا بەرپا بولغان دېيىشكە بولمايدۇ. دۇنيادا ساپ تىل، ساپ مەدەنىيەت بولمىغىنىدەك، بىر مىللەت ئىستېمالىدىكى ماقال - تەمسىللەرنىڭ ھەممىسىنى شۇ مىللەتنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئىنسانىيەت ماكان، زامان ۋە تىل شارائىتلىرى جەھەتتە روشەن پەرق، ئېنىق چەك، بەلگىلىك چېگراغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇرى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ نېگىزلىك قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى يەنىلا ئورتاقلىققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ماقال - تەمسىللەرمۇ مەدەنىيەتنىڭ پۈتكۈل ھادىسىلىرىگە ئوخشاش مىللەتلەر ئارا، ئەل ۋە

دۆلەتلەر ئارا تارقىلىش، تەسىر قىلىش، قوبۇل قىلىش، سىڭىشىش، ئۆزلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق ئىستېمالىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ھەممىسىنى، يەنى ئۇيغۇر خەلقى كۈندىلىك ھايات پائالىيەتلىرىگە تەدبىقلاپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشىنىڭ بىۋاستە روھىي زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولمايدۇ. بىز ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي شەكىللىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقال ـ تەمسىللەرنى تېپىپ چىقالايمىز.

مەلۇمكى، تۇرمۇش كەڭ ۋە بىپايان، ئەمما پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا نېگىزلىك ئوخشاشلىقلار بولغىنىدەك ئوخشاش، تۇرمۇش دېگەن بۇ ئۇقۇم ھەم كەڭ ئورتاقلىققا، ھەم روشەن خاسلىقلارغا ئىگە. شۇڭا ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار ھەم ئورتاقلىققا، ھەم روشەن مىللىي خاسلىققا ئىگە.

كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا، كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىلەردە، ئائىلە، نىكاھ، قائىدە ـ يوسۇنلاردا، تەربىيىلەش ۋە تەربىيىلىنىش جەريانلىرىدا ماقال ـ تەمسىللەردىن ئايرىلالمايدۇ.

ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقال ـ تەمسىللەر ناھايىتى نۇرغۇن. ئۇيغۇر خەلقى كۈندىلىك تۇرمۇشتا يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى مىللىي مەدەنىيەت تۈسى بىر قەدەر قويۇق مىللەت. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تاكى پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، بايرام ـ مۇراسىم، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، پەرداز قىلىش، ياسىنىش، باردى ـ كەلدى مېھماندارچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن خاسلىققا، قويۇق مىللىي مەدەنىيەت تۈسىگە ئىگە مىللەت. ئۇيغۇر خەلقى ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنى يارامىلىق، ئالىي پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن خەلق.

بالاڭنى كۆر، جېنىڭنى كۆر،
بالىلىق ئۆي بازار،
بالىسىز ئۆي مازار.
بالا بولسا شوخ بولسا،
شوخ بولمىسا يوق بولسا.
بالا دېسەم بالا بولدى،
قىزىم يەپ قىرغا چىقتى،
ئوغلۇم يەپ ئۇۋغا (چىقتى).
قازاننىڭ قايىنىشىغا باق،
بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق
قاغا بالام ئاپپاق،

كىرپە بالام يۇمشاق.
بالاڭنى چوڭ قىلىپ موللىغا بەر،
موللىدىن ئېلىپ ئوردىغا بەر.
بارى يوقى بىر بالام،
باش كۆزى تاز بالام.
قىزنىڭ ئۆزلىقى ئانىغا تالىق،
ئوغۇلنىڭ ئۆزلىقى ئاتىغا (تالىق).
بېشى باش بولغاي، ئايىغى تاش بولغاي.
چاقمنى بۆزغان تانىسى،
قىزنى بۆزغان ئانىسى.

يۇقىرىقى ماقال ـ تەمسىللەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە بولغان قىزغىن دىل كۆيەرلىكى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز باللىرىدىن پەخىرلىنىش ۋە خۇشاللىق تېپىشى، ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى، ئۇلارغا سىڭدۈرگەن

ئەجىر - مۇھەببىتى، ئۇلاردىن يېگەن دەشنەم ئازارلىرىنىڭ يۈرەك زەردىسى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن سىڭدۈرۈۋېتىلگەن.

بۆشۈك بالىسى، بەگ بالىسى.

مۇشۇ ماقال - تەمسىلنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بۆشۈك دېگەن مۇشۇ سۆزنىڭ كەينىگە ئۇيغۇر دېگەن بىر ئۇقۇم سىڭگەن. مۇشۇ بۆشۈككە ئۇيغۇر پەرزەنتى بۆلەنگەن. مانا بۇ ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشىنىڭ روشەن نامايەندىسىدۇر.

بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە بەر.

بۇ ماقال - تەمسىلدە بالىلارنىڭ ئىلىم - ھېكمەت ئىگىلىشىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماي، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭمۇ مەكتەپكە ئوخشاشلا ئىلىم ماكانى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. مەشرەپ ئۇيغۇرلارغا خاس بىر خىل مەدەنىي پائالىيەت. ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشىنىڭ سەنئەتلىك كۆرۈنۈشى.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە ئائىلە - نىكاھقا، ئەر - خوتۇنچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە بېغىشلانغان ماقال - تەمسىللەرنى ئۇچرىتىمىز. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھەم ناھايىتى كىچىك، ھەم ناھايىتى مۇھىم ھۈجەيرىسى. بىر ئائىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش مۇمكىن.

ياخشى ئۆي بىر جەننەت،
ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن،
ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن.
خوتۇن ئەرگە قارايدۇ،
ئەر يەرگە قارايدۇ.
خوتۇنىنىڭ قانىتى ئەر،
ئەرنىڭ قانىتى يەر.
يارىمىنىڭ تىللىغىنى چىللىغىنى،
بەرمەس قىزنىڭ تويلىقى ئېغىر.
مېلىڭ يېگەك چىقسا بەردى خۇدا،
خوتۇنۇڭ يېگەك چىقسا ئۇردى خۇدا.
چىنە بولسا دەزى بولمىسا،
يىگىت بولسا قەرزى بولمىسا.
ئەر كۈنلىسە ئۆي تۈزىلەر،
خوتۇن كۈنلىسە ئۆي بۇزىلار.
ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ ياخشى،
ئۆككۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ (ياخشى).
ئەمتىكام ئاچچىق،
نەشپۈتى تاتلىق.

بۇ ماقال - تەمسىللەر ئائىلە، نىكاھ، ئەر - خوتۇنلار مۇناسىۋىتى، سەمىمىي - ساداقەت، مېھرى - ۋاپا ھەققىدىكى ناھايىتى قىممەتلىك دەرسلىك. بىز بۇ ماقال - تەمسىللەرنى ئوقۇغۇنىمىزدا تۈرلۈك - تۈمەن ئائىلىلەردىكى تۈرلۈك - تۈمەن ھادىسىلەرنى چۈشىنەلەيمىز ۋە ئائىلە، نىكاھ ئىشلىرىنى تەرتىپلىك، نورمال، بەخت - ئاسايىشلىق ئىچىدە بەرپا قىلىشقا ئۈرنەك ئالالايمىز.

قېينانام كەلسە كەلسە،
چار خالتىسى كەلمىسە.
ئېشەك ئالساڭ سوقتىياقتىن ئال،
خوتۇن ئالساڭ ئويتوغراقتىن ئال.

دېگەن ماقال - تەمسىللەردىن قويۇق مىللىي پۇراق ۋە يەرلىك پۇراق گۈپۈلدەپ تۇرىدۇ. «ئۆيتوغراق» ۋە «سوقتىياق» دېگەنلەر جاي ئىسىملىرى بولۇپ، بۇلار كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئىككى كەنتى. بۇ يۇرت خەلقى سوقتىياق كەنتىنىڭ ئىشەكلىرى يارامىلىق، مەزمۇت، ئۆيتوغراقنىڭ خوتۇنلىرى ئىشچان، قانائەتلىك كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. مانا مۇشۇنداق چۈشەنچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنى قويۇق يەرلىك پۇراق، يەرلىك ئادەت چۈشەنچىسىدە ئىپادە تاپقۇزغان.

نان ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىدىكى ئەڭ ئاساسلىق يېمەكلىك. نان ۋە تونۇر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيىتى. نان دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەردە بولماسلىقى مۇمكىن. نان مېھماندوستلۇقنىڭ بەلگىسى. مېھماننىڭ ھۆرمىتى. ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئۇيغۇرلاردا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نان ئىنتايىن قەدىرلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار مېھمانلارغا ئالدى بىلەن نان ئەكىلىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدا ئۇلارنى بەختلىك بولسۇن، دەپ تۇزغا چىلانغان ناننى يېگۈزىدۇ. ناننى شىپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچىشىدۇ. نانغا بولغان مۇشۇنداق ئۇلۇغلاش ئېتىقاد نەتىجىسىدە ناننى ئۇلۇغلايدىغان ماقال - تەمسىللەر مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن:

نان — ئىمان.
نان دېمەك، جان دېمەك.
ئىككى نان تاپسا بىردە داپ چاپتۇ.
نان بەرگەننىڭ قولىنى چىشلەپتۇ.

نان بەرگەنگە جان بەر.
نېنى يوقنىڭ جېنى يوق.
تۇزسىز نان تونۇردا تۇرماس.

قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلقى يېمەك - ئىچمەك، ئاش - تائام ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماي، ئۇنى ناھايىتى قەدىرلەيدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن تاكى ناندىن تارتىپ تائامنىڭ ھەربىر تۈرىگىچە ئۇنى ئېتىش، يېيىش ۋە ئۇنى قەدىرلەش ھەققىدە نۇرغۇن ماقال - تەمسىللەرنى ئىجاد قىلغان.

پولو قورۇشتىن ئوخشايدۇ،
شورپا سورۇشتىن (ئوخشايدۇ).
ئۈگرە ئۆرۈلسە پىشار،
چۆپ چۆرۈلسە (پىشار).

كالا پېتىنقا ياخشى،
قوناق نېنى قېتىنقا (ياخشى).
سەن ئوبدان، مەن ئوبدان،
تونۇر ئوبدان، نان ئوبدان.

يۇقىرىقى ماقال - تەمسىللەر ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە خاس چۈشەنچىلەرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى بولغان ماقال - تەمسىللەردىكى روشەن ئىپادىسى.

دېمەك، ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قويۇق مىللىي پۇراق، مىللىي ئالاھىدىلىك، يەرلىك تۈسكە ئىگە ماقال - تەمسىللەرنى قېزىش ۋە تەتقىق قىلىش ناھايىتى چوڭ تېما، يىرىك ئەمگەك. مەزكۇر ماقالا ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى تار تارمىقى ھەققىدىكى ناھايىتى ئاددىي، يۈزەكى چۈشەنچىدىنلا ئىبارەت. بۇ خىلدىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ.



1



2



3



4




源泉（布拉克）（维吾尔文）总 75 期 (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 75 - سان

بۇلاق

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65—1050/1
本刊代号：58—108 定价：4.50元
ISSN 1005—0876/国外代号：Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى: 108 — 58. باھاسى: 4.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118

ISSN 1005-0876

12 >

9 771005 087006